تۈزگۈچى : ياڭ شېڭمىن

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇنجى ئېتىقاد
قىلغان خانى ساتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى ( ھازىرقى ئاتۇشتا )





بېشبالىق شەھىرى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر بۇددا ئىبادەتخا-
نىسى ( ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىدە )





بېشبالىق شەھىرى خارابىسى ( ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىدە )





ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ پايتەخت خارابىسى ( ھازىرقى تۇرپاندا )

# ئاپتور ھەققىدە

ياڭ شېڭمىن، خۇيزۇ، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ سۇيجۇڭ دېگەن يېرىدىن. 1951-يىل 11-ئايدا تۇغۇلغان. 1982-يىلى غەربىي شىمال داشۆسىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1985-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ مىللەت تەتقىقات ئورنىدا ئاسپىرانتلار سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى مىللەت تەتقىقات ئورنىنىڭ لېكتورى. ئۇيغۇر تارىخى، غەربىي شىمال تارىخى ۋە جۇڭگو ماددىي مەدەنىيەت تارىخى، مائارىپى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھازىرغا قەدەر «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئۇلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «شاجۇ ھاكىمىيىتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى»، «دۇنخۇاڭدىكى P3633 — نومۇرلۇق تۇرۇك ماتېرىيال ئۈستىدە تەتقىقات — قوشۇمچە ھەققەتكە قايتقان جاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋىتى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش — قوشۇمچە قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەرقى» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

# تەرجىماندىن

قارا بالغاسۇننى پايتەخت قىلغان ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى مىلادى 840-يىلىدىكى تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەل ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس ئىچكى ئۇرۇشلار تۈپەيلى ئاجىزلاپ، شۇ يىلى قىرغىز ئاتلىق قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىندى. خاقانلىق تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچ تارماق بويىچە قۇملۇقنىڭ جەنۇبى، خېشى كارىدورى ۋە غەربىي يۇرتلاردىكى بېشبالىق، كۇچا، تۇرپان، يەتتىسۇ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ شۇ نۆۋەتتىكى چوڭ كۆچۈشتىن كېيىنكى تەقدىرى ھەممە ئۇلار ئايرىم ھالدا قۇرغان گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى، ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسى توغرىسىدا ۋە ئۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇرمۇشقا ئۆتۈپ، تەدرىجىي يوسۇندا بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ھەققىدە ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملار نۇرغۇن كىتابلارنى يازدى. ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، ئۇرۇق، جەمەت، قەبىلە ھالىتىدە باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى، ئۇلار قۇرغان قەبىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، ئۇلارنىڭ تىل-يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى، ھۈنەر-سەنئىتى، ئۆرپ-ئادىتى، غەربىي يۇرۇشلىرى، يىپەك يولىدىكى قاتناش ۋە سودا-تىجارەتلىرى، ئۆز ئەتراپىدىكى قوشنا مىللەتلەر بىلەن

بولۇپمۇ بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار پەقەت خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەنلا چەكلەندى. بۇلارنىڭ بىر بۆلىكى ۋە ئايرىم تەتقىقاتچىلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ھەمدە ئايرىم ماقالىلەرنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋردىن مىلادى 840-يىلىغا كەلگۈچە ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر مەيلى ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ بولسۇن، مەيلى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بولسۇن، كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلمىدى. مۇشۇلارغا كۆرە تەتقىقات ۋە نەزەرىيە ساھەسىدە بەزى خاتا قاراشلار باش كۆتۈردى. بەزى قالايمىقانچىلىقمۇ كېلىپ چىقتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يېزىلغان ۋە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» دېگەن بۇ كىتاب، دەل بىز يۇقىرىدا قەيت قىلغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى ۋە تارىخ تەتقىقاتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، ئىدىيىدىكى قالايمىقانچىلىقلارغا خاتىمە بەردى.

«قەدىمكى ئۇيغۇرلار»نىڭ ئاپتورى ياڭ شېڭمىن ئەپەندى قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئورۇقچىلىق دەۋرىدىكى ئەھۋالىنى، ئۇلار ياشىغان مۇھىتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى، قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى، ھەربىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلىرىنى تارىخىي ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەھلىل قىلغان. ئاپتور ئۆز كىتابىدا ئېلىمىزدىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن ماتېرىيال ۋە ھۆججەتلەردىن، ھەتتا قەدىمكى پارس، ئەرەب رايونلىرىدىكى ۋە غەرب ئەللىرىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان ۋە ئۇلارنى قېزىۋېلىنغان تارىخىي يادىكارلىقلار، تاش ئابىدىلەر بىلەن

بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى مۇستەقىل قاراشلىرىنى نىسبەتەن ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، بۇ كىتابنى خېلى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە كىتاب دەپ ئېيتالايمىز.

ياڭ شېڭمىن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» دېگەن بۇ كىتابى ئەسلى كىتابقا سادىق ۋە بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىش ئۇسلۇبى بويىچە ئىشلەندى. كىتابتىكى تارىخىي شەخسلەر، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئەمەل-مەرتىۋە ناملىرى، يەر-جاي ناملىرى، قەبىلە ۋە مىللەت ناملىرى، نەقىل كەلتۈرۈلگەن كىتابلار، تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇزۇندىن بېرى قوللىنىپ كەلگىنى بويىچە ئېلىندى. بىرلا ئاتالغۇ، يەنى تارىخىي باسقۇچلاردا ھەر خىل نام بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خەنزۇچە ئىسمى بىر تۇتاش ھالدا «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» دېيىلدى. ناۋادا سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بەزى خاتالارغا يول قويغان بولسام، تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ سەممىي تەنقىد قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ................ 1

1. يايلاقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قەدىمكى شەھەر ......... 1

2. 翟 (دى) نامىلىق قوش ۋە 狄 (دى)لار ......... 6

3. قىزىل تۇرالارنىڭ شىمالغا كۆچۈشى ۋە دىڭلىڭلار-
نىڭ جەنۇبقا كېلىشى ........................... 12

4. چىلى ( 敕勒 ) ۋە قاڭقىللار ( 高车 ) ...... 32

ئىككىنچى باب قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇشۇشى ۋە
ئۆسۈپ يېتىلىشى ................................ 45

1. توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر .................... 45

2. يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئۇيغۇر قەبىلىسى 51

3. شەرقىي تۈرك خاقانلىقى بىلەن بولغان كۈرەشلەر 56

4. سىرتاردۇشلار بىلەن ھاكىمىيەتلىك تالىشىش ... 80

5. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى ۋە يەنىرەن قورۇقچىبەگ
مەھكىمىسى ...................................... 87

6. بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشىدىكى ئالەمشۇمۇل
تۆھپە ............................................. 99

7. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ......... 108

8. كېيىنكى تۈركلەر دەۋرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ
دۆلەت قۇرۇشى ................................... 120

ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قۇرۇلمىسى
ۋە زېمىنى ........................................ 138

1. قەبىلە ۋە زېمىن.................................. 139

2. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى ............ 151

3. ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى 161
4. جەمئىيەت خاراكتېرى ........................ 175
5. نوپۇس ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىك ........................ 189
تۆتىنچى باب خاقانلىقنىڭ ئىقتىسادى ۋە ھەربىي
ئىشلىرى ........................ 197
1. گۈللىنىۋاتقان چارۋىچىلىق ........................ 197
2. جەڭگىۋار ئاتلىق ئەسكەرلەر ........................ 204
3. گۈللەنگەن سودا ........................ 216
4. قاتناش ۋە شەھەر-بازارلار ........................ 228
بەشىنچى باب خاقانلىقنىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى ........................ 255
1. تاڭ سۇلالىسى ........................ 255
2. تىبەتلەر ........................ 266
3. قىرغىزلار، قارلۇقلار ........................ 271
4. قىتانلار، قومۇقلار، تاتارلار ........................ 275
ئالتىنچى باب مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىندىكى
ئۆزگىرىشلەر ........................ 281
1. مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت ........................ 281
2. دىندىكى ئۆزگىرىشلەر ........................ 293
يەتتىنچى باب خاقانلىقنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئۇيغۇرلار-
نىڭ كۆچۈشى ........................ 322
1. خاقانلىقنىڭ يىمىرىلىشى ........................ 322
2. جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ........................ 326
3. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ........................ 329
4. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ........................ 333
5. يەرلىك ئاھالە بىلەن بىرىكىش ........................ 338
قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار يىلنامىسى 345

# بىرىنچى باب

## قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى

### 1. يايلاقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قەدىمكى شەھەر

پايانسىز موڭغۇل دالاسى ئەزەلدىن تارتىپ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ياشاپ كەلگەن جايدۇر. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى جوڭگو تارىخشۇناسلىرى بۇ مىللەتلەرنىڭ ھاياتىنى «قەيەردە ئوت-چۆپ، سۇ بولسا شۇ يەرگە كۆچۈپ»، «كەپە ۋە كىگىز ئۆي» نى ماكان قىلغانلار دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلاپ تەسۋىرلىدى. بۇ سۆز ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ، بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراشنى بارلىققا كەلتۈردى. نەتىجىدە ئادەملەر يۇقىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى يەنە بىر تەرەپكە يەنى شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭمۇ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقىغا، يايلاقتىكى بۇ تارقاق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ كۈچلۈك خاقانلىق بولۇپ ئۇيۇشقان چاغدا ئاۋات شەھەرلەرنىمۇ قۇرالايدىغانلىقىغا سەل قارايدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، بۇ شەھەر-بازارلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھەر قايسى دەۋردىكى تارىخىي كىتابلىرىدا تۈزۈك تىلغا ئېلىنمىدى. تاپقىلى بولىدىغان بەزى پارچە-پۇرات خاتىرىلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ تەپسىلىي بولمىدى.

مىلادى 1681-يىلى جوڭگوغا ئونجى بولۇپ كەلگەن روسىيىلىك ساياھەتچى ئىۋان. فىدىرىن تاشقى موڭغۇلىيە

يايلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، چۆلدەرەپ قالغان ئوت-چۆپلەر ئىچىدە تاسادىپىي چىلىقتۇرغان بىر مەنزىرىدىن ئىنتايىن ھەيران بولدى. ئۇ بىر نەچچە جايدىكى غايەت زور قەدىمكى شەھەر خارابىسىگە دۇچ كەلگەنىدى. ئۇ «(بۇ قەدىمكى شەھەر) تۆت چاسا ياسالغان، ھەربىر بۇرجىكىگە سۇپا ئورنىتىلغان ناھايىتى چوڭ كۆزىتىش مۇنارى بار. شەھەر سېپىلىنىڭ تۆۋەن قىسمى سىلىقلانغان قورام تاشلاردىن قوپۇرۇلغان، ئۈستىگە پىششىق خىش بېسىلغان . . . ئوردا ھويلىسىدا پاكار-پاكار خىش تاملار بار، ئوردىنىڭ تورۇسى ھەر خىل رەڭدىكى كۆركەم كۆرۈنۈشلەر بىلەن ناھايىتى رەتلىك بېزەلگەن، كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەرگىزمۇ كەتكۈسى كەلمەيدۇ» ① دەپ يازغان.

لېكىن، ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمە كۆز قاراش تۈپەيلى، ئادەملەر ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى بايانلىرىدىن گۇمانلاندى. 1949-يىلىغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بۇ يەردىكى يايلاقتىن ناھايىتى زور بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى قېزىپ چىقتى. بۇ شەھەر ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومېتر ئىدى. پۈتۈن شەھەر ئىچكى-تاشقى شەھەر ۋە ئوردىدىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنگەنىدى. ئىچكى شەھەر بىر كۋادرات كىلومېتر بولۇپ، ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان؛ ئادەملەر زىچ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. ئوردا شەھىرىنىڭ كۆلىمىمۇ بىر كۋادرات كىلومېتر كېلەتتى. ساقلىنىپ قالغان سېپىل خارابىسىنىڭ ئېگىزلىكى ھېلىھەم ئون مېترغا يېتەتتى. ئوردا شەھىرىنىڭ ئىچىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنىڭ ئېگىزلىكىمۇ ئون ئىككى مېتردىن ئاشاتتى. ئوردا شەھىرىنىڭ مەركىزىدە خۇددى يايلاقتا نەزەر سالغاندەك چوقچىيىپ تۇرىدىغان «لەشكەرگاھ تۆپىلىك» يەنى كۆزىتىش مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى ئون تۆت مېتر كېلەتتى. ئارخېئولوگلار ئوردا شەھىرىنىڭ

ئىچىدىن ئوردا خارابىسىنىمۇ تاپتى. بۇ قورۇلۇشنىڭ ھەممە جايى نەپىس ھەيكەل كاھىشتىن ياسالغانىدى. مۇنداق زىننەتلەش تاڭ دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە تەئەللۇق تىپىك مىسال ئىدى. ئوردا شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە جايلاشقان قاراۋۇل مۇنارىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنى قىدىرىش ۋە قېزىش ئارقىلىق بۇ يەردە كۆپ قەۋەتلىك بىنالارنىڭ بولغانلىقى، ئىسسىتىش ئەسلىھەلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى، تاملارنىڭ سېمونت بىلەن سۇۋالغانلىقى ھەمدە ئىنچىكىلىك بىلەن بېزەلگەن برونزا ئىشىكلەرنىڭ بارلىقى، ساپال تۇرۇبىلار ۋە مەرمەردىن ياسالغان قاپارتما ھەيكەللەرنىڭ بولغانلىقى بايقالدى. بۇ قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن كاھىشلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدىكى كاھىشلارغا ئوخشاپلا قالماي، بەلكى ئىشىكنىڭ بېزىلىشىدىكى ئوخشاشلىقمۇ تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ ئىدى.

ئوردا شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بۇتخانىلارمۇ بار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگلىرى بۇلار ئېھتىمال مەخسۇس يۇسۇندا ھۆكۈمرانلارنىڭلا پايدىلىنىشى ئۈچۈن سېلىنغان بۇتخانىلار بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى. ئىچكى شەھەر بىلەن ئوردا شەھىرىدىن باشقا، يەنە ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھويلا-ئارامىلار ۋە مۇۋاپىق پىلانلانغان كوچىلار بار ئىدى. شەھەرنىڭ تاشقى سېپىلىنىڭ سىرتىدا كەڭ كەتكەن ئېتىز-ئېرىق ۋە يېزا-مەھەللىلەر كۆزگە چۈشەتتى. مەھەللىدىكى ھەممە ئۆيدە دېگۈدەك ئاشلىقنى يارما قىلىشتا لازىم بولىدىغان ئۆرە سۇپا ياكى يارغۇنچاقلار بار ئىدى. ئادەملەر شەھەر ئىچىدىكى كوچىلاردىن ئادەتتىكى تۇرالغۇ ئۆي ۋە ھەر خىل مانۇفاكتۇرلارنىڭ (قول ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىنغان ئورۇن) خارابىسىنى قېزىپ تاپتى. خارابىلىكتە ھەر خىل ساپالدىن ۋە مىتالدىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى، شۇنداقلا قول ھۈنەر سايمانلىرى بىلەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق يادىكارلىقلار بايقالغان.

خارابىلىكتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن قەستەن ۋەيران قىلىنغانلىقى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىدىرىلغان ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا، ئالايلۇق، قەلئە، قاراۋۇل مۇنارى، بۇتخانا ۋە شەھەرنىڭ باشقا رايونلىرىدا ئوتتا كۆيگەن يەر پوستى ۋە كۆيۈك ئىزلىرىنى چېلىقتۇرغىلى بولاتتى. كىشىنىڭ تېخىمۇ دىققىتىنى قوزغايدىغان بىر ئەھۋال شۇ ئىدىكى، مەيلى شەھەر ئىچىدە ياكى شەھەر سىرتىدىكى تېرىقچىلىق رايونلىرىدا بولسۇن، ھەممە يازغۇنچاق ۋە ئۆرە سۇپىلارنىڭ بىرىمۇ قالماي بۇزۇۋېتىلگەنىدى. قەبرىستانلىقتىكى تاش ئابىدىلەرمۇ ئۆرۈۋېتىلگەن ۋە چېقىۋېتىلگەنىدى. قەدىمكى شەھەردىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى مىس يارماقلانىڭ ئىچىدە ئەڭ كېيىن قۇيۇلغانلىرى مىلادىنىڭ 840-يىلى، يەنى تاڭ ۋېنزۇڭ كەيچېڭنىڭ 5-يىلى قۇيۇلغانىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرگە ئائىت نەرسىلەردىن بىرىمۇ يوق ئىدى②. بۇ، قەدىمكى شەھەرنىڭ ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. بىر زامانلاردىكى ھەيۋەتلىك چوڭ قەدىمكى شەھەردىن ئېشىپ قالغىنى پەقەتلا ئىمتاسلىق بىلەن قاقاسلىقلا ئىدى، خالاس. بىراق، بۇزۇلغان تام ۋە قالايمىقان ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر ئىچىدە چېچىلىپ ياتقان چىرايلىق كاھىشلار، مىس جابدۇقلار ۋە تاش ئويمىلار ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ھەشەمەتىنى سۆزلىگەندەك قىلاتتى. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىگىسى كىم بولغىيدى؟ ئۇ قانداقلارچە ۋەيران بولغان بولغىيدى؟

قەدىمكى شەھەرنىڭ ئۆزى ئادەملەرنى جاۋاب بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇردا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قەبرىستانلىقىدا ۋەيرانە ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان قەبرە ئابىدىلىرىدىكى تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى بىلەن يېزىلغان خەتلەر ئادەملەرگە قەبرىنىڭ ئىگىسىنى قەيت

قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ شەھەرنىڭ خوجايىنىنىڭ سالاھىيىتىنىمۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە شانلىق ئىزلىرىنىمۇ ئىزاھلاپ بەردى. بۇ ئۇيغۇر خاقانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى ئىدى. بۇ قەدىمكى شەھەر بولسا ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇن ئىدى. بۇ شەھەر مىلادى 744-يىلدىن 840-يىلغا قەدەر (تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ 3-يىلىدىن كەيچېڭنىڭ 5-يىلىغىچە) پۈتۈن موڭغۇل دالاسى، جەنۇبىي سىبىرىيە، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ھەتتا غەربتە يەتتىسۇ ③ ۋادىسىغىچە بولغان غايەت زور بىر ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى بولغانىدى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ مۇشۇ كەڭ زېمىننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يوللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، ئوتتۇرا ئاسىياغا، سىبىرىيىگە ۋە چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ شەرقىگە قەدەر تۇتىشاتتى. يول بويلاپ چوڭ-كىچىك شەھەر-بازارلار ۋە ئۆتەڭلەر بار ئىدى. كارۋانلار، ئەلچىلەر، دەرۋىشلەر، سەيياھلار تەرەپ-تەرەپتىن بۇ شەھەرگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئېگىز سېپىل ئىچىدە ھەيۋەتلىك سارايلار، بۇتخانىلار، رەتلىك لايىھىلەنگەن كوچىلار، سودا بازارلىرى، ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى قول سانائەت مانۇفاكتورلىرى، ئەمەلدارلار مەھكىمىسى، گازارمىلار جايلاشقانىدى. شەھەر ئەتراپىدىكى ئېتىز-ئېرىقلارنىڭ باش-ئايىغى كۆرۈنمەيتتى. سان-ساناقسىز چىغىر يوللار، ھەددى-ھېسابسىز ئېرىق-ئۆستەڭلەر، بىر-بىرىگە يېقىن كەنت-مەھەللە-لەر بار ئىدى④.

تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇ يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، گۈللەپ-ياشنىغان بۇ كۆرۈنۈش مىلادى 840-يىلغا كەلگەندە شىمال تەرەپتىكى قىرغىز خاندانلىقىنىڭ يۈز مىڭلىغان ئاتلىق لەشكەرلىرى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنغانىدى.

ئۇلار يالغۇز خاقانلىقنىڭ پايتەختىنى كۆيدۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى پۈتۈن خاقانلىقنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىغانىدى. ⑤.

مىڭ يىلدىن ئىلگىرىكى يىراق قەدىمكى دەۋردە ياشىغان ئۇيغۇرلار بۇ پايانسىز يايلاقتا قانداق قىلىپ راۋاجلانغان ۋە زورايغان ھەمدە مۇشۇنداق بىر ئاۋات، گۈللەنگەن، زېمىنى كەڭرى خاقانلىقنى قۇرۇپ چىققان بولغىيدى؟ خاقانلىق مۇشۇ دەرىجىدىكى زور تالاپەتكە يولۇققاندىن كېيىن، ئۇلار قانداقلارچە تۈگىشىپ كەتمەي، ئەڭ ئاخىرىدا بۈگۈنكى ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى، يۇگۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن بولغىيدى؟

## 2. 翟 (دى) نامىلىق قۇش ۋە 狄 (دى) لار

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتنىك كېلىش مەنبەسى شىمالىي دى (狄) لارغا ياتىدۇ. شىمالىي دىلار ئېلىمىزدە ئەڭ بۇرۇن ياشىغان بىر نەچچە قەدىمكى مىللەتنىڭ بىرى. مىلادىدىن 2000 يىل ئىلگىرى، ئۇلار ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەمدە خۇاشيا مىللىتىنىڭ ئايرىم قەبىلىلىرى بىلەن قوشنا بولۇپ ئۆتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىرقىي ياكى تاشقى قىياپىتى خۇاشيا مىللىتى بىلەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ئىدى⑥. لېكىن، ئۇلارنىڭ تىلى ئوخشاشمايتتى. ئىككى تەرەپ بېرىش-كېلىش قىلغاندا «تىلماچ» لارنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشىغا موھتاج بولاتتى⑦. ئۇلار «چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان، چاپىنىنى سول بېقىنى تەرەپتىن تۈگمىلەيدىغان»⑧، «قېنى قاچمىغان كېسەل» گۆشلەرنى توزۇكىرەك پىشۇرمايلا يەۋېرىدىغان ئادەملەر ئىدى. قائىدە-يوسۇنلىرىمۇ خۇاشيا مىللىتىنىڭكىگە قارىغاندا ناھايىتى ئاددىي ئىدى. شۇڭا جۇڭيۈەن ۋاڭ ئۇلارنى «قارام-ھەمدە

يەڭگىلتەك، ئاچكۆز، باشقىلارغا يول قويمايدىغانلار» ⑨ دەپ مەسخىرە قىلىنغانىدى. ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى، يېزىقى يوق ئىدى.

شىيا، شاڭ دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ شىمال تەرىپىدە گويلار (ئۇيلار) دەپ ئاتىلىدىغان، خۇاشىيا مىللىتىگە يات بىر قەبىلە بولغانىدى. شاڭ ۋە جۇ دەۋرىگە كەلگەندە، گۇيلار قوۋمى دى ( 翟 ) ياكى دى ( 狄 ) دەپ ئاتالدى. ئالدىنقى چىن ۋە غەربىي، شەرقىي خەن دەۋرلىرىدە يۇقىرىدىكى دىلار «دىڭلىڭ» ( 丁零 )، دىڭلىڭ ( 丁灵 ) ياكى «دىلى» ( 狄历 ) دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. مىلادى III ئەسىردىن كېيىن يەنە «چىلى» ( 敕勒 ) ۋە «تېلى» ( 铁勒 ) دەپ ئاتالدى. بۇ سۆزلەر يېزىلىشىنىڭ ھەر خىل بولۇشىغا قارىماي، ئاھاڭ جەھەتتە بىر-بىرىگە بەك يېقىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر مىللەت نامىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاھاڭدىكى ئاتىلىشى ئىدى.

بۇ مىللەتنىڭ نامى ناھايىتى روشەنكى، باشقا بىر تىلدىن يەنى دىلار (تۇرالار) نىڭ ئۆز تىلىدىن كەلگەنىدى. ھالبۇكى، مىلادى VI ئەسىردىن بۇرۇن دىلار يەنى تۇرالارنىڭ يېزىقى بولمىغاچقا، بىزمۇ ئۇلارنى پەقەتلا خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي كىتابلارغا تەرجىمە قىلىپ ئېلىنغان نام بىلەن ئاتاپ كەلگەندۇق. مىلادى VI ئەسىردىن كېيىن تېلىلار تىلىنى تۈرك-رونىك ⑩ يېزىقى بىلەن يازىدىغان بولدى ھەمدە مۇشۇ يېزىقنى قوللىنىپ نۇرغۇن تاش ئابىدىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. بۇلاردىن بەزىلىرى تا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلدى. 1893-يىلى دانىيىلىك تىلشۇناس تومسېن ( V. Thomsen ) بۇ خىل سىرلىق يېزىقنى بىرىنچى بولۇپ ئوقۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى يەشتى. ئادەملەر شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ نامىنىڭ Türük ياكى Türk يەنى «كۈچلۈك» دېگەن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدى. دېمەك خەنزۇچە يېزىقتىكى 翟 ، 狄 ، 丁零 ، 狄历 ، 铁勒 قاتارلىق خەتلەرنىڭ

Türük ياكى Türk دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى
ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.
هالبۇكى، خەنزۇلارنىڭ بۇ مىللەتنىڭ نامىنى دى ( 翟 )
دېگەن خەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ يازغانلىقىدا، ئاھاڭنىڭ
ئوخشاپ كېتىدىغىنىدىن باشقا، يەنە بەزى سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى.
چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى مەزگىللەردىكى يازما ھۆججەتلەردە
تىلغا ئېلىنغان دى، يەنى تۇرالار، ئولتۇرۇشلۇق جايى، ئىسىم
فامىلىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قىزىل تۇرالار
( 赤翟 )، ئاق تۇرالار ( 白 翟 )، ئۇزۇن تۇرالار ( 长翟 )
دەيدىغان ئۈچ چوڭ قەبىلىگە ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، «توپ
تۇرالار» ( 众翟 ) دەپ ئاتىلىدىغان تارقاق تۇرالار قەبىلىسىگە
ئايرىلغانىدى. بەزى ئادەملەر تۇرا ( 翟 ) نىڭ يايلاقتىكى
ئىنتايىن چاققان ھەمدە يىراقا ئۇچالايدىغان گۆشخور قۇش
ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ كۆرگەنىدى. هالبۇكى قەدىمكى
كىتابلاردىمۇ ھەقىقەتەن قىزىل تۇرا ( 赤 翟 )، ئاق تۇرا ( 白
翟 ) دەيدىغان ھەر خىل تۇرا قۇشلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەرمۇ
بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ تۇرا قۇشلىرىنىڭ تۇرغان يېرى
مۇناسىپ نام بىلەن ئاتالغان تۇرالار قەبىلىسى ئولتۇراقلاشقان يەر
بىلەن ئاساسەن بىردەك ئىدى. مۇشۇ تۆپەيلى بەزىلەر قەدىمكى
كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن ھەر خىل تۇرا قۇشلىرى، ئەمەلىيەتتە
ئوخشاش بولمىغان تۇرالار قەبىلىسىنىڭ توتېمى، تۇرالار دەل
تۇرا نامى بىلەن ئاتالغان بۆركۈتلەرنى ياكى باشقا ئۇچار قۇشلارنى
ئۆزىگە توتېم قىلغان قەبىلە دەپ پەرەز قىلدى[11].
دىڭلىڭلار ئىچىدە، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ فامىلىسى
تۇرا ( 翟 ) ئىدى. تاكى 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت
ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، تۇرالارنىڭ ئەۋلادى بولغان ئۇيغۇرلاردا
بۆركۈتكە ئېتىقاد قىلىدىغان كۆز قاراش ساقلىنىپ قالدى. بۇ
ئەھۋال دەل ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادىنىڭ توتېمغا چوقۇنىدىغان

كەيپىياتىنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. تۇرالاردا يېزىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خۇاشيا مىللىتى ئۇلاردىكى ئۆزىگە مىللەت نامى ئورنىدا قوللىنىپ كەلگەن بۇ ئاھاڭنى دى ( 翟 ) دەيدىغان تەسۋىرىي ھەرپ بىلەن ئىپادىلىگەنىدى. دى ( 翟 ) دېگەن بۇ خەتنىڭ تەسۋىرىي شەكلى تۇرالار تۇتىم قىلغان ھەر خىل قۇشلارنىڭ شەكلى ئىدى.

تۇرالار ئەسلىدە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئوردوس يايلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشايتتى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز ھالدا شەرق ۋە جەنۇب تەرەپتىن تېخىمۇ كۆپ يايلاقنى ئىگىلەشكە مەجبۇرلىدى. شيا، شاڭ دەۋرىدە، ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زېمىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھەرقايسى جايلارغىچە كېڭەيدى. بۈگۈنكى شەنشى، خېبېي، سەنشىنىڭ شىمالىغىمۇ ئۇلارنىڭ ئايىغى يېتىپ باردى. نەتىجىدە ئۇلار خۇاشيا مىللىتىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى بىلەن ھەم قوشنا بولۇپ، ھەم ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى.

شاڭ، جۇ دەۋرىگە كەلگەندە، تۇرالار چارۋىچىلىقنى ئاساس، ئوۋچىلىقنى قوشۇمچە كەسىپ قىلغان بىر مىللەتكە ئايلاندى. يايلاقتا چېدىر تىكىپ، قەيەردە ئوت-چۆپ ۋە سۇ بولسا شۇ يەرگە كۆچۈپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولدى. مۇشۇ سەۋەبكە ئاساسەن، تارىخىي ماتېرىياللاردا: «شىمالىي تۇرالارنىڭ دۆلىتى ياكى پايتەختى يوق، ئەزەلدىن تارتىپ ئوت-چۆپ ۋە سۇنى قوغلىشىپ ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ سېپىل، قەلئە-ئوردىلىرىمۇ بولغان ئەمەس»⑫ دەپ خاتىرىلەندى. «يوسۇننامە. پادىشاھلىق تۈزۈم» دە «شىمالىي تەرەپتىكىلەر تۇرالار دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار تېرىدىن كىيىم كىيىدۇ. ئاشلىق ئىستېمال قىلمايدۇ» دەپ يېزىلدى.

ئېلىمىزدىكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ شىمالىي تۇرالارنىڭ خارابىلىكى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تۇرالار شاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىشلەتكەن ئاساسلىق سايمانلار ۋە ھەربىي قوراللار يەنىلا تاش قورال ۋە سۆڭەك قورالدىنلا ئىبارەت ئىدى، برونزا پىچاق، برونزا بىگىز ۋە برونزا باشاق ناھايىتى ئاز ساندا ئىدى. شاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە (مىلادى XIII ئەسىردىن ئىلگىرى) تۇرالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلدى. ئۇلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلاردىن قېزىۋېلىنغان برونزا قوراللارنىڭ سانى زور مىقداردا كۆپەيدى. بۇ سايمانلار ۋە قوراللار ئىچىدە قىسقا تىغلىق خەنجەر، برونزا پىچاق، برونزا بىگىز، برونزا شەمشەر، برونزا پالتا ۋە برونزا باشاقلار، تۇرمۇشقا لازىملىق سايمانلاردىن برونزا قوشۇق ۋە برونزا داشقازان بار ئىدى. ئەمىنىيە دەۋرىدە ئوردوس شەكلىدىكى برونزا قوراللار خېلى تەرەققىي قىلدى. يەنى تۈرى، سانى ۋە سۈپىتى جەھەتتە تازا گۈللەنگەن بىر باسقۇچقا يېتىپ كىردى. سايمانلار قاتارىدا پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈرنا تۇمشۇقلۇق پالتا ۋە كالتەكلەر پەيدا بولدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سايمانلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان برونزا پالمان، برونزا نەيزە، برونزا ئىلمەك ۋە برونزا ئەينەك قاتارلىقلارمۇ كۆپەيدى. ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرى ۋە برونزىدىن ياسالغان ئات جابدۇقلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن كېيىن، تۇرالار تۆمۈر قورال دەۋرىگە كىردى، ھەرخىل سايمانلار، ھەربىي قورال-ياراغلار، ئات جابدۇقلىرى ۋە تۇرمۇشقا لازىمەتلىك بۇيۇملار كۆپ مىقداردا تۆمۈردىن ياسىلىدىغان بولدى.

تۇرالار خۇاشيا مىللىتىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى بىلەن

قوشنا بولۇپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن قويۇق ئىدى. مۇشۇ تۈپەيلى ئالدىنقى چىن دەۋرىدىكى بەزى يازما ھۆججەتلەردە تۇرالار بىلەن خۇاشىيالارنىڭ ئەجدادى بىر دەپ خاتىرىلەندى. «تاغ - ئېزىملار قۇرئى» دا: «خۇاڭدىنىڭ نەۋرىسى شىجۇن، شىمالىي تۇرالار شىجۇندىن تۇغۇلغان» ⑬ دېيىلدى. بۇ خىل خاتىرىنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى ئېنىقلاپ چىقىش تەس بولسىمۇ، لېكىن تۇرالار بىلەن خۇاشىيا مىللەتلىرىنىڭ ئىرقىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى قويۇق مۇناسىۋىتىنى زور مىقداردىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق دەلىللەشكە بولىدۇ⑭. بۇنىڭدىن باشقا، تۇرالارنىڭ قوشنى توتېم قىلىش كۆز قارىشى بولغانغا ئوخشاش، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى قەبىلىلىرىدىن يىنلار بىلەن چىنلاردىمۇ ئاتا-بوۋىمىزنىڭ ئەجدادى قوش ئىدى دەيدىغان ئەپسانىلەر بار ئىدى. بۇمۇ يۇقىرىدىكى قەبىلىلەرنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋردىن تارتىپلا ئۆزئارا قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شاڭ، جۇ دەۋرىدە بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا قودىلاشقانلىقىغا دائىر مىساللار، تارىخىي كىتابلاردا كۆپلەپ قەيت قىلىنغانىدى⑮.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىزدىكى مەدەنىي يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى ئوردوسنى مەركەز قىلغان ھالدا شىمالدىكى يايلاق مەدەنىيەت خارابىلىرى ئۈستىدە ئۇزۇن مەزگىللىك قېزىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى. بۇ خارابىلىكلەردىن بىرونزا بىلەن قويۇلغان كۆپ مىقداردىكى ھەرخىل قورال-سايمانلار قېزىۋېلىنغاچقا، ئۇ «ئوردوس بىرونزا مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالدى. ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش ۋە دەلىللەش ئارقىلىق، دەسلەپكى مەزگىلدىكى «ئوردوس بىرونزا مەدەنىيىتى» ئېلىمىز ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تىيەن گۇاڭجىن، گوسۇشىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۇرالارنىڭ

مەدەنىيىتى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنىدى. «ئوردوس بىرۇنزا مەدەنىيىتى» مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتتىن باشلاپ تاكى ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە قەدەر ئىزچىل رەۋىشتە ئوردوس ۋە سەنشى، شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن ئىچكى موڭغۇل رايونىنى ئاساس قىلدى. تۇرالار بىلەن خۇاشىيا مىللەتلىرىنىڭ قويۇق بېرىش-كېلىش قىلىشى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. شەنشىنىڭ شىمالى، سەنشىنىڭ شىمالى ۋە خېبېينىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تۇرالار خارابىلىكىدىن دائىم دېگۇدەك شياڭ دەۋرىگە ئائىت قورال-سايمانلار تېپىلىپ تۇردى. تۇرالارنىڭ بىرۇنزا قوراللىرى، ساپال سايمانلىرى قاتارلىق قېزىپ چىقىرىلغان ئەسلىھەلەردە شەكىل ۋە نەپىسلىك جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلدى. روشەنكى، ناھايىتى كۆپ ساندىكى قورال-سايمانلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قورال-سايمانغا تەقلىد قىلىپ ياسالغانىدى. غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن دەۋرىگە كەلگەندە، ئىككى تەرەپنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى تېخىمۇ روشەن بولدى. تۇرالارنىڭ مۇشۇ دەۋرگە تەئەللۇق خارابىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قورال-سايمانلار ئارىسىدىكى پەرقنى ئايرىۋېلىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدىغان دەرىجىگە يەتتى⑯.

## 3. قىزىل تۇرالارنىڭ شىمالغا كۆچۈشى ۋە دىڭلىڭلارنىڭ جەنۇبقا كېلىشى

تۇرالار بىلەن شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يالغۇز تىنچ بېرىش-كېلىش بىلەنلا توختاپ قالمىدى، تارىخىي كىتابلاردا تېخىمۇ كۆپرەك خاتىرىلەنگىنى ئۇلارنىڭ

ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

تۇرالارنىڭ ئىپتىدائىي تۇرالغۇسى ئوردوس رايونى ئىدى⑰. لېكىن ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز ھالدا شەرق ۋە جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە مەجبۇرلىدى. شاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، تۇرالارنىڭ ئاياغ ئىزى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھەرقايسى جايلارغا قەدەر يېتىپ باردى. كېيىن تۇرالار قىزىل تۇرا، ئاق تۇرا ۋە ئۇزۇن تۇرا دەپ ئاتالغان نىسبەتەن زورراق بىرنەچچە قەبىلە گورۇھى بولۇپ شەكىللەندى. ھەتتا بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇزۇن تۇرالار قەبىلىسى بۇگۇنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئەنياڭ دېگەن يېرىگە قەدەر ئىچكىرىلەپ كىردى ۋە خۇاشيالارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى. تۇرالارنىڭ شەرق بىلەن جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن كۈچلىرى شىمالغا قاراپ كېڭىيىۋاتقان شاڭ، جۇ سۇلالىسىنىڭ كۈچى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى، نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە يۈز يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش كېلىپ چىقتى.

شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى قۇلدارلىق تۈزۈمى تازا ۋايىغا يەتكەن سۇلالىلەر ئىدى. قۇللار ئاساسلىقى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئۆزىگە مەنبە قىلاتتى. زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئادەملەرنى قول قىلىش ئۈچۈن، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى ئۈزلۈكسىز يوسۇندا ئۆز ئەتراپىدىكى مىللەتلەرگە ئۇرۇش قوزغايتتى. شاڭ سۇلالىسى گۇيلار (تۇرالار) ئۈستىگە نىسبەتەن زور كۆلەمدە ئىككى مەرتىۋە ھەربىي يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىقى شاڭ گاۋزۇڭنىڭ ۋۇدىڭ مەزگىلىدە يۈز بەردى. «پالنامە. ئوك چۈشكەن قورئى» دا: «گاۋزۇڭ گۇيلار تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ،

ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇلارنى يەڭدى» دەپ يېزىلغانىدى. كۈچلۈك شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاران تەستە ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىگەنلىكى، تۇرالارنىڭ خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە تىركىشىپ، كەسكىن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. شاڭ سۇلالىسى مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئارقىلىق تۇرالارنىڭ شەنشى، خېبېي رايونلىرىدىكى جەنۇبقا ئىلگىرىلەش كۈچىنى توسۇپ قالالىغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرالارنىڭ شىمالىي شەنشى تەرەپتىن گۇەنجۇڭ رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلىشى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. نەتىجىدە گۇەنجۇڭدا تۇرۇشلۇق جۇ قوۋمى بىلەن كەسكىن ئېلىشىش كېلىپ چىقتى.

ئەينى چاغدا جۇ قوۋمى شەنشىنىڭ بىن (بۇگۇنكى شۇنيىنىڭ غەربى) دېگەن يېرىدە ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى گۇگۇڭ دەنفۇ دېگەن كىشى ئىدى. قوشنا ئولتۇرغان تۇرالار قەبىلىسى ئۇلارغا ئۈزۈلدۈرمەي ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. «ماۋخېڭ-ماۋچاڭ نەزمىلىرىنىڭ يەشمىسى» دە: «گۇگۇڭ بىن دېگەن يەردە تۇراتتى، تۇرالار ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. گۇگۇڭ تېرە ۋە پۇل-پىچەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، لېكىن كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمىدى؛ ئىت-ئېشەك، ئات-كالىلارنى ھەيدەپ ئالدىغا چىقتى، لېكىن كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمىدى؛ ئالتۇن-تىللا، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا چىقتى، لېكىن كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمىدى؛ باشقا ئىلاج قىلالماي . . . چېكىنىپ چىقتى، لياڭشەن تېغىدىن ئۆتۈپ، چىشەن تېغىنىڭ قاپتىلىنى ماكان قىلىپ توختىدى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. گۇگۇڭ مۇشۇ قېتىمدىكى جەڭدە ھېچقانداق ئىلاج قىلالماي، بىن دېگەن جايىنى تاشلاپ، چىشەن تېغىنىڭ قاپتىلىدىكى جويۈەن دېگەن يەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ قەبىلە بارا-بارا كۈچەيدى، گۇگۇڭ

ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جى لى دېگەن كىشى ئولتۇردى، بۇ دەل شياڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇيى تەختكە چىققان مەزگىل ئىدى. جى لى شياڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرالارغا قارشى قايتۇرما زەربىگە ئۆتتى. «بامبۇك يىلنامە» نىڭ كونا نۇسخىسىدىكى خاتىرە بويىچە ئالغاندا: «ۋۇيىنىڭ 35- يىلى جۇ بېگى جى (جى لى) غەربكە يۈرۈش قىلىپ، گۇيلارنى، رۇڭلارنى تارمار قىلدى، تۇرالارنىڭ 20 نەپەر بېگىنى ئەسىر ئالدى»⑱. بۇ قېتىمقى جەڭ ناھايىتى چوڭ بولغان، گۇيلاردىن بەگ دەرىجىلىكلەردىنلا 20 ئادەم ئەسىرگە چۈشكەنىدى.

جۇ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زېمىنى يۇرۇتقىدىن تېخىمۇ كېڭەيدى. «جۇ سالنامىسى. ئەسىرلەر» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ دەسلەپكى مەزگىلدىلا 99 بەگلىكنى يوقاتتى، چېگرىدىكى بەگلىكلەردىن 652 نى ئۆزىگە قارام قىلدى. جۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى گوەنجۇڭ رايونىدا ئىدى. بۇ رايون تۇرالار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئوردوس يايلىقىغا يېقىن بولغاچقا، تۇرالار جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىدىغان مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ قالدى. جۇ سۇلالىسىنىڭ تۇرالارغا ئەڭ باشتىلا ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ كۆلىمى شاڭ دەۋرىدىكىدىن چوڭ بولدى. يەر ئاستىدىن چىققان جۇ دەۋرى مېتال پۈتۈكلىرىگە ئاساسلانغاندا، جۇ كاڭۋاڭنىڭ ۋاقتىدا گۇيلارغا قىلىنغان ئىككى قېتىملىق جەڭدە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىدىن ئۈچ نەپىرى قولغا چۈشتى، 5000دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىندى، 13 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ئەسىرگە چۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا زور مىقداردا جەڭ ھارۋىلىرى، ئات، كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلار غەنىيمەت ئېلىندى⑲. جۇ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى كېڭەيمىچىلىكى تۇرالارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. مۇشۇ سەۋەبتىن، غەربىي شىمالدىكى تۇرالارنىڭ جەنۇبقا ئىچكىرىلەش كۈچى توسۇلدى. ئوردوس يايلىقىنى مەركەز

قىلغان تۇرالار ھايات كەچۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۆچىنى شەرق بىلەن شىمالدىن ئىبارەت ئىككى نىشانغا قارىتىپ يۆتكىدى. شەرققە يۈزلەنگەن قوشۇن (ئاق تۇرالار) خېبېي بىلەن شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سەددىچىن سېپىلىنى بويلاپ تارقالدى. غەربىي جۇ ئوردىسى ئەمىنىيە مەزگىلىدە ئاجىزلاپ، ھەر قايسى بەگلىكلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە زومىگەرلىك تالىشىۋاتقاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاق تۇرالار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، بۈگۈنكى خېبېيغا كىرگەن ھەمدە كۈچلۈك تۇرالار دۆلىتى — جۇڭشەن دۆلىتىنى قۇرغانىدى. جۇڭشەن دۆلىتى ئەمىنىيە ۋە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى زومىگەرلىك تالىشىش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ دۆلەتتىكى تۇرالار تەدرىجىي ھالدا خۇاشىيا مىللىتى ئىچىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى.

شىمالغا كۆچكەن تۇرالارنىڭ بىر بۆلىكى ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تاغلىرىنى پائالىيەت مەركىزى قىلدى ۋە كېيىنچە ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قوشۇلۇپ كەتتى. يەنە بىر بۆلىكى (ئاساسلىقى قىزىل تۇرالارنىڭ بىر تارمىقى) ئۇدۇل شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇلار گوبىدىن ئۆتۈپ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى بىپايان دالاغا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.

تۇرالارنىڭ نىسبەتەن چوڭ بىر نەچچە قەبىلە گۇرۇھى ئىچىدە، قىزىل تۇرالار ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بىر تارماق ئىدى. قىزىل تۇرالار چوڭ كۆلەمدە شىمالغا كۆچۈشتىن ئىلگىرى سىبىرىيەنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن ئاز ئىدى، ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىدە روشەن پەرقلەر بار ئىدى.

يەنىسەي دەرياسى ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ غەربىي، شىمالدا

سىبىرىيە ئورمانلىقىدىن ئۇنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىغا قەدەر، جەنۇبتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى يايلاقلاردا ياشىغان ئادەملەر ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ ئالاھىدە بىر تۇرگە ياتاتتى. ئۇلار يايلاقلاردا ۋە تاغلىق رايونلاردىكى يايلاقلاردا ياشاپ، ئاساسلىقى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ چارۋا بېقىش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن، قوشۇمچە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىقى تېخى يېزا ئىگىلىكىدىن بۆلۈنۈپ چىقمىغانىدى. ئۇلار تېخى يايلاقتا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىشنى بىلمەيتتى. يۆتكىمەي باقىدىغان چارۋىلار يەم-خەشەكنىڭ قىسقىلىقى تۈپەيلى بەك كۆپ ئەمەس ئىدى. ئوۋچىلىقتىن كېلىدىغان نەرسىمۇ ناھايىتى چەكلىك ئىدى⑳. شۇڭا ئۇلار ئاساسەن بۇغداي قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا تايىنىپ جان باقاتتى، گۆش تولىمۇ ئاز ئىدى. ئاياللار ئىپتىدائىي يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىدا نىسبەتەن مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى تېخى ماتېرىئارخاللىق تۈزۈمدىن پاترىئارخاللىق تۈزۈمگە ئۆتۈش باسقۇچىدا ئىدى. ھەر قايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئادەم سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندىمۇ، بۇ مەزگىلدە 20 قەبرىدىن ئارتۇق بولغان ئۇرۇقداش جامائەت قەبرىستانلىقى ناھايىتى كەم دېگۈدەك ئىدى㉑.

يەنسەي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئاھالە موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئىدى. ئۇلار سىبىرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى، لېنا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشايتتى. ئۇلار يەنە ئاساسلىقى كۆل بويلىرى، دەريا جىلغىلىرى ۋە كەڭ ئورمانلىقلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش قامدايتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

مىلادى XI ئەسىرگە كەلگەندە، پۈتكۈل جەنۇبىي سىبىرىيە رايونىدىكى ئاھالىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت قىياپىتىدە روشەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئالدى بىلەن، بۇ رايوندىكى ئاھالىنىڭ نوپۇسى شىددەت بىلەن كۆپەيدى، يېڭىدىن كەلگەنلەر موڭغۇل ئىرقىدىن ئىدى، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى تۈپەيلى، يەنسەي دەرياسى ۋادىسىدا تۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ تاشقى قىياپىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. شۇ جايدىكى ئاھالىنىڭ باش سۆڭىكى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتىن، ئادەملەر شۇ جايدىكى ئاھالىنىڭ تاشقى ئالاھىدىلىكىنىڭ كۈنسايىن موڭغۇل ئىرقىغا قاراپ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، بۇ يەردە شىمالىي جۇڭگولۇقلار، شەرقىي شىماللىقلار ۋە كورىيىلىكلەرگە ئىنتايىن يېقىن بولغان بىر خىل ئالاھىدە تىپ شەكىللەندى㉒. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، پۈتكۈل جەنۇبىي سىبىرىيە رايونىنىڭ مەدەنىيىتىدىمۇ بىر خىل يېڭى قىياپەت ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى زور مىقداردىكى ئىنچىكە ئىشلەنگەن گۈزەل بىرونزا قورال ۋە ساپال سايمانلار ئىدى. بۇلار بىرونزا قىلىچ، يالمان، ئايپالتا، نەيزە، باشاق ۋە ساپال داڭقان، قۇمغان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ قورال-سايمانلارنىڭ شەكلى، سىزىقچىلىرى ۋە نەقىشلىرى ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىن قېزىۋېلىنغان شاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق بىرونزا قۇراللار بىلەن ئوخشاش ئىدى ياكى بولمىسا ئۇنىڭغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، بولۇپمۇ ئوردوس رايونىدىن تېپىلغان تۈرلەرنىڭ بىرونزا قوراللىرى بىلەن بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

بۇنىڭدىن سىرت، مۇشۇ مەزگىلدىن كېيىن، خارابىلىكتىكى قەبرىلەرمۇ توساتتىن زىچلىشىشقا باشلىدى، ھەتتا يالغۇز قەبرىلەرنىڭ كۆلىمىمۇ تۇيۇقسىزلا كېڭىيىشكە يۈزلەندى. ئارخېئولوگىيىلىك بۇ يېڭى ئەھۋالدىن ئادەملەر دەسلەپتە ھېچ

ئەرسىنى چۈشىنەلمىدى، ھەمدە بۇ يېڭى مەدەنىيەتكە «قاراسۇق مەدەنىيىتى» دەپ يېڭىدىن نام بەردى㉓. لېكىن ئادەملەر ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ يېڭى ئۆزگىرىشنى شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن تۇركۇم-تۇركۇملەپ كۆچۈپ كەلگەن تۇرالارنىڭ ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.

شىمالغا كۆچكەن تۇرالار، روشەنكى جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئولتۇرۇشلۇق يەرلىك ئاھالىدىن سان جەھەتتە خېلىلا كۆپ ئىدى. شۇ سەۋەبتىن يەنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاھالىنىڭ سىرتقى قىياپىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولدى، قەبىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ بۇرۇنقىدىن زىچلاشتى. تۇرالارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىمۇ يەرلىك ئاھالىگە قارىغاندا ئىلغار ئىدى. ئالايلۇق، ئۇلار قۇيغان بىرونزا قۇراللار ۋە خۇمداندا پىشۇرغان ساپال سايمانلار تېخنىكا جەھەتتىن يەرلىك ئاھالىنىڭكىدىن بەكلا تەرەققىي قىلغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىرونزا قورال-سايمانلارنى ئىشلىتەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىرونزا چاسا تەبەر، قىسقا خەنجەر، بىرونزا باشاق، ئەگرى ساپلىق قىلىچ ۋە قۇيرۇقلۇق شەمشەرلەر بىلەن قوراللانغانىدى. بولۇپمۇ ئۇلار ئاللىبۇرۇنلا دېھقانچىلىقتىن بۆلۈنۈپ چىققان كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولغاچقا، ئوت-چۆپ ۋە سۇ بار جايلارنى قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۇلارنى زور تۇركۇمدىكى مال-ۋارانغا ئىگە قىلغانىدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قولىدىكى چارۋا-مال مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ باققان چارۋا-ماللاردىن كۆپ ئىدى. مۇشۇ تۈپەيلى، ئۇلاردىكى نوقۇل ئۇرۇق-جەمەتلەر ياكى قەبىلىلەردىكى ئادەم سانىمۇ يەرلىك ئاھالىنىڭ سانىدىن بەكلا كۆپ ئىدى. ئۇلار ئاللىقاچان غايەت چوڭ ئۇرۇقداشلىق كوممۇنىسى بولۇپ ئۇيۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقىدا ئادەتتىكى ئەھۋالدىمۇ يۈز ياكى نەچچە يۈز قەبرە

بولاتتى㉔.

شىمالغا كۆچكەن تۇرالار ئاساسلىقى بايقال كۆلى بىلەن ئوب دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا ياشىدى (ئۇلار كېيىنچە غەربكە قاراپ سىلجىدى). ئۇلار تېز ئارىدىلا يەرلىك ئاھالە بىلەن بىرىكىپ كەتتى. تۇرالار ئوخشاش تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بىر پۈتۈن مىللىي گەۋدە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى بۇ يەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۆز ئارا ئوخشاشمايدىغان ئىقتىسادىنى، مەدەنىيەت قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى ھەمدە پۈتۈن جەنۇبىي سىبىرىيە رايونىنىڭ مەدەنىيىتىگە مىسلىسىز بىردەكلىك ئېلىپ كەلدى. بۇ ئادەملەر خەنزۇ يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن تارىخىي كىتابلاردا «دىڭلىڭلار»㉕، دەپ ئاتالدى. جەنۇبىي سىبىرىيىگە كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلار بىلەن موڭغۇلىيە دالاسى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا تارقىلىپ ياشىغان ئوخشاش مىللەت ئادەملىرى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆز ئارا ئوخشاشمايدىغان تەرەققىيات يولىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق كۈنسايىن ئوچۇقلاشتى ھەمدە ئۇلار تەدرىجىي ھالدا بىر-بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان مىللەت بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ خىل ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات يولى، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم تۇرۇۋاتقان تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتلىرى ئارىسىدىكى پەرقتىن كېلىپ چىقتى.

ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىنى موڭغۇلىيە دالاسى ۋە سىبىرىيە (ئىپتىدائىي ئورمانلىقى) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايونغا ئايرىشقا بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەبىئىي چېگرا سىزىقى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى تاغلىقلار ئىدى. بۇ تاغلىق شەرق تەرەپتە ھىنگان تاغ تىزمىلىرىغىچە، غەرب تەرەپتە ئالتاي تاغ تىزمىلىرىغىچە تۇتىشاتتى. شەرق بىلەن غەربىنىڭ ئارىلىقى 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئىدى، جەنۇب بىلەن شىمالىنىڭ ئارىلىقىمۇ نەچچە يۈز

كىلومېتىر كېلەتتى. بۇ تاغلىقنىڭ شىمالى نەچچە مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا سوزۇلغان سىبىرىيە ئىپتىدائىي ئورمانلىقى ۋە مۆتىدىل بەلباغ رايونى ئىدى، جەنۇب تەرىپىدە بولسا پايانسىز موڭغۇل دالاسى سوزۇلۇپ ياتاتتى.

تاغلىقنىڭ شىمالىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق بىلەن مۇزلۇق بەلباغ رايونلىرىدا ھاۋا كىلىماتى ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق ئىدى (قىش پەسلىدىكى تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇستىن 70 گرادۇسقىچە بولاتتى)، مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ جاينىڭ قىش پەسلى تولىمۇ ئۇزۇن ئىدى، يەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ئېرىمەيدىغان مۇزلۇق بولغاچقا، ئۇ يەردە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردىكى ھايۋانلارمۇ جەنۇبتىكىگە سېلىشتۇرغاندا كەمچىل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قولايسىز بولغانلىقتىن، قەدىمكى دەۋردە بۇ يەردە ياشايدىغانلار كەمدىن كەم ئىدى. تاكى يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زاماندىمۇ، بۇ رايوندىكى ھەر 100 كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا ئاران بىردىن ئادەم توغرا كېلەتتى ㉖.

تۇرالار بىلەن باشقا ئىپتىدائىي قەبىلە ئادەملىرى جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ تاغلىقلىرى ۋە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى چېگرا جايلاردا تۇرمۇش كەچۈردى. جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى ئورمان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 60 — 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. ئېگىز-ئېگىز تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئۈستى تاش جىنسلىق مۇز ياكى يەر پوستى مۇزلىرىدىن شۇنداقلا بىرەر تالمۇ يېپىنچا ئۆسۈملۈك بولمىغان ھەمدە مۇزلاپ يېرىلىشتىن ھاسىل بولغان قورام تاش پارچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بەزى تاغ ئېتەكلىرى ۋە تاغ ئارىسىدىكى ئويمان جايلاردىلا يايلاقلارنى ۋە ئورمانلىقلارنى چېلىقتۇرغىلى بولاتتى. گەرچە جەنۇبىي سىبىرىيە زېمىنى 1 مىليون 500 مىڭ كۋادرات

كىلىمەتىرلىق پايانسىز جاي بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى دەۋردە ئۇنىڭدىكى ئىنسانىيەت هايات كەچۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇهىت ناهايىتى چەكلىك ئىدى. دېمەك، تۇرا قەبىلىلىرى ئاساسىي جەهەتتىن كىچىك ئارالغا ئوخشاش تارقاق، چوڭ-كىچىك ئويمانلاردا، دەريا جىلغىلىرىدا، كۆل بويلىرى ۋە ئورمانلىقنىڭ چەت ياقىسىدىكى تاغ قاپتاللىرىدا كۈن ئۆتكۈزدى. پەقەت ئايرىم قەبىلىلەرلا ئىپتىدائىي ئورمانلىق ئىچىدە جان ساقلىدى.

تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان رايونلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قەبىلىلەر ئارا پات-پات ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. قاراسۇق مەزگىلىدىكى مەدەنىيەتكە تەئەللۇق قەبرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە، ناهايىتى كۆپ ئاياللارنىڭ قىسقا تىغلىق خەنجەر ۋە جەڭ پالتىسى قاتارلىق قوراللار بىلەن بىرلىكتە دەپنە قىلىنغانلىقى بۇنىڭ دەلىل-ئىسپاتى بولالايدۇ. ئەڭ ئاجىز ئۇرۇقلار، قەبىلىلەر ئىپتىدائىي ئورمانلىقلارغا هەيدىلەتتى، ئۇ جايدا پەقەت ئوۋچىلىققا ۋە مېۋە-چېۋە ئۈزۈپ يېيىشكە تايىنىپلا هايات كەچۈرۈشكە بولاتتى. ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن ئالاقە ئورنىتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئەڭ قالاق هالەتتە قېلىۋېرەتتى.

جەنۇبىي سىبىرىيە رايونىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 200 مېتىردىن تاكى 4500 مېتىرغا قەدەر ئېگىز ئىدى. هەر قايسى جايلاردىكى هاۋا كىلىماتىنىڭ پەرقىمۇ ناهايىتى چوڭ ئىدى. كىلىماتتىكى ئالاهىدىلىككە ئاساسەن، بۇ جاينى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى رايونغا بۆلۈشكە بولاتتى. غەربىي يۇرت سايان چوققىسىغا يەنى ئالتاي تاغلىق رايونلىرىغا، شەرق تەرىپى بايقال كۆلىنىڭ قىرغاق بويلىرى بىلەن زابايقال رايونىغا تەۋە ئىدى. ئۇلاردىكى ئومۇمىي ئالاهىدىلىك، قانچە شەرقكە قاراپ ماڭسا چوڭ

قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىمات شۇنچە روشەن بولاتتى. بۇ شەرققە قاراپ ماڭغانسېرى ھاۋانىڭ شۇنچە سوغۇق بولىدىغانلىقىدا، ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدىكى تېمپېراتۇرا ئومۇمىي سانىنىڭ غەرب تەرەپتىكى 2400 گرادۇستىن ئازىيىپ شەرق تەرەپتىكى 1000 گرادۇسقا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنەتتى. شەرققە قاراپ ماڭغانسېرى كىلىمات قۇرغاق بولاتتى. كىلىماتتىكى پەرققە قاراپ، بولۇپمۇ شەرققە ماڭغانسېرى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىدىغانلىقى، يامغۇر مىقدارىنىڭ تەدرىجىي ئازىيىدىغانلىقىغا ئاساسەن، يېپىنچا خاراكتېرىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولاتتى. غەربىي تەرەپتە باراقسان ئاق قارىغاي، سىبىرىيە قارىغىيى ۋە شەمشات ئۆسەتتى، شەرقىي تەرەپ بولسا شالاڭ ئورمانلىق خاراكتېرىنى ئالغان يوپۇرماق تاشلايدىغان بال قارىغاي بىلەن قاپلانغانىدى. يېپىنچا شەرققە قاراپ داۋاملاشقانسېرى، سامان غوللۇق ئېگىز ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن سۇبتروپىك ئېگىز تاغ ئوتلاقلىرى ئازىيىپ كېتەتتى. بارا-بارا ئۇلارنىڭ ئورنىدا پاكار ئۆسكەن چاتقاللار ياكى يۇسۇنلار، مۇنداقچە ئېيتقاندا يەر پوستىدىكى ئېگىز تاغلىق مۇز بەلباغلىرى پەيدا بولاتتى.

شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك پەرق، غەرب تەرەپتىكى تۇرالارنى «تېرىقچىلىققا ئوبدانلا ماھىر» قىلىپ قويدى. خېلى كۆپ ساندىكى قەبىلىلەر قوشۇمچە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى ياكى تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلدى. ھالبۇكى، شەرق تەرەپتە ياشاۋاتقان تۇرالار ئاساسەن ئوۋچىلىق، مېۋە-چېۋە تېرىش ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈردى. شەرق بىلەن غەربتە ياشاۋاتقان تۇرالار ئارىسىدىكى پەرق بارغانسېرى ئايدىڭلىشىپ، كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە، ئۆزئارا مۇستەقىل ئىككى گۇرۇھقا قاراپ تەرەققىي قىلدى[27]. كېيىنكى ئويغۇرلار ۋە جاۋۇپلار دەل مۇشۇ شەرقىي

دىڭلىڭ (شەرقىي تۇرالار) دىن چىققانىدى ㉘. ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى تۈرك قەبىلىسى ۋە قارلۇق قاتارلىقلار غەربىي دىڭلىڭ (غەربىي تۇرالار) دىن ئىدى㉙.

غەربىي تۇرالار ئاساسەن ئوب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كوزنىتس ئويمانلىقى، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مىنۇشىنسكى ئويمانلىقى ۋە ئالتاي تاغلىق رايونلىرىغا مەركەزلىشىپ ئولتۇرۇردى. شەرقىي تۇرا قەبىلىلىرى ئاساسەن بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا ۋە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا ۋادىلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى.

جەنۇبىي سىبىرىيە پۈتۈنلەي دېگۈدەك تاغلىق ئىدى. ئېگىز-پەس يەر شەكلى، تىك ۋە تار دەريا جىلغىلىرى، تاغلىقتىكى تېز ئاقىدىغان دەريالار ۋە چەت-چېتى كۆرۈنمەيدىغان ئىپتىدائىي ئورمانلىق قاتناش ئۈچۈن ئېغىر توسالغۇ بولاتتى. تۇرالار يايلاقتىكى قەدىمىي جايدىن كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى قەبىلىلەر ئاساسەن ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلالمايدىغان ھالەتتە مۇستەقىل ھايات كەچۈردى. بۇنىڭ بىلەن تۇرالارنىڭ شىمالغا كۆچۈپ كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى مەدەنىيەت بىرلىكىدە تەدرىجىي يوسۇندا پارچىلىنىش كېلىپ چىقتى. بىر نەچچە ئەسىر ئۆتۈپ، ئوخشىمىغان رايونلارغا تارقىلىپ ياشىغان بۇ تۇرا قەبىلىلىرى ئۆزلىرى تاللىۋالغان ھەر خىل يوللار بىلەن ناھايىتى يىراققا كېتىپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ: مىلادىدىن VII — VIII ئەسىر بۇرۇنقى مەزگىلگە كەلگەندە تۇرالار بىرلىككە كېلىشتىن قالدى، دەپ كۆرسەتتى㉚.

كېيىنرەك خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللارغا قارىغاندا، تاغلارنىڭ ئىچكىرى جايلىرىدا قويۇق ئورمانلىقلاردا ياشىغان ھەمدە ياشاش شارائىتى ناچار بولغان قەبىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت

تەرەققىيات سەۋىيىسى باشقا قەبىلىلەردىن ئارقىدا قالدى. ئۇلار ئاساسەن مېۋە-چېۋە يىغىش ۋە ئوۋچىلىققا تايىنىپلا جان ساقلىدى.

ئالايلوق: تاڭنۇر تېغىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان دوبۇ قەبىلىسى «ئوت-چۆپلەردىن كەپە ياساپ ئولتۇراتتى، ئۇلاردا نە كالا، نە قوي يوق ئىدى، تېرىقچىلىقنى بىلمەيتتى، ھەممە يەردە سامساقگۇل ئۇنىدىغان بولغاچقا، ئۇلار بۇنىڭ يىلتىزىنى ئاشلىق ئورنىدا ئىستېمال قىلاتتى، قوشۇمچە بېلىق تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ئوۋچىلىقتىن تاپقان گۆشلەرنى يەيتتى»، ئۇلار «تۆت پەسىلدىن خەۋەرسىز ئىدى»، «قۇشلارنىڭ پەي-قاناتلىرىدىن كىيىم-كېچەك قۇراشتۇرۇپ كىيەتتى»[31].

يۇقىرى پاراللېلدىكى بىپايان ئورمانلىق ئىچىدە ياشىغان بوما قەبىلىسى ئولتۇراقلاشقان جاي «تولىمۇ سوغۇق ئىدى، قىش پەسلىدە قار ياغىدىغان بولسا، دەرەخلەرنىڭ ئۇچىنىلا كۆرگىلى بولاتتى»، ئۇلاردا «تۆمۈر قورallar ئاز ئىدى، ساپال پالتىدىن پايدىلىناتتى ھەمدە قېيىن يىلتىزىدىن تاۋاق ياساپ ئىشلىتەتتى... ئۇنىڭ قوۋزىقىدا ئۆي ياپاتتى، ئوت-خەسنى ئاستىغا سېلىپ، ئۈستىدە ياتاتتى»[32].

ھالبۇكى، بۇ قەبىلىلەر بىلەن بىر زاماندا ئۆتكەن خاككاسلار قەبىلىسى ئۇلاردىن كۆپ ئىلغار ئىدى. «زېمىنى سۈك، بۇغداي، تېرىق، پۇرچاق قاتارلىقلارنى تېرىشقا مۇۋاپىق كېلەتتى... ئات بار ئىدى. بۇلغۇن چىقاتتى.» ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك «جىگەر رەڭ» كىيىم كىيەتتى، «ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشىراقلىرى تاۋار-دۇردۇندىن كىيىم كىيەتتى»، ئۇلار ئاي-كۈن، پەسىل ۋە 12 مۆچەلنى چۈشىنەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايىدا مول تۆمۈر كان بولغاچقا، تۆمۈر تاۋلاش ۋە قۇيمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى ئوبدانلا تەرەققىي قىلغانىدى، تۆمۈر ۋە برونزىدىن ياسالغان قورال-سايمانلارنى ئىشلىتىش ئىنتايىن

ئومۇملاشقانىدى. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتىكى، نىسبەتەن ئىلغار تۇرا قەبىلىلىرى ئاساسلىقى دېھقانچىلىققا ۋە چارۋىچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، شۇنداقلا خېلى تەرەققىي قىلغان قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىناتتى㉝.

تۇرالارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك شېۋىدىكى پەرقلەر تۇپەيلى بەزى قەبىلىلەر ئارىسىدا «تىل ئوقۇشمايدىغان» ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىققانىدى㉞.

ئەينى چاغدا، ئۇيغۇر دېگەن ئىسىم تارىخىي كىتابلاردا تېخى قەيت قىلىنمىغانىدى. لېكىن مىلادى Ⅳ ئەسىردىن كېيىن پەيدا بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ئەجدادى توغرىسىدىكى كۆپتىن كۆپ ئەپسانىلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. بۇ ئەپسانىلەر كۆپىنچە چوڭ دەرەخ ۋە قارىغاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يا بولمىسا ئىككى تۈپ چوڭ دەرەخ جۈپلىشىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن پوقاق ئۆسۈپ چىقىپتۇ، پوقاق يېرىلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى تەۋەللۇت بولۇپتۇ دېگەن تەرىقىدە سۆز قىلىناتتى ㉟. ياكى ئىككى تۈپ قارىغاينىڭ ئاستىدا بىر دۆڭ پەيدا بولۇپتۇ، دۆڭ يېرىلىپ ئىشىك ئېچىلىپتۇ، ئارقىدىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى تۇغۇلۇپتۇ، «گەپ قىلالىغۇدەك بولغاندا ئاتا-ئانام كىم دەپ سورىغانىكەن، ئادەملەر ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ» دېيىلەتتى㊱. غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئوردىسى ئىبادەتخانىلاردا يوغان ئۆسكەن دەرەخلەرگە چوقۇنۇپ يۈردى. مۇشۇ ئەپسانىلەرگە ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىنى ئوۋچىلىق ۋە مېۋە-چېۋە يىغىپ ھايات كەچۈرگەن ئورمان ئادەملىرى دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى.

موڭغۇل دالاسىدىكى باشقا قەبىلىلەر ئىنتايىن ئەۋزەل تەبىئىي مۇھىتتا ياشايتتى. پايانسىز موڭغۇل دالاسىدا قاتناش

قولايلىق ئىدى، ئوت-چۆپلەر بولۇق ئۆسەتتى، كىلىماتمۇ نىسبەتەن مۆتىدىل ئىدى. بۇ يەردىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان قەبىلىلەر گۇرۇھى ھەم ئۆزى خالىغىنىچە ئوت-چۆپ بار يەرگە يۆتكىلەلەيتتى، ھەم ئۆز ئارا نورمال ئالاقە قىلالايتتى. شۇنداقلا ئۇلار يايلاقتىكى باشقا قەبىلىلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلالايتتى ۋە بىرىكەلەيتتى. بولۇپمۇ يېقىن قوشنىسى بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سودا-سېتىقنى راۋاجلاندۇرالايتتى. مۇشۇ سەۋەبلەرگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلىشەتتى ھەمدە ئوڭايلا بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت بولۇپ ئۇيۇشالايتتى. ئۇلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى يالغۇز جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى «ئورمان ئادەملىرى»دىن ئۈستۈن بولۇپلا قالماي، بەلكى غەربىي تۇرالار ئىچىدىكى نىسبەتەن ئىلغار بولغان خاككاس قەبىلىسىدىنمۇ ئۈستۈن تۇراتتى.

جەنۇبىي سىبىرىيە تاغلىق رايونىدىكى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۇپەيلىدىن شۇ جايدا ياشىغان تۇرا قەبىلىلىرى بىر نەچچە ئەسىر مابەينىدە تەرەققىي قىلماي توختاپ قالىدىغان ھالەتنى باشتىن كەچۈردى. بۇ رايوندا ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇپ بىرلىككە كەلگەن مىللەت ياكى ھاكىمىيەت بولۇپ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا تەرەققىي قىلالمايتتى: مۇنداق قىلىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى نىسبەتەن مۆتىدىل، يېرى تۈز ۋە كەڭ موڭغۇل دالاسى جايلاشقان جەنۇب تەرەپكە بېرىشى زۆرۈر ئىدى. نەتىجىدە غەرب تەرەپتىكى تۇرالار يەنسەي ۋە ئوب دەرياسى جىلغىلىرىنى بويلاپ جەنۇبقا ماڭدى، ئۇلار ئالتاي ۋە تاڭنۇر تېغىدىن ئۆتۈپ جۇڭغارىيىگە ۋە موڭغۇل دالاسىغا كىردى. شەرق تەرەپتىكى تۇرالار سېلىنگا دەرياسى جىلغىسىنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ

ئىلگىرىلىدى ۋە ئۆرقۇن، تۇغلا دەرياسى ساھىلىدىكى موڭغۇل دالاسىنىڭ قاق كىندىكىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يەردە ئەزەلدىن تارتىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ كەلگەن قەبىلىلەر بىلەن تۇرالار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ قېلىشى مۇقەررەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ تۇرالار ئۆزلىرىنىڭ جەنۇبقا سىلجىش نىيىتىدىن ھەرگىز يانمىدى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان توقۇنۇشلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئەسىرگىچە داۋاملىشىۋەردى.

مىلادىيىدىن VI ئەسىر بۇرۇنقى مەزگىلگە كەلگەندە، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى خۇاڭخې قولتۇقى بىلەن چوغاي تاغلىرى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ھۇنلار باش كۆتۈرۈپ، قۇملۇقنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى يايلاقلاردا ياشاۋاتقان ھەر قايسى تۇرا، رۇڭ، غۇز قاتارلىق «ئوقياچى خەلقنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى»㊲ ھەمدە پايانسىز يايلاقتا تۇنجى بولۇپ بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك ھۇن ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. تۇرالارنىڭ جەنۇبقا ئىچكىرىلەپ كىرىش قەدىمى توسالغۇغا يولۇقتى. ھۇنلار «شىمالدا تۇرالارنى بويسۇندۇرۇپ»، پۈتۈن جەنۇبىي سىبىرىيە بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ھۇنلاردىكى چەتتىقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى يۈگەن بەگ خېلى بىر چاغقىچە شەرقىي تۇرالار يىغىلىپ ئولتۇرغان بايقال كۆلى ئەتراپىدا چارۋىچىلىقنى باشقۇرۇپ يۈردى. «خەننامە. سۇۋۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە مىلادىيىدىن II ئەسىر بۇرۇنقى مەزگىلدە ھۇنلار تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۇۋۇ مۇشۇ ئەتراپتا چوپان بولۇپ يۈرگەندە، تۇرالار ئۇنىڭ «قوي-كالىلىرىنى ئوغرىلىۋالغان» ئىدى. ھۇنلار يەنە تەسلىم بولغان خەن سۇلالىسى ئادىمى ۋېي لۈينى تۇرالارغا بەگ قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇنى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ھەر قايسى تۇرا قەبىلىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى㊳.

ھۇنلار تۇرالارنىڭ ئوتلاقلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىشغال قىلىپ، ئۇلارنى ۋەھشىيلەرچە بۇلاپ-تالىدى ۋە ئەزدى، تۇرالاردىن قەرەللىك ھالدا سېلىق تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئۇلارنى ئۆزىگە قۇل قىلدى، ئۇلارنى «بايلىق» دەپ قارىدى. نەتىجىدە تۇرالارنىڭ ھۇنلارغا قارشى قوراللىق كۆرەشلىرى توختىماي داۋاملاشتى. تارىخىي كىتابتىكى خاتىرىلەر بويىچە، تۇرالار مىلادىدىن Ⅲ ئەسىر بۇرۇنقى مەزگىلنىڭ ئاخىرىدىن مىلادى 1 ئەسىرگىچە بولغان 300 يىل ۋاقىت ئىچىدە، ھۇنلارغا قارشى كۆپ قېتىم زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئالايلۇق: مىلادىدىن 71 يىل بۇرۇنقى مەزگىلدە تۇرا، ئوغان ۋە ئاسىيۇ قاتارلىق ئېزىلگەن قەبىلىلەر ھۇنلار تەبىئىي ئاپەتكە دۇچ كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئەھۋال تارىختا: «تۇرالار ھۇنلارنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن تەگدى، ئوغانلار شەرقتىن كىردى، ئاسىيۇلار ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۈچ تەرەپ ئۇلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئادىمىنى قىرىپ تاشلىدى. نەچچە ئون مىڭ تۇياق ئېتىنى ئولجا ئالدى، قوي-كالىلار ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىدى.» نەتىجىدە «ھۇنلارنى پەۋقۇلئاددە ئاجىزلىتىپ قويدى» دەپ خاتىرىلەندى㊴. مىلادىدىن 61 يىل بۇرۇنقى مەزگىلدە «تۇرالار ھۇنلارنىڭ يېرىگە ئۇدا ئۈچ يىل بېسىپ كىردى، نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى، ئات-ئۇلاغلىرىنى ھەيدەپ كەتتى». ھۇنلار گەرچە چوڭ قوشۇن باشلاپ بېرىپ، ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق قىلالماي قايتىپ كەلدى㊵.

ھۇنلار تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان تۇرالار پۇرسەت تاپسىلا قېچىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىغا تارقىلىپ كەتتى. بەزىلىرى ھەتتا جەنۇبقا بېرىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى

سۇلالىلەرگە ئەل بولدى ۋە سەددىچىن ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشتى. مەسىلەن، ۋاڭ ماڭ مەزگىلىدە مىلادى (9—23-يىللىرى) ھۇنلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تۇرا ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان «ئورتاقچىلار ۋىلايىتى» قويۇلدى⑪. مىلادى 85-يىلىغا كەلگەندە، شىمالىي ھۇنلار ھاكىمىيىتى ھەر قايسى ئېزىلگۈچى قەبىلىلەرنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىككى تەرەپتىن قىلغان ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي زور دەرىجىدە مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار «قايتا ئۆرە بولالمىدى ۋە يىراق جايلارغا كېتىپ قالدى»⑫. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا «تۇرالار ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تېگىپ» زور رول ئوينىدى.

ھۇنلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش جەريانىدا، تۇرالار ئورتاق گەۋدە سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلۈك ئېڭىنى كۈچەيتتى. ئەسلىدە جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ۋە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا تارقاق ھالەتتە ياشىغان تۇرالار قەبىلىسى تەدرىجىي يوسۇندا ئۇيۇشۇپ، نىسبەتەن چوڭ بەزى رايون خاراكتېرلىك گورۇھ بولۇپ شەكىللەندى. شەرقىي تۇرالارنىڭ مەركىزى جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى سېلىنگا، ئورقۇن ۋە تۇغلا دەرياسى ساھىللىرىغا قاراپ يۆتكەلدى. غەربىي خەن دەۋرىدە ئۇلار «شىمالىي تۇرا» دەپ ئاتالدى. كېيىنچە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە توققۇز ئوغۇزلار دەل ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى. غەربىي تۇرالار ئاساسلىقى يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلارغا يىغىلدى. ناھايىتى كۆپ ساندىكى غەربىي تۇرا قەبىلىلىرى ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كىردى. مىلادى Ⅱ ئەسىرگە كەلگەندە، ھەر قايسى تۇرا قەبىلىلىرى گەرچە بىرلىككە كەلگەن مەركەز بولۇپ شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئورتاق كوللېكتىپلىق ئاڭغا ئىگە، «باتۇر، ساغلام، جەڭگە ماھىر»، «60 مىڭ قوشۇنى بار،

مال-چارۋىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ يۆرەلەيدىغان» كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولۇپ تەرەققىي قىلدى[43]. يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، ئۇلاردىن باشقا يەنە گېقۇن دۆلىتى (كېيىنچە قىرغىزلار) دەپ ئاتالغان ناھايىتى چوڭ بىر قەبىلە ئىتتىپاقى بارلىققا كەلدى.

تۇرالار ئەسلىدە بىرۇنزا قورال دەۋرىدە ئىدى، كېيىن ھۇنلاردىن رودا قېزىش، تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلدى. مىلادى III ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇلار تۆمۈر قوراللارنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىدىغان بولدى. بولۇپمۇ يەنسەي دەرياسى ساھىلىدا ياشايدىغان بەزى قەبىلىلەر، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدا مول تۆمۈر كانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا تۇرا قەبىلىلىرىگە قارىغاندا تەرەققىيات سۈرئىتى جەھەتتە كۆپ ئۆزاپ كەتتى ۋە تېزلىك بىلەن كۈچەيدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغان تۈركلەر قەبىلىسى تۆمۈر تاۋلاش تەرەققىياتى جەھەتتە، ئۆزۈن ئۆتمەيلا غەربىي تۇرالار قوۋمى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك بىر قەبىلىگە ئايلاندى.

ھۇنلارنىڭ ھالاكىتى تۇرالارنى چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى ھەر قايسى ئوتلاقلارنى ئىشغال قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. لېكىن ھۇنلار مەغلۇپ بولغان دەسلەپكى چاغلاردا، تۇرالار يايلاقتىكى بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت بولۇپ شەكىللىنەلمىدى. ھېلىنگان تاغلىرىدا تۇرۇۋاتقان سىيانپىلار موڭغۇل دالاسىغا يوپۇرۇلۇپ كىردى، ھۇنلارنىڭ قالدۇق قەبىلىلىرىدىكى يۈز نەچچە مىڭ ئادەممۇ ئۆزلىرىنى سىيانپىلار دەپ ئۇرۇۋالدى. مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، سىيانپىلارنىڭ سەركەردىسى تەن شىخۇي كۈچلۈك كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاكىمىيىتىنى قۇردى ۋە «جەنۇبىي تەرەپتە خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىنى پاراكەندە قىلدى. شىمالدا تۇرالارنى توستى، شەرقىي تەرەپتە بورياتلارنى

تالان-تاراج قىلدى، غەربتە ئاسىيولارغا زەربە بەردى. ھونلارنىڭ يېرىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى»(44). يايلاقتا كۆچۈپ بارغان تۇرالارمۇ سىيانپىلار ھاكىمىيىتىگە قول قەبىلىلەردىن بولۇپ قالدى. تۇرالار يايلاقنىڭ خوجايىنى بولۇش پۇرسىتىنى يەنە بىر مەرتىۋە قولدىن بېرىپ قويدى.

## 4. چىلى ( 敕 勒 ) ۋە قاڭقىللار ( 高车 )

مىلادى Ⅱ ئەسىردىن كېيىن، خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي كىتابلاردا دىڭلىڭلار ( 丁零 )، چىلى ( 敕勒 )، قاڭقىللار، ئېگىز ھارۋىلىقلار ( 高车 ) ياكى تېيلى ( 铁勒 ) دەپ خاتىرىلىنىشكە باشلىدى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: قاڭقىللار، ئومۇمەن قەدىمكى قىزىل تۇرالارنىڭ ئەۋلادى، ئۇلار دەسلەپتە 狄历 (دىلى) دەپ ئاتالدى، شىمال تەرەپتىكىلەر ئۇلارنى چىلى ( 敕勒 ) دەپ ئاتىدى، ھەر قايسى خۇاشيا قەبىلىلىرى بولسا ئۇلارنى قاڭقىللار ( 高车 )، دىڭلىڭ ( 丁零 ) دەپ ئاتىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ: «ئۇيغۇرلار ... كۆپىنچە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا چىقىپ يۈرەتتى. يۈەن، ۋېي زامانىسىغا كەلگەندىمۇ قاڭقىللار دەپ ئاتالدى ياكى چىلى دېيىلدى، ناتوغرا تەلەپپۇز قىلىنىپ تېيلى (تۇرا) دېيىلگەن چاغلارمۇ بولدى» دەپ يېزىلغاندى.

تېيلى ( 铁勒 ) دېگەن نام چىلى ( 敕勒 ) ۋە دىڭلىڭ ( 丁零 ) دېگەنناملارغا ئوخشاش Türk سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. ھالبۇكى، «قاڭقىللار» دېگەن ئىسىم چىلى قەبىلىلىرىنىڭ «كۆپىنچە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا چىقىپ» يۈرگەنلىكىدىن كەلگەنىدى. بۇ خىل ھارۋىنىڭ «چاقى ئېگىز، شادىسى كۆپ» بولۇپ، قونالغۇ ۋاقتىدا مال-چارۋىلارنى چۆرىدەپ

قوتان قىلغىلى، كۆچكەن چاغدا يۈك-تاقلارنى توشۇغىلى، ئۇۋ قىلغاندا ياۋايى ھايۋانلارنى قورشىغىلى بولاتتى. ئۇ تۇرالاردىكى ھەر قانداق ئائىلىدە» ( بولماي قالمايتتى. ) شۇڭا ئومۇمەن تۇرالار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە تۇركۇم-تۇركۇم ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. ئالايلۇق، مىلادى 399-يىلى ۋېي قوشۇنلىرى قوملۇقنىڭ شىمالىغا يۈرۈش قىلغاندا، بىر قېتىمدىلا «200 مىڭدىن ئارتۇق ئېگىز چاقلىق ھارۋا»نى ئولجا ئالغانىدى.⑮ ھارۋا تۇرالارنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ئۇلارنى «قاڭقىللار» (ئېگىز ھارۋىلىقلار) دەپ ئاتاشقانىدى.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە تۇرالاردا ئون ئىككى قامىلە، ئالتە ئۇرۇق بارلىقى خاتىرىلەنگەنىدى. ئالتە ئۇرۇق: قىزىل تۇرالار، ئۇيغۇرلار، خوغۇرسۇ، جىبىنى، قىرغىزلار، ئىلتىكىنلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئون ئىككى قامىلە بولسا چىپولى، تۇرا، ئىلىجان، تارلان، قوغا، تاربوقان، ئايرون، ئېركىن، بوركلى (توماغلىق)، قىئوي، يۈشۈپى قاتارلىقلار ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە تۇتۇلىن، جىيېدۇ، دۇكىن قەبىلىلىرىمۇ بار ئىدى⑯. كىشىلەر ئېنىق خاتىرىلەنگەنلىرى 21 خىلدىن كۆپ ئىدى. كىشىلەر ئادەتتە بۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئۇيغۇر ( 袁纥 ) لارنى كېيىنكى ئۇيغۇر ( 回纥 ) لارنىڭ دەل ئۆزى دەپ قارىغانىدى⑰. ئۆز زامانىسىدا ئۇلار تېخى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان «سەركەردىلىرى يوق» ھالەتتە ئىدى. ھەر قايسى قەبىلىلەر پەقەت «جەمەت پېشىۋاسى» (ئاقساقاللىرى) بولغان تارقاق ھالەتتە ياشايتتى.

مىلادى XIII ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىغا كەلگەندە، موڭغۇل دالاسىدىكى سىيانپىلارنىڭ بۈيۈك ھەربىي ئىتتىپاقى پارچىلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، سىيانپىلاردىكى «ھەر قايسى قەبىلىلەر

بۆلۈنۈپ كەتتى، ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى قىرغىن قىلدى، كۆچلۈكلەر يىراق يۇرتلارغا كەتتى، ئاجىزلار تەسلىم بولدى»(48). شۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا سىياسىي بوشاۋق كېلىپ چىقتى. بۇ ئەھۋال تۇرالارنى مىسلىسىز ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. نەتىجىدە، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق ۋە تاغ جىلغىلىرىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەر قايسى تۇرا قەبىلىلىرى ھەدەپ جەنۇبقا يۆتكىلىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارغا يېتىپ كەلدى. قۇملۇقنىڭ شىمالىغا كەلگەن بۇ قەبىلىلەر، ئاساسلىقى شەرقىي تەرەپتىكى تۇرالار ئىدى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە ئۇلارنىڭ مېيىت ئۆزىتىش ئادىتى تونۇشتۇرۇلۇپ: «ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلغاندا، يەرلىك ياساپ، مېيىتنى يەرلىكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ياتقۇزاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. بۇ غەربىي تۇرالاردىكى جەسەتنى كۆيدۈرۈپ «كۈلىنى كۆمۈش» بىلەن قىلچە ئوخشاشمايتتى(49). VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇقنىڭ شىمالىي يايلاقلىرى پۈتۈنلەي قاڭقىللارنىڭ چارۋا مەيدانلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. تۇرالار بۇ پايانسىز، گۈزەل، مۇنبەت يايلاقتا «ئېگىز ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ، قەيەردە ئوت-چۆپ ۋە سۇ بولسا شۇ يەرگە كۆچۈپ ياشىدى، چارۋىلىرى كۆپەيدى»(50). ئىقتىسادىي جەھەتتە تازا تەرەققىي قىلدى. بەزى كىشىلەر ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، شۇ چاغدىكى تۇرالارنىڭ چارۋىلىرى بىلەن نوپۇسىنىڭ سانىنى يۈزدە بىر نىسبەتكە يېقىنلىشىدۇ دەپ ستاتىستىكا قىلغانىدى(51). شۇڭا ئەينى يىللاردىكى شىمالىي ۋېي، ئالدىنقى يەن قاتارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ شىمالدىكى تۇرالار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغاندا، بىر نۆۋەتتىلا يۈز نەچچە مىڭ تۇياق ئات، مىليونلاپ قوي، كالىلارنى غەنىيمەت ئالغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلەر دەل

مۇشۇ گەپ ئىدى[52]. بۇنىڭدىن تۇرالارنىڭ چارۋىچىلىقىنىڭ نەقەدەر راۋاجلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىمۇ تېزلەشتى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە پاترىئارخاللىق تۈزۈم پۈتۈنلەي مۇكەممەللەشتى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇلار ئۆز چارۋىلىرىنى ئوبدان بىلەتتى، گەرچە ساي-داللارغا ئىختىيارىي قويۇۋەتسىمۇ، قالايمىقان ئېلىشۇالمايتتى» دەپ يېزىلدى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇلار تويلاشقاندا تويلۇق مالغا ئات، كالا سېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. پۈتۈشكەندىن كېيىن ئەر تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئات-ئۇلاغلارنى توپى بىلەن ھەيدەپ كېلەتتى، قىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ياخشى ئاتلارنى تاللىۋالاتتى، . . . ئەتىسى قىزنى ئېلىپ كېتەتتى» دەپ خاتىرىلەندى.

يايلاقتىكى قاتناشنىڭ قولايلىق بولۇشى، ھەر قايسى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى بېرىش-كېلىشنى ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ مەزگىلدە گەرچە ھەر قايسى قەبىلىلەر يەنىلا «سەركەردىسى يوق» ھالەتتە بولسىمۇ، لېكىن «كۆڭۈل بىرلىكى» بار بولغاچقا، ئورتاق مىللىي ئاڭمۇ بارلىققا كەلدى. سىرتتىن كەلگەن كۈچلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان چاغدا، ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرالايدىغان، «بىر-بىرىگە تايىنىپ»[53] ئىش كۆرىدىغان بولدى. بەزى نىسبەتەن چوڭ بولغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى مۇشۇ يوسۇندا تەدرىجىي شەكىللەنگەنىدى. تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە شىمالىي ۋېينىڭ ۋېنچېڭ مەزگىلىدە (452 — 465-يىللىرى) «بەش قەبىلە قاڭقىللار بىر يەرگە جەم بولۇپ قەسەمياد قىلدى. كەلگەنلەر نەچچە ئون مىڭغا يەتتى. ئات بەيگىسى بولدى، قان ئېقىتىپ قۇربانلىق قىلدى. ناخشا ئاۋازلىرى ئەتراپنى بىر

ئالدى. كۆپ ۋاقىتلاردىن بۇيان مۇنداق داغدۇغىلىق مۇراسىم بولۇپ باقمىغانىدى» ㊶. «بىر يەرگە جەم بولۇپ قەسەمياد قىلىش» تىن ئىبارەت بۇ خىل دىننىي بىرلىك، تەبىئىيكى ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكنى ئىلگىرى سۈرەتتى. ئورتاق چوقۇنىدىغان بىر ئىلاھنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئورتاق بىر «سەركەردە» نىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلتىجا قىلماقتا ئىدى. VI

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، سېلىنگا دەرياسى، ئۇرقۇن دەرياسى ۋە تۇغلار دەرياسى ساھىلىدىكى قاڭقىللار قەبىلىسى ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان بىر گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەندى، تارىخىي كىتابلاردا ئۇلار «شەرقتىكى قاڭقىللار» دەپ ئاتالدى. ئۇيغۇرلار، دەل شەرقتىكى مۇشۇ قاڭقىللار گۇرۇھىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇلار شۇ چاغدا «لوھۇن كۆلىنىڭ غەربىدىكى يۈز نەچچە چاقىرىم يىراق» ㊷ يەردە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. لوھۇن كۆلى بۈگۈنكى ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىدىكى يۈز نەچچە چاقىرىم زېمىن سېلىنگا دەرياسى ساھىلىغا تەئەللۇق ئىدى. شەرقىي تەرەپتىكى قاڭقىللار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى بوركلى قەبىلىسى بىلەن قوغۇرسۇلار ئىدى. قوغۇرسۇ قەبىلىسى ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىدا، بوركلى قەبىلىسى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئىدى، بۇ ئىككى قەبىلە شەرقتىكى قاڭقىللارنىڭ مەركىزى ھېسابلىناتتى.

قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى شەرقىي قاڭقىللاردىن تاشقىرى، زور تۈركۈمدىكى تۇرالارمۇ ئارقا-ئارقىدىن جەنۇبقا كۆچۈپ ئۈچ تۇرالغۇ رايونغا بۆلۈندى ۋە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي قىسمىغا ئورۇنلاشتى. قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۇرا قەبىلىسى غەربتىن باشلاپ خۇاڭخې قولتۇقى، چوغاي تاغلىرىدىن تاكى دەيجۇن ۋىلايىتى (بۈگۈنكى خېبېي، شەنشىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرى) گە قەدەر تارقالدى. خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى تۇرالار دەسلەپتە جۇيىيەن

دەرياسىدىن خۇاڭخې دەرياسى ئارىلىقىغىچە بولغان قورغاق يايلاقلاردا ئولتۇراقلاشتى، كېيىنچە جەنۇبقا كۆچۈپ، خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى كارىدورنى پۈتۈنلەي ئىگىللىدى. جەنۇبقا كۆچۈپ تۈزلەڭلىككە كىرگەن تۇرالار ئاساسلىقى خېبېي، شەنشى ۋە خېنەننىڭ خىلۋەت تاغلىق رايونلىرىغا توپلاشتى.

مىلادى IV ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي قىسمىدا تونبات-سىيانپىلار قۇرغان شىمالىي ۋېي ھاكىمىيىتى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. شىمالىي ۋېيلار بولۇشىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ناھايىتى تېز ئارىدىلا خۇاڭخېنىڭ شىمالىنى ۋە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىنى تىزگىنلىۋالدى.

مۇشۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا ئۆزلىرىنى ئاۋارلار دەپ ئاتايدىغان بىر مىللەت كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ئاۋارلار ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشاش كۈچلۈك كۆچمەن چارۋىچى خاقانلىقىنى تىكلەپ، بىر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. شىمالىي ۋېي بىلەن ئاۋارلار تاجاۋۇزچىلىقتىن قول ئۈزمەيدىغانلاردىن ئىدى. ئۇلار قۇللارغا ۋە بايلىققا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە، تۇرالارنى بەس-بەستە تالىدى. ئاۋارلار ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۇرقۇن دەرياسى بىلەن تۇغلا دەرياسى ئەتراپىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەرقىي قاڭقىللاردىن بولغان قوغۇرسۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوندىن سەككىزى دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلدى ياكى ئەسىرگە چۈشتى. قالغانلىرى جەنۇبقا قېچىپ بېرىپ شىمالىي ۋېيغا ئەل بولدى[56]. نەتىجىدە، چوڭ قۇملۇقنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىغا تارقالغان تۇرالار قەبىلىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىمالىي ۋېي بىلەن ئاۋارخاقانلىقىغا قارام بولدى شۇنداقلا ئۇلار تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە بوزەك قىلىندى ۋە قۇل قىلىندى.

شەرقىي تەرەپتىكى قاڭقىللارنىڭ كۆپ قەبىلىلىرى

ئاۋارلارنىڭ ئىلكىدە قالدى. ئۇلار ئاۋار ھۆكۈمرانلىقىغا قەرەللىك سېلىق تاپشۇرغاندىن سىرت، شىمالىي ۋېي ۋە باشقا رايونلارنى تالان-تاراج قىلىدىغان ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. قاڭقىللار بۇنداق زۇلۇمغا چىداپ ئولتۇرمىدى. شىمالىي ۋېي شياۋۋېندى تەيخېنىڭ 11-يىلى (487) بوركلى قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى شەرقىي قاڭقىللاردىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم⑰ ئاۋارلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ غەربكە كۆچتى ۋە بۈگۈنكى تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدە «قاڭقىللار دۆلىتى» (ئېگىز ھارۋىلىقلار دۆلىتى)نى قۇردى. بۇ يايلاقتىكى تۇرالار تۇنجى بولۇپ قۇرۇپ چىققان ھاكىمىيەت ئىدى. بۇ ئەھۋال شەرقتىكى قاڭقىللارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، نىسبەتەن مۇقىم سىياسىي گورۇھ بولغانلىقىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ گورۇھ مۇھىم بىر كۆچ سۈپىتىدە شىمال تەرەپتىكى يايلاقلاردا ئۇزۇلمەي ئۈچ-تۆت يۈز يىل ھەرىكەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا سېلىنگا دەرياسى ساھىلىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار بوركلى قەبىلىسى بىلەن بىرلىكتە غەربكە كۆچمىدى. لېكىن Ⅷ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر خاقانلىقىنى شەكىللەندۈرگەن قەبىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى شۇ چاغدىكى شەرقىي قاڭقىللاردىن ئىدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن 780-يىلدىن 795-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان ئۇيغۇر خاقانى بۆكۈخان ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرغان يىلنامىسىنى 300 يىل ئىلگىرى سۈردى⑱. ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى دەل شەرقىي قاڭقىللارنىڭ تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوندا قۇرۇپ چىققان قاڭقىللار دۆلىتى ئىدى.

قاڭقىللار دۆلىتى تازا گۈللەپ ياشنىغان چاغدا، ئۇنىڭ چېگرىسى غەربتە ياپيان (جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى) غىچە، شەرقتە شىمالىي ۋېي بىلەن قوشنا ئىدى، شىمالى ئالتاي تاغلىرىغىچە باراتتى، جەنۇبتا قوجۇ، كېنگىت، پىشامشان

قاتارلىق كىچىك بەگلىكلەرنى قارام قىلغانىدى. شىمالىي ۋېي تەيخېنىڭ 16-يىلى (492) قاڭقىللار دۆلىتى بىر مەھەل ئاۋارلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىغا بېسىپ كىرگەن ھەممە ئاۋار ئوردىسىنى جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇرلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەينى زاماندا قۇملۇقنىڭ شىمالىدا قېپ قالغان ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ قاڭقىللارنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى. شەرقىي ۋېينىڭ شىڭخې 3-يىلى (541) غا كەلگەندە، قاڭقىللار دۆلىتى ئاۋارلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى، ئاھالىنىڭ بىر قىسمى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تۇغلا دەرياسى ساھىلىغا كۆچۈپ كەتتى، كۆپ قىسمى ئالتۇن تاغنىڭ جەنۇبىدا قېلىۋەردى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە يەنە بىر قېتىم باش كۆتۈرۈپ چىققان سىرتاردۇشلار بىلەن چۆپەلەر بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى[59].

قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۇرالارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى شىمالىي ۋېينىڭ تېز گۈللىنىشىدە ئىدى. يۈەنجيانىڭ 6-يىلى (429) شىمالىي ۋېينىڭ قۇرغۇچىسى توغباتتاۋ ئاۋارلار ئۈستىگە چوڭ كۆلەملىك يۈرۈش قىلدى، ئاۋارلارنىڭ ئاقساقىلى تالان خاقانىنىڭ قولىدىكى قاڭقىللار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى ۋە شىمالىي ۋېيغا تەسلىم بولدى. بۇ ئەھۋال تارىختا: «قاڭقىللار قەبىلىلىرى تالاننىڭ تائىپىسىدىكىلەرنى قىرىۋەتتى، 300 مىڭدەك ئادەم تەسلىم بولدى، كېسىلگەن باش ۋە قولغا چۈشكەن جەڭ ئاتلىرى مىليون تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى»[60] دەپ خاتىرىلەندى. تەسلىم بولغان قاڭقىللار قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە قورغان ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ جاي شەرقتە دۇيۈەنگە، غەربتە ۋۇيۈەنگە ۋە چوغاي تاغلىرىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، دائىرىسى 3000 چاقىرىم كېلەتتى.» شىمالىي ۋېي ئۇلارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي ئەمەلدارلارنى ئەۋەتتى. قاڭقىللار قەبىلىسىمۇ ھەر يىلى شىمالىي

ۋېي ھۆكۈمىتىگە «سېلىق تاپشۇرىدىغان بولدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ سانى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغاچقا، شىمالىي ۋېيلىقلارنىڭ ئات-كالىلىرى، مال-ۋارانلىرى كاساتلىشىپ، يۇڭ-تېرىلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى»(61).

قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن بىر قىسىم تۇرالار، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ تەسىرىدە، تەدرىجىي ھالدا كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان تەرەپكە قاراپ قەدەم قويدى. تارىختىمۇ ئۇلار «كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بارا-بارا ئاشلىق دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلدى» دەپ خاتىرىلەندى(62). ئۇلار بىلەن يايلاقتا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان تۇرالار ئارىسىدىكى پەرق كۈنسايىن روشەنلىشىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار داۋاملىق ھالدا يايلاقتا تۇرۇپ كېلىۋاتقان «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ، ئوت-چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ» ياشايدىغان تۇرالارنى «ئېگىز ھارۋىلىق تۇرالار» ياكى قىسقارتىپ قاڭقىللار دەپ ئاتىدى. ھالبۇكى، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان قەبىلىلەرگە چىلى ياكى دىڭلىڭ (تۇرا) دەپ نام بەردى.

---

ئىزاھات:

① [روسىيە] پوكروۋسكى: «سىبىرىيىلىك كازاك ئىۋان. فىدىرنىڭ 1618-يىلى موڭغۇلىيە بىلەن جۇڭگودىكى ساياھىتى». روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى روس تىل بۆلۈمى تۈزگەن. سانت. پېتىربورگ 1913-يىل نەشرى.

② [سوۋېت ئىتتىپاقى] گىشلوپ: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر». «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» نىڭ 1957-يىل 2-سانىغا بېسىلغان.

③ بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ۋە بۇ كۆلگە ئېقىپ كىرىدىغان يەتتە دەريانى كۆزدە تۇتىدۇ.

①مىنۇسىنكى: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركلەر. ئىرانلىقلار ۋە كاپكازلىقلار»، لوندون 1978-يىل نەشرى. 285 — 292-بەتلەر. [سوۋېت ئىتتىپاقى] ئىيشىيۇ: «ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى». خەنزۇچە تەرجىمىسى، «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى» نىڭ 1987-يىل 3-سانى.

⑤لىيۇشوي: «كونا تاڭنامە» 195-جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە». بۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇر شەھەر-بازارلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار توغرىسىدا كېشلوپ يازغان «جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە بايقال كۆلى رايونىدىكى قەدىمكى شەھەر ئورمۇشىغا ئائىت يېڭى ماتېرىياللار» غا قاراڭ. بۇ «ئارخېئولوگىيە» نىڭ 1960-يىلى 2-سانىغا بېسىلغان. كېشلوپ يازغان ۋە موروشيەن قاتارلىقلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «سىبىرىيەنىڭ قەدىمكى دەۋر تارىخى» نىڭ 2-قىسمى 8-باب. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن 1985-يىلى بېسىلغان.

⑥ كېشلوپ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، «1-قىسىم 57-بەت. يەنە تيەن گۇاڭجىن، گوسۇشىن يازغان «ئوردوس برونزا قوراللىرى»، مەدەنىي يادىكارلىق نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى. 326—327-بەت.

⑦⑨ «دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان. جۇبەگلىكىدىكى ئەربابلار ھەققىدە بايان» 2-جىلد.

⑧ «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «پەقەت گۇەنجۇڭلا بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى چېچى مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان، چاپىنىنى سول تەرەپتىن تۈگمىلەيدىغانلاردىندۇر» غا قاراڭ. «ئوردوس برونزا قوراللىرى» 391-بەتكە قاراڭ.

⑩ بۇ خىل يېزىق شەكىل جەھەتتە قەدىمكى گېرمان مىللىتى قوللانغان رونىك ( Runic ) يېزىقى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىكەن، شۇنداقلا «تېيلى» لارنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلىغا مەنسۇپ بولغاچقا، مۇشۇنداق ئاتالغان.

⑪ دۇمن ليەنىس: «شىمالىي تۈرالار ۋە جۇڭگونىڭ دۆلىتى» بىرىنچى باب. خىبېي خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى.

⑫ «زىجىيۇمىنگنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە توغرا بايان» شۇنىڭگونىڭ 32-يىلى. ليۇشۇنشۇ.

⑬ «تاغ-ئېرىقلار قۇرئى، غەربىي چۆل تەزكىرىسى» شائخەي قەدىمكى كىتابلار

نەشرىياتى 1980-يىل نەشرى. 395-بەت.

⑭ گېشلوۋپ «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» 1-قىسىم 4-باب «ئوردوس بىرونزا قوراللىرى» 1985—200-بەتلەر. 326—327-بەتلەر.

⑮ «تارىخنامە. جىن بەگلىكىنىڭ نەسەبنامىسى»، «زوچيۇەنىڭ تەپسىرى» شۇەنگۇڭنىڭ 15-يىلى.

⑯ «ئوردوس بىرونزا قوراللىرى» دېگەن كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك سۈرەت ۋە ئىزاھاتقا قارالسۇن.

⑰ «ئوردوس بىرونزا قوراللىرى»غا قارالسۇن.

⑱ «كېيىنكى خەننامە. غەربىي چياڭلار ھەققىدە قىسسە» دىكى «بامبۇك يىلنامە» دىن ئېلىنغان ئىزاھاتقا قارالسۇن.

⑲ ۋاڭ گوۋېي: «گۇيلارغا قېرىنداش غەيرىي مىللەت ھۇنلار ئۈستىدە تەھلىل» «گۇەنتاڭ توپلىمى» 13-جىلد. «ۋاڭ گوۋېي ئەسەرلىرى» 2-كىتاب. شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار كىتابخانىسىنى 1983-يىل نەشرى.

⑳ گېشلوۋپ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» 1-قىسىم 47 — 50-بەتلەر.

㉑ «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» 1-قىسىم، 55 — 69-بەتلەر.

㉒ گېشلوۋپ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» 57 — 58-بەتلەر.

㉓ قاراسوق مەدەنىيىتى: 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى سوۋېت ئارخېئولوگلىرى تۇنجى بولۇپ قاراسوق دەريا ساھىلىدە مۇشۇ مەدەنىيەتكە ئائىت قەبرىلەرنى قېزىپ چىققان بولغاچقا، ئەنە شۇ نام بېرىلگەن.

㉔ «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» 1-قىسىم 4-باب. قەبرىستانلىق ھەققىدىكى بايانلار.

㉕ «تارىخنامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

㉖ (سوۋېت ئىتتىپاقى) مىخايلوۋپ يازغان، جۇجەنباۋ تەرجىمە قىلغان «سىبىرىيە» دېگەن كىتابنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە بايانلىرى. شاڭخۇ باسمىخانىسى 1958-يىل نەشرى.

㉗ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى، ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى»، ۋېي بەگلىكى ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات: «شى رۇڭ تەزكىرىسى» دىن كەلتۈرۈلگەن ئىزاھاتتا «غەربىي دىڭلىڭ» ۋە «شىمالىي دىڭلىڭ» (شەرقىي دىڭلىڭ) سۆزلىرى بىرىنچى قېتىم

تىلغا ئېلىنغاندى.

㉘ بەينياۋ كۇجى. «هۇنلار ھەققىدە ئىزدىنىش» لىن گەن تەھرىرلىگەندىكى «هۇنلار تارىخى توغرىسىدا تاللانغان ماقالىلەر»گە كىرگۈزۈلگەن. جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1983-يىل نەشرى.

㉙ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى بالقاش كۆلىنىڭ ئولى تەرىپىدە ئىدى»، «يېڭى تاڭنامە. قارلۇقلار ھەققىدە قىسسە»، «قارلۇقلار تۈركىي قەبىلىدىن. ئۇلار بېشبالىقنىڭ غەربىي شىمالىدا، ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدە ئىدى».

㉚ گېشلوپ «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» 1-قىسىم 5-باب.

㉛ «قانۇنلار قامۇسى. دوپولار».

㉜ «قانۇنلار قامۇسى. پومالار» (باسمىللار).

㉝ «قانۇنلار قامۇسى. جىيىگۇ»، «ئابى هايات زىيارىتى» 199-جىلد. «قىرغىزلار».

㉞ «قانۇنلار قامۇسى. پومالار» (باسمىللار).

㉟ يۇجى: «تەرىقەت باغچىسىدا قەدىمكىلەردىن ئۆگىنىش خاتىرىسى» 24-جىلد. «قوجو بەگلىكلىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى».

㊱ فېڭ چىڭجۈن تەرجىمە قىلغان «دوسان موڭغۇل تارىخى» 1-جىلد. جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1962-يىل نەشرى.

㊲ «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

㊳ «خەننامە. لىلىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى يەن شۇنگۇنىڭ ئىزاھى.

㊴㊵ «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

㊶ «كېيىنكى خەننامە. ئوغان سيانپىلار ھەققىدە قىسسە».

㊷ «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

㊸ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى. ئوغان، سيانپىلار ۋە شەرقتىكى يات قەبىلىلەر ھەققىدە قىسسە»، «ۋېي بەگلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات»تىن ئېلىنغان ئىزاھات.

㊹ «كېيىنكى خەننامە. ئوغان، سيانپىلار ھەققىدە قىسسە».

㊺㊻ «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە».

㊼ جۇۋېيجۇ: «تۈرالار ۋە ئاۋارلار» شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1983-يىل نەشرى.

34—35-بەتلەر.

⑱ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىق تەزكىرىسى».

⑲ «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، گېڭلۇپ يازغان، جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى 2-قىسىم 8—9-بابلار.

⑳ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قائىقلىلار ھەققىدە قىسسە».

㉑ دۈەن ليەنچىن «دىڭلىڭدىكى قائىقلىلار ۋە تېللار». شائەنشى خەلق نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى 188-بەت.

㉒ «جىننامە. مۇرۇڭجۇن خاتىرىسى»، «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە».

㉓㉔ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قائىقلىلار ھەققىدە قىسسە».

㉕ «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىكى تەختكە چىقىشىنىڭ 5-يىلى ۋە «ۋېينامە. قائىقلىلار ھەققىدە قىسسە» دېگەن ماددىغا قارالسۇن.

㉖ «ۋېينامە. قائىقلىلار ھەققىدە قىسسە»، «ۋېينامە. ئاۋارلار ھەققىدە قىسسە».

㉗ «ۋېينامە. قائىقلىلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «ۋېينامە. ئاۋارلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ھەممىسىدە «يۈز مىڭدىن ئارتۇق قەبىلە» دەپ يېزىلغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. ئاۋارلار ھەققىدە قىسسە» دە «يۈز مىڭدىن ئارتۇق» دېيىلگەن. بۇ يەردە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» غا ئاساسلانغان.

㉘ خاماتا (Harmatta) «بۆگۈخان ئابىرىسى ھەققىدە» ئىنگلىزچە «شەرق ژۇرنىلى» (AOH) 1985-يىل 39-جىلد.

㉙ جۇۋېيجۇ: «تۇرالار ۋە ئاۋارالار» 53-بەت.

㉚ «ۋېينامە. ئاۋارلار ھەققىدە قىسسە».

㉛ «ۋېينامە. قائىقلىلار ھەققىدە قىسسە».

㉜ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قائىقلىلار ھەققىدە قىسسە».

## ئىككىنچى باب

# قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇشۇشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى

### 1. توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر

شەرقىي قاڭقىللارنىڭ تەركىبىدە ناھايىتى كۆپ تۈرلۈك قەبىلىلىرى بار ئىدى. بۇ قەبىلىلەر ئىچىدە داڭلىق ئىككى گۇرۇھ بولۇپ، بىرى ئۆزلىرىنى «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتايتتى؛ يەنە بىرى «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىككى گۇرۇھ كېيىنچە ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ يادروسى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقىلىپ يۈردى:

بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوندا، ئون دەريا ئېقىپ ئۆتىدىغان بىر جاي بار ئىمىش، يەنە بىر جايدا توققۇز دەريا بار ئىمىش. قەدىمكى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھېسابلانغان ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى مۇشۇ دەريالارنىڭ قىرغىقىدىكى تاغلار بىلەن يايلاقلار ئىكەن. ئون دەريانى ياقىلاپ ئولتۇراقلاشقانلار «ئون ئۇيغۇر»، توققۇز دەريا رايونىدىكىلەر «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتىلىدىكەن. ھېلىقى ئون دەريا بىر تۇتاش ھالدا ئون كۆن سۇ دېيىلىدىكەن. بۇ سۇلارنىڭ نامى ئايرىم-ئايرىم يېشىللىق، ۋۇدىنگىر، بوجىس، ۋۇسقۇندۇر، توغلا، تار-تار، ئېدىل، ئۇچ تەبىن، ھەمرابقۇ ۋە

ئۆتتوكەن دېگەن ناملاردىن ئىبارەت ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى ئۈچ دەريا ساھىلىدا تۇرىدىغانلار توققۇز قەبىلە بولۇپ، قالغان تۆت دەريا ساھىلىدىكىلەر بەش قەبىلە ئىكەن. توققۇزىنچى دەريا ياقىسىدا تۇرىدىغانلار «لۇڭ» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئونىنچى دەريا ساھىلىدىكىلەر «هاماغ- ئۆكۇس» قەبىلىسى ئىكەن.

نەچچە يىللار ۋە دەۋرلەر ئۆتۈپمۇ، بۇ قەبىلىلەردە ئورتاق بىر جەمەت پېشىۋاسى بولماپتۇ. ھەر قانداق چاغدا، ھەر قايسى قەبىلىلەر ئۆزئارا زورلۇق ئىشلىتىپ تالاش-تارتىش قىلىدىكەن-دە، مەلۇم بىر ئۇرۇقتىن بىرەر كۈچتوڭگۇر ئادەم چىقىپ، شۇ قەبىلىگە داھىي بولىدىكەن. كېيىنچە ھەر قايسى قەبىلىلەر ئورتاق مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ قۇرۇلتاي ئېچىپتۇ، قورۇلتايغا قاتناشقانلار ئىشكە قەبىلىسىدىن ئەڭ ئاقىل بىرىنى ئۆزلىرىگە داھىي قىلىپ تاللاپ، ئۇنىڭغا ئېركىن دەپ نام بېرىپتۇ. ئون كۈن قەبىلىسىدىن يەنە بىر ئەڭ ئەقىللىك ئادەمنى داھىيلىققا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا «ئىلتىرىش» دەپ نام قويۇپتۇ ۋە بۇ ئىككى ئادەمنى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ جەمەت پېشىۋاسى قىلىپ سايلاپتۇ. بۇ ئىككى نەپەر جەمەت پېشىۋاسى تۇرۇشلۇق ئۇرۇقلار ئۇيغۇرلارغا يۈز نەچچە يىل ھۆكۈمران بولۇپتۇ①.

بۇ رىۋايەتتە كۆرسىتىلگەن ئون دەريا، شەك-شۈبھىسىزكى ئورقۇن دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىدۇر. ئورقۇن دەرياسىمۇ بايقال كۆلىگە ئېقىپ كىرىدىغان سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى تارماق ئېقىن. ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان نۇرغۇن كىچىك دەريالار بار. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى شەرقىي قاڭقىللار «لوھۇن كۆلى (ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شەرقىدىكى ئۈچنۇر كۆلى) نىڭ غەربىي شىمالىدىكى يۈز نەچچە چاقىرىم يىراق جايغا كۆچكەن» دېگەن سۆز مۇشۇ رىۋايەتتە كۆرسىتىلگەن رايون بىلەن ئوخشاش. ئورقۇن دەرياسى

قەدىمكى چاغلاردا «ئون كۇن سۇ» دەپ ئاتىلاتتى. «ئون كۇن» دېگەن سۆز تۈرك تىلىدىكى on--kun نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. قەدىمكى دەۋردە، ئېلىمىز نىڭ شىمالىدىكى قۇشنى توتېم قىلغان قەبىلىلەردە قۇياشقا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئادىتى بار ئىدى. چۈنكى ئۇلار نىڭ نەزەرىدە قۇشلار قۇياشنىڭ ۋەكىلى ئىدى. شىمالىي ئاسىيادىكى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر قايسى مىللەتلەردە ۋە ئېلىمىزدىكى قەدىمكى ئەپسانىلەردە قۇياش دەرەختىن تۇغۇلغان دېگەن قاراش بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار توققۇز قۇياش دەرەخنىڭ ئۈستۈنكى شېخىدا، بىر قۇياش تۆۋەنكى شېخىدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قۇشلار قونالايدۇ دەيتتى②.

ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تۇرۇپ ئۆزلىرىنى ئون ئۇيغۇر دەپ ئاتىغان بۇ قاڭقىللار قەبىلە گۇرۇھى، مەيلى ئۇلار ياشىغان جايدا ھەقىقەتەن ئون تارماق ئېقىن بولسۇن ياكى ئۇلار «ئون كۇن» دەپ ئاتالغان دەريا ئېقىنىنىڭ يېقىن يېرىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسۇن، ئۆزلىرىنى ئون ئۇيغۇر دەپ ئاتىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلار بەلكى ئونغا چوقۇنىدىغان ۋە قۇياشقا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان بولغاچقا، ئۆزلىرىگە ئون ئۇيغۇر دەپ نام بەرگەن ۋە شۇ تۇپەيلى ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى دەريا ئېقىنلىرىنى ئون كۇن دەرياسى دەپ ئاتىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىر خىل چۈشەندۈرۈشلەردە، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئون فامىلە ياكى ئون ئۇرۇق بولغان، ئۇيغۇر (uyɣur) دېگەن ئاتالغۇ تۈرك تىلىدىكى «ئۇيۇشقانلار» دېگەن سۆز، ئون ئۇيغۇر دېگىنىمىز «ئون فامىلىنىڭ بىرلەشكەنلىكى» دېيىلدى. كېيىنكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن بىلىشىمىزچە، ئون ئۇيغۇرنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياغلوقارلار ئۇرۇقىدىن چىققانىدى.

توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتالغان يەنە بىر قاڭقىللار قەبىلە

گۇرۇھى تۇغلا دەرياسى ساھىلىدا ئىدى. ھالبۇكى تۇغلا دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى «دولا» ياكى «تۇغولا» بولۇپ، بۇ تۈرك تىلىدىكى «توققۇز» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. تۇغلا دەرياسى دېگەن سۆز دەل «توققۇز دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. تۇرالار ئىچىدە توققۇزغا چوقۇنىدىغان قاراش بار ئىدى. شامان دىنىمۇ ئاسمان توققۇز قەۋەت بولىدۇ دەپ قارايتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «توققۇز تۇغلۇق خان» دېگەن ماددىدا «ئۆلكە رايونلارنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن، ئابروي-ئىناۋەتنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ توققۇزدىن ئارتۇق بولۇپ كېتىشىگە يول قويۇلمايتتى. چۈنكى توققۇز دېگەن بۇ سان بەخت-سائادەتنى دېرەك بېرەتتى» دەپ يېزىلغانىدى. كېيىنكى ئۇيغۇر خاقانلىقىدىمۇ ئىزچىل ③ رەۋىشتە توققۇزدىن ۋەزىر تەيىنلىنەتتى. ئۇيغۇرلار خوتۇنلارغا ئوتتۇغات نامى بېرىدىغان مۇراسىملاردا، ھەر قايسى ۋەزىرلەرنىڭ خوتۇنى تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ، «قۇياشنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئوردا ھويلىسىدا ئوڭ تەرەپنى بېسىپ توققۇز نۆۋەت ئايلىناتتى» ④. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان ( 维吾尔人 ) ئۇيغۇرلارمۇ توققۇزغا باش قوياتتى. «ساناقتا توققۇزنى بىرلىك قىلاتتى، بىر توققۇز، ئىككى توققۇز ۋە ئۈچ توققۇز دەپ ساناش قائىدە-يوسۇنلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى» ⑤ ئىدى. مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئۆزىنى «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتىغان بۇ قەبىلە گۇرۇھى، مەيلى «توققۇز دەريا» مەنىسىدىكى تۇغلا دەريا ساھىلىدا ياشىغان بولسۇن مەيلى ئۇلاردا توققۇزغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەت بار بولغان بولسۇن، ئۇلار ياكى ھەر ئىككى سەۋەب ئوخشاش رول ئوينىغان بولسۇن، ئۇلار ئۆزلىرىنى «توققۇز ئوغۇز» ( Tokuz—oɣuz ) ياكى «توققۇز ئۇرۇق» دەپ ئاتىدى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە،

مىلادى VI — V ئەسىرلەردە توغلا دەرياسى ساھىلىدا تۇرمۇش كەچۈرگەنلەر ئىچىدە بۆكۈ، توڭرا، بايىرغۇ، ئىزگىل، بوركلى، خون، قۇشۇف قاتارلىق قەبىلىلەر بار ئىدى دەپ خاتىرىلەندى. ياپونىيىلىك ئونوكاۋا ئېيىتىشىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئەسلى ئولتۇراقلاشقان ماكانىمۇ توغلا دەرياسى بويىدا ئىدى⑥. بۇ قەبىلىلەر كېيىنچە تەدرىجىي يوسۇندا باشقا ياقلارغا كۆچۈپ، بۆلۈنۈپ كەتتى، لېكىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ بۇرۇندىنلا مۇشۇ توققۇز ئوغۇز گۇرۇھىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن يۇقىرىدىكى رىۋايەتلەردە، توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئون ئۇيغۇرلارغا يېقىن ئەتراپتا يەنە 122 قەبىلىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە گەپ-سۆزلەر بار. لېكىن ئۇلارنىڭ نام-ئەمالى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. بۇنىڭدىن شەرقىي قاغۇشللار گۇرۇھىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

خەنزۇ يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ۋە باشقا يېزىقلار بىلەن كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ھەتتا VIII ئەسىردىن كېيىنكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىن يەنە باشقا توققۇز قەبىلە بىلەن توققۇز ئۇرۇقنىڭ ئىسمىنى تېپىپ چىقىپ، زورمۇزور ھالدا ئۇنى ھېلىقى توققۇز دېگەن سانغا تاڭدى. نەتىجىدە بۇ ئۇرۇنۇش باشقا تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن ماسلاشماي، ناھايىتى كۆپ چاتاق چىقتى. ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ قايىل قىلارلىق كۆچكە ئىگە چۈشەنچە شۇ ئىدىكى، توققۇز بىلەن ئوننىڭ ھەممىسى مەۋھۇم سان ئىدى، بۇ ساننىڭ ئۇلار ئەڭ باشتا ئولتۇراقلاشقان جايدىكى دەريالارنىڭ نامى بولۇشى ياكى ئۇلار ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە بەخت-سائادەتتىن دېرەك بېرىدىغان ئىككى سان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

ئەيني زاماندا، شۇ يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان باشقا قەبىلىلەرمۇ كۆپىنچە ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامى ئالدىغا توققۇز ياكى ئون دېگەن ساننى قوشۇپ ئىشلەتكەنتى. ئالايلۇق: غەربىي تۈركلەردىكى «ئون ئوق»، شەرقىي موڭغۇل دالاسىدىكى «توققۇز جاۋۇپ تاتارلىرى»، «توققۇز جاۋۇپ شىۋىلىرى» قاتارلىقلارنىڭمۇ توققۇز ياكى ئون دېگەن سانغا بولغان ھۆرمەتتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مىلادى VIII ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئورناتقان تۈرك يېزىقىدىكى تاش ئابىدىلەردە، توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئون ئۇيغۇرلار ئىككى ئىش سۈپىتىدە تولىمۇ ئېنىق ئايرىۋېتىلگەنىدى⑦. تۇرپاندىن تېپىلغان IX ئەسىردىن كېيىنكى تۇرپان ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن ھۆججەتلەردىمۇ ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز دېگەن سۆز كۆپ جايدا تىلغا ئېلىنىدى⑧. شۇ چاغدا ياشىغان بۇددا راھىبلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى «ئون جاۋۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ بەخت-سائادەت دۆلىتى» دەپ ئاتىدى⑨. ئەرەب يېزىقىدا يېزىلىپ XII ئەسىردە تاماملانغان «ھايۋاناتلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى» دېگەن ئەسەردە تۈركلەرنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ: «بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى توققۇز ئوغۇز، بەزىلىرى ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدۇ... ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىمۇ توققۇز جاۋۇپ خان دەپ ئاتىلىدۇ»⑩ دەپ يېزىلدى. تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە ياشايدىغان تۇۋاسلار ئۆزلىرىنى ھېلىھەم «ئون ئۇيغۇر» قەبىلىسى دەپ كەلمەكتە⑪.

يۇقىرىدىكى بايانلارنى يىغىنچاقلاش ئارقىلىق، بىز مۇنۇلارنى بىلىۋالىمىز: مىلادى III ئەسىرنىڭ 40-يىللىرى، سىيانپىلارنىڭ بۈيۈك ھەربىي ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن،

جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى شەرقىي تۇرالار جەنۇب تەرەپكە كۆچتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ئاقىدىغان بىر نەچچە چوڭ دەريا ساھىلىدا! ياشايدىغان قەبىلىلەر شەرقىي قاڭقىللار دەپ ئاتالدى. شەرقىي قاڭقىللار قەبىلىلىرى ئىچىدە، بىر-بىرىگە يېقىن ياشايدىغان ئىككى قەبىلە بولۇپ، ئۇلار ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىگە توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر گۇرۇھى دەپ نام بەردى. بۇ ئىككى گۇرۇھ تەدرىجىي يوسۇندا بىرلەشمە گەۋدە بولۇپ شەكىللەندى، ئۇلار VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن پۈتۈن موڭغۇل دالاسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ يادرو قەبىلىلىرى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قايسى دەۋردىكى ئۇيغۇر خاقانلىرى مۇشۇ ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇزلاردىن چىقتى. بۇ بىرلەشمە گەۋدىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنىڭ زورىيىشىغا ئەگەشكەن ھالدا، ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز دېگەن ئىككى ئاتالغۇنىڭ مەنىسىمۇ ئۆزلۈكسىز تولۇقلاندى. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئارا پەرقلەندۈرۈش تەس بولغان دەرىجىگە يەتتى. تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار دېگىنىمىز ياغلوقارلار ئىدى. توققۇز ئوغۇزنىڭ تەركىبىدە بولسا، ئەسلىدىكى شەرقىي قاڭقىللارغا تەئەللۇق بىر تالاي تۇرا قەبىلىلىرى بار ئىدى. كەڭ مەنە جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇزلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى دالىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن پۈتۈنسۇرۇك تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى.

## 2. يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئۇيغۇر قەبىلىسى

توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر گەرچە

ناھايىتى كۆپ ئىشەنچلىك تەركىبلەرنىڭ بولغىنىغا قارىماي يەنىلا رىۋايەت ئىدى، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئىشەنچلىك تارىخ دەپ قارىغىلى بولمايتتى. ئالدى بىلەن، بۇ رىۋايەتلەردە ئىنكاس قىلىنغان دەۋرلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىز بۇ قەدىمكى رىۋايەتلەرنى بىر چەتكە قويۇپ، خەنزۇ يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن تارىخىي كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلايلى:

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كىتابلاردا ئەڭ بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان ۋاقتى مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بولدى⑫. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تارىخىي كىتابلاردا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «يۈەنخې» (袁给)، «ۋېيخې» (韦给) ۋە «خۇيخې» (回给) دەپ ئاتالدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاتالغۇلار ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى بولغان تۈركىي تىل بىلەن ئۆزلىرى قويغان «ئۇيغۇر» (uyoq ur) دېگەن نامنىڭ ئوخشاشمىغان خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. uyoq ur دېگەننىڭ مەنىسى «بىرلىشىش» دېگەنلىك ئىدى. بۇ نام مىلادى IV ئەسىردىن ناھايىتى بۇرۇنلا مەۋجۇت بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ چاغلاردا تۈرالارنىڭ ئۆز يېزىقى بولمىغاچقا، IV ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تارىخىنى پەقەت كېيىنكىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپلا تەھلىل قىلىشقا ۋە پەرەز قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۇنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈشكە مۇمكىن بولمىدى. IV ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىز-دېرىكى خەنزۇچە يېزىق بىلەن پۈتۈلگەن تارىخىي كىتابلاردا مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولدى، ھەتتا بارغانسېرى ئېنىق، بارغانسېرى تەپسىلىي كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

مىلادى IV ئەسىردە، موڭغۇل دالاسىدا بىر مەھەل كېلىپ چىققان سىياسىي جەھەتتىكى بوشلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن، تۈرالار چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىغا تارقىلىش

ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شىمالىي ۋېي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇزلۇكسىز ھالدا شىمالغا يۇرۇش قىلىشى بىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ تۇرالارغا بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشتى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدىكى شەرقىي قاڭقىللار ئالتە قەبىلە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى دەل «يۈەنخې» ( 袁纥 ) يەنى ئۇيغۇرلار ئىدى. يەنە بىرى كېيىنچە ئۇيغۇرلار گۇرۇھىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن چۇبەلەر ئىدى. ئۇلار تارىخىي كىتابلاردا: «لوھۇن كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يۈز نەچچە چاقىرىم يىراق جايغا كۆچتى، كۆچلۈك قەبىلىگە ئايلاندى. ئاۋارلار بىلەن پات-پات ئۇرۇشۇپ تۇراتتى، ھەدېسىلا ۋېي بەگلىكىگىمۇ ھۇجۇم قىلاتتى»⑬ دەپ يېزىلدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى تەييۈەننىڭ 15-يىلى (390) شىمالىي ۋېيدىن داۋ ۋۇدى زور قوشۇن باشلاپ شىمالغا يۇرۇش قىلدى، «ئىككىنچى قەدەمدە لوھۇن كۆلىگە يېتىپ بېرىپ، قاڭقىللارنىڭ يۈەنخې (ئۇيغۇر) قەبىلىسىگە تويۇقسىز زەربە بېرىپ، ئۇلارنى يەڭدى، ئات، كالا، قوي بولۇپ 200 نەچچە مىڭ تۇياق مال-چارۋىنى ئولجا ئالدى»⑭. يۈەنشىڭنىڭ 2-يىلى (403) شىمالىي ۋېي سانغۇن ئى ۋېينى 20 مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن قوملۇقنىڭ شىمالىغا ئەۋەتتى، ئى ۋېي تۇرالارنىڭ «يۈەنخې» (ئۇيغۇر) قاتارلىق قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى⑮. ئىككى قېتىملىق ئېغىر تالاپەتتىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاۋار خاقانلىقى باش كۆتۈرۈپ، ناھايىتى تېزلىك بىلەن قوملۇقنىڭ شىمالىنى تىزگىنلىۋالدى. ئۇيغۇرلار ۋە توققۇز ئوغۇز قاتارلىق شەرقىي قاڭقىللارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى ئاۋار خاقانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ليۇسۇڭ يۈەنجيانىڭ 6-يىلى (429) غا كەلگەندە،

شىمالىي ۋېي قوملۇقنىڭ شىمالىغا چوڭ قوشۇن بىلەن ئاتلاندى، ئاۋارلار مەغلۇپ بولۇپ، قاڭقىللارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى شىمالىي ۋېيغا بېقىندى. شىمالىي ۋېي ئۆزىگە ئەل بولغان تۇرالارنى «قوملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى نەچچە مىڭ چاقىرىم يەرگە كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى»⑯. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارمۇ باشقا تۇرا قەبىلىلىرىگە ئوخشاش، قوملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە قورغاننىڭ ئەتراپىدا چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار بىر ياقتىن شىمالىي ۋېيغا چارۋا مەھسۇلاتلىرى تاپشۇردى ۋە ئۇلارنىڭ چېگرىدىكى قوشۇنلىرىنى ھەربىي تەمىنات بىلەن تەمىنلىدى، يەنە بىر ياقتىن شىمالىي ۋېينىڭ چېگرىسىنى ئاۋارلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلدى.

شىمالىي ۋېي ئالتە قورغاندا كۆپلەپ لەشكىرىي قوشۇن تۇرغۇزۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى قاڭقىللارغا تەھدىت سالدى ۋە ئۇلارنى باشقۇردى. باسقاق سانغۇن ۋە ئەمەلدارلار قاڭقىللارنى قول ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك يوسۇندا ئەزدى. بۇ ئەھۋال قاڭقىللارنىڭ كۆپ قېتىملىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. شىمالىي ۋېي بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، قاڭقىللاردىن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارنى جەنۇبتىكى خاقانلىقلارغا يەم قىلىپ بەردى. جەڭ جەريانىدا شىمالىي ۋېي سەركەردىلىرى قاڭقىللارنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىدى، ئۇلارنى ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ شەھەر-قەلئەلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلار ھەتتا جەنۇبىي خاقانلىقنىڭ سەركەردىلىرىگە، سىلەر بۇ تۇرالارنى قىرىپ تاشلىساڭلار، بىزنىڭ كۆشەندىلىرىمىزنى ئازايتىپ بەرگەن بولىسىلەر، دېدى. تۇرالار بۇ جەڭلەردە قاتتىق زىيان تارتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ سېپىل تۈۋىدە يېتىپ كەتكەن جەسەتلىرى دۆۋىلىنىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا دەسسەپ ماڭىدىغان شوتىغا ئايلاندى.

تەيخېنىڭ 18-يىلى (494) شىمالىي ۋېيدىن شياۋۋېندى

قاڭقىللاردىن توپلىغان قوشۇن بىلەن بىرلىكتە جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى. يېرىم يولغا بارغاندا قاڭقىللار ئىسيان كۆتۈردى، ئۇلار ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ خاقانى شۇقا بەگنى ئۆزلىرىگە خاقان قىلىپ سايلاپ، «قارشىلىق كۆرسەتتى». شىمالىي ۋېي ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى ئۇلارغا قارشى ماڭدۇردى. شۇقا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شىمالىي ۋېي قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. شۇقا ئىسيان كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنى يېتەكلەپ ئۇدۇل شىمالغا قاراپ ماڭدى ۋە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاۋارلارغا تەسلىم بولدى. شىمالىي ۋېينىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرگۈسى كەلمەي، جاڭياڭ بېگى يۈەن دۈنجىنىڭ قوماندانلىقىدا يەنە نۇرغۇن قوشۇننى ماڭغۇزدى. يۈەن دۈنجى كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، شۇقانىڭ ئالدىغا سوۋغا-سالام بىلەن ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئەل قىلىۋالماقچى بولدى. شۇقا ئۆزى باشلاپ ماڭغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن ئاۋارلارغا قارام بولغاندىن كېيىن، ئاۋارلار ئۇلارغا قۇل ئورنىدىكى قەبىلىدەك مۇئامىلە قىلدى. ئۇيغۇرلار ناھايىتى يامان كۈنلەرگە قالدى، دەل بۇ چاغدا شىمالىي ۋېينىڭ ئەلچىلىرى يېتىپ كەلگەن بولغاچقا، شۇقا خاقان ئۇيغۇرلارنى باشلاپ قايتىدىن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا ياندى ۋە شىمالىي ۋېيغا ئەل بولدى⑰.

جېڭگۇاڭنىڭ 4-يىلى (523) شىمالىي ۋېيدىكى ئالتە قورغاننىڭ ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلىرى ئۆز ئەتراپىدىكى قاڭقىللار، سىيانپىلار بىلەن بىرلىكتە كەڭ-كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ بۇ قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلدى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتتى ۋە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى سېلىنگا دەرياسى ساھىلىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ چاغدا، ئاۋار خاقانلىقى زاۋاللىققا يۈزلەنگەنىدى، ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ

شىمالىدىكى شەرقىي قاڭقىللار بىلەن بىرلىشىپ ئاۋارلارغا زەربە بەردى ۋە يېرىم مۇستەقىل ھالەتنى ساقلاپ قالدى، شۇنداقلا جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە قارارگاھ قۇرۇپ ئولتۇراقلاشقان قاڭقىللار خاقانلىقىنىڭ خاقانى ئاي ئۇجرۇنى ئۆزلىرىگە باش قىلدى.

غەربىي ۋېي داتوڭنىڭ 7-يىلى (541) قاڭقىللار خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى قەبىلىلەر يەنىلا جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بوگۇنكى بوغدا تېغىنىڭ شىمالىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن چۆبەلەر بىلەن ئىيبار تېغى (ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ تىزمىلىرى) دا ياشىغان سىرتاردۇشلار ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىلەردىن ئىدى.

## 3. شەرقىي تۈرك خاقانلىقى بىلەن بولغان كۈرەشلەر

مىلادى VI ئەسىردىن كېيىن، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدە ئاشىنا فامىلىلىك بىر تۈرا قەبىلىسى پەيدا بولدى ۋە قاڭقىللارنىڭ باشقا قەبىلىلىرى بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇردى. غەربىي ۋېي داتوڭنىڭ 12-يىلى (546) ئۇلار ئەسلىدىكى قاڭقىللاردىن 50مىڭ ئائىلىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ھەددىدىن زىيادە قۇدرەت تاپتى، ئارقىدىنلا قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلىپ ئاۋارلارنى يوقاتتى ھەمدە يۈەنچىننىڭ تۇنجى يىلى (552) تۈرك خاقانلىقىنى قۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ تۈرالار ياپلاقتىكى خوجايىنغا ئايلاندى. شەرقتىن غەربكىچە بولغان 10مىڭ چاقىرىم كەڭلىكتىكى پايانسىز ياپلاقتا تارقىلىپ ياشاۋاتقان تۈرا قەبىلىلىرى، ئاشىنا ئۇرۇقىنى يادرو قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن بىر مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇش جەريانىغا قەدەم قويدى. بىراق، ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيانقى تارقاقلىق، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، تۇرالارنىڭ قەبىلە ئىچكى مىللەت ئىچىگە قارىغاندا قويۇق ئىدى. شۇڭا ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ ھەر قايسى تۇرا قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى پەقەت ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى مۇقىم بولمىغان بىرلەشمە گەۋدە بىلەنلا چەكلەندى. شەرقتىكى ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى، غەربتىكى چۆبە، سىرتاردۇش قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى قەبىلىلەر گۇرۇھى ئوخشاشلا شەرقىي قاڭقىللاردىن بولۇپ، ئۇلار ئۆز زامانىسىدا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتى بولغان قاڭقىللار خاقانلىقىنى قۇرغانىدى. تارىخىي جەرياندا ئۇلار غەربىي تۇرالاردىن چىققان ئاشىنا ئۇرۇقى بىلەن ئاندا-ساندا مۇناسىۋەت باغلاپ كەلگەنىدى. ئىككى تەرەپنىڭ توي-تۆكۈن ئىشلىرى، ئۆلۈم-يىتىم ئۇزىتىش قاتارلىق ئۆرپ-ئادەتلىرىدىمۇ بەزى ئوخشاشلىقلار بار ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئاشىنا ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتكەن چاغلاردا، كەسكىن قارشىلىق كۆرسەتتى. تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى بۇ خىل بىرىكەلمەسلىك، تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى بوشاشتۇردى، ئۇنى تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال قىلىپ قويدى. شەرق بىلەن غەربتىكى ئىككى دۈشمەن كۈچ بىرلىشىپ، جەنۇب تەرەپتىكى كۈچلۈك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندىن كېيىن، تۈرك خاقانلىقىنى بىر يوللا يوقىتىپ تاشلىدى.

ئاشىنا ئۇرۇقى غەربىي تۇرالارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كەم دەرياسى ساھىلىدا قىرغىزلار بىلەن قوشنا ئولتۇردى. بۇ يەردە مول تۆمۈر كانلىرى بار ئىدى. ئاشىنا ئۇرۇقىدىكىلەر ناھايىتى بۇرۇندىنلا تۆمۈر تاۋلاپ داڭق چىقارغانىدى. كېيىنچە ئۇلار ئالتاي

تاغلىرىدىن ئۆتۈپ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كىردى ۋە تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بوغدا تېغى ئېتىكىدە ئولتۇراقلاشتى. بۇ تاغنىڭ غەربىدىن تاكى كۇسەننىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغقا قەدەر بولغان جايلار، ئەزەلدىن تارتىپ مىس، تۆمۈر، نۆشۈدۈر، كۆمۈر مەھسۇلاتلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى⑱. ئاشىنا ئۇرۇقىدىكىلەر كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، داۋاملىق تۇردە تۆمۈر قوراللارنى ياساش بىلەن شۇغۇللاندى. مىلادى V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئاۋارلار ئاشىنا قەبىلىسىنى تىز پۈكتۈردى ۋە ئۇلارنى ئاۋار خاقانلىقى ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇرلاپ «تۆمۈرچى قۇللار» دەپ ئاتىدى. ئۇلار ياسىغان تۆمۈر قوراللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە سېتىلىپ، تەسىر دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. ئەينى چاغلاردا ئاشىنا قەبىلىسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىۋاستە ئۇچراشمىغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن بەزى سوغدى كارۋانلىرى ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يەتكۈزدى، نەتىجىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى غەربىي ۋېي سۇلالىسى سوغدىلارنىڭ تونۇشتۇرغىنىغا ئاساسەن، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدى ھەمدە تۈرك دېگەن دوبۇل يەنى دوبۇلغا دەپ خاتا پەرەز قىلدى. ھالبۇكى، مىلادى VIII ئەسىردە تۈركلەر تەرىپىدىن پۈتۈلگەن ئابىدىلەردە ئۇلار ئۆزلىرىنى تۈرك (Tûrk) ياكى تۈرۈك (Tûrûk) دەپ يازغانىدى، بۇنىڭ مەنىسى «كۈچلۈك» دېگەنلىك ئىدى. شۇنداقلا بۇ ئاتالغۇ باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزىگە قويغان نامى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇنداقتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئاشىنا قەبىلىسىدىكى تۇرالارنى نېمىشقا تۈرك دەپ ئاتىغان بولغىيتتى؟ بۇ مەسىلىنى تىلشۇناسلار ۋە تارىخشۇناسلار ئوخشاش بولمىغان چۈشەندۈرۈشلەر بىلەن ھەر خىل شەرھلىدى. بۇ يەردە ئەڭ قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈش ۋېنگىرىيىلىك ئالىم خامىتا تەرىپىدىن يېقىندا

ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇ «تۈرك» دېگەن سۆز سوغدى تىلىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى، دەپ قارىدى. شۇ چاغلاردا سوغدى كارۋانلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي شىمال ئارىسىدا ھەرىكەت قىلاتتى، تۈرا ئاشىنا قەبىلىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى دەل شۇ كارۋانلار بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارغا يەتكۈزگەنىدى. سوغدى تىلىغا ئاساسەن، Türk دېگەن نامنىڭ كۆپلۈك ئوقۇلۇشى Türük بولاتتى، خەنزۇ يېزىقىغا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يەنە بىر ئاغدۇرغاندا تۈرك بولۇپ چىقتى[19] كېيىنكىلەر خاتا بولغان بولسا بولىۋەرسۇن دەپ كېتىۋەردى، خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي كىتابلاردىمۇ تۈرك سۆزى ئاشىنا تۈرالىرىنىڭ مەخسۇس نامى بولۇپ قالدى. ئاشىنا قەبىلىسى مىلادىنىڭ 255- يىلى قۇملۇقنىڭ شىمالىدا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي كىتابلار بۇ دۆلەتنى «تۈرك خاقانلىقى» دەپ ئاتىدى. ئەينى ۋاقىتتا، باشقا تۈرا قەبىلىلىرى داۋاملىق ھالدا تۈرا دەپ ئاتالدى. ھالبۇكى، بىز ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان ئابىدىلەردىن، شۇ چاغدىكى تۈرالارنىڭ ئۆزىگە قويغان نامى بىلەن خەنزۇچە يېزىقتىكى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەنلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئاشىنا قەبىلىسى دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى بارلىق تۈرالارنىڭ پادىشاھى ۋە ۋەكىلى دەپ بىلدى ھەمدە ئۆزلىرىنى داۋاملىق يوسۇندا Türk دەپ ئاتىدى (بۇنى تۈرك دەپ تەرجىمە قىلساقمۇ ياكى تۈرا دەپ تەرجىمە قىلساقمۇ بولىۋېرەتتى). باشقا تۈرا قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنى يەنىلا قەبىلە نامى بىلەن ئاتاۋەردى. ئالايلۇق: توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر، ئاتبىئىز، قارلۇق قاتارلىقلار[20]. مىلادى 582 -يىلى تۈرك خاقانلىقى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي كىتابلاردا شەرقىي تۈركلەر، غەربىي تۈركلەر دەپ

ئاتالدى. لېكىن تۇرا قەبىلىلىرى ئىچىدە پەقەت شەرقىي تۈرك خاقانلىقىلا نەسەپكە ئۇيغۇن كېلىدۇ دەيدىغان قاراش بولغاچقا، Türük سۆزى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئىسمى بولۇپ قالدى. غەربىي تۈركلەر «ئون ئوق» ياكى «ئون جەمەت» (21) دەپ ئاتالدى. باشقا تۇرا قەبىلىلىرى ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىنى قوللىنىۋەردى.

شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇرا ۋە تۈرك دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورتاق مەنىسى Türk . لېكىن، خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي كىتابلاردا، بۇ ئىككى ئاتالغۇ تىل مەنىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئاتالغۇ دەپ ئىستېمال قىلىندى: تۈرك ئاتالغۇسى ئاساسلىقى بىرەر خاقانلىق ۋە شۇ خاقانلىقتىكى ھۆكۈمران قەبىلىنى كۆزدە تۇتىدىغان سىياسىي تۈسكە ئىگە ئاتالغۇ بولۇپ قالدى؛ تۇرا ئاتالغۇسى بولسا، ھېلىقى ھۆكۈمران قەبىلىلەرنىڭ سىرتىدىكى بارلىق قەبىلىلەرنى كۆزدە تۇتىدىغان بىرەر مىللەتنىڭ نامى بولۇپ قالدى. ئىپادىلەشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەزكۇر ئەسەردە ئىشلىتىلگەن تۈرك سۆزى، خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان يۇقىرىقى مەنىگە يېقىندىن ئىستېمال قىلىندى.

يۈەنچېننىڭ تۇنجى يىلى (552) تۈركلەر «شەرقتە لياۋخەي دېڭىزىنىڭ غەربىگىچە، غەربتە 10 مىڭ چاقىرىم يىراقتىكى ئابىسكون دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىغىچە، شىمالدا بەش-ئالتە مىڭ چاقىرىم نېرىدىكى بايقال كۆلىگىچە» بولغان بۈيۈك بىر خاقانلىقنى قۇرۇپ، بىراقلا شەرقىي ئاسىيانىڭ ھاكىمىيىگى بولدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدىكى ئىككى كىچىك سۇلالە شىمالىي جۇ بىلەن شىمالىي چى ئۇنىڭغا ئەل بولۇپ، سېلىق تۆلەيدىغان بولدى. تۈرك خاقانلىقى ھەر قايسى تارقاق تۇرا قەبىلىلىرىنى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزدى، سېلىنگا دەرياسى بىلەن تۇغلا دەرياسى ساھىلىدا

ياشايدىغان ئۇيغۇر — توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىمۇ تۈركلەرگە قارام بولدى. ھالبۇكى، تۈركلەر دۆلەت قۇرۇشنا ئاساسلىقى باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە تاياندى. شۇڭا «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «تۈركلەر دۆلەت قۇرۇپ، شەرقتىن غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، شىمالدىكى دەشتلەرنى قولىغا ئالدى» دەپ يېزىلدى. دېمەك، تۈرك خاقانلىقى، تۇرالارنى ئاساس قىلغان بۈيۈك خاقانلىق ئىدى.

ئاشىنا ئۇرۇقى بىلەن تۇرالار قەبىلىسى ئەسلى بىر مىللەت ئىدى. تۈرك خاقانلىقىنىڭ تىكلىنىشى مىڭ نەچچە يۈز يىل مەبەينىدە ئىزچىل رەۋىشتە تارقاق ياشىغان تۇرا قەبىلىلىرىنى ئۇيۇشۇپ بىرلىككە كەلگەن مىللەت بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. لېكىن ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تار ئۇرۇقداشلىق، قانداشلىق كۆز قارىشىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار باشقا قەبىلىلەرنى ۋەھشىيلىك بىلەن تالان-تاراج قىلدى ۋە ئۇلارنى ئەزدى. تۈرك خاقانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 200 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، تۇرالارنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقىنى يادرو قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن بىر مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇش مۇساپىسى باشتىن-ئاياغ دېگۈدەك تاماملانمىدى. ئەكسىچە، ئىككى قارشى گۇرۇھ يەنى ئۇيغۇر — توققۇز ئوغۇزلار بىلەن سىر تاردۇشلارنىڭ ئەتراپىغا بارغانسېرى كۆپ تۇرا قەبىلىلىرى يىغىلدى.

تۈرك خاقانلىقىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىلغا بۆلۈنەتتى. بىرىنچى خىلدىكى ھۆكۈمران قەبىلە يەنى ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى تۈرك قەبىلىسى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى «كۆك تۈركلەر» (ئىلاھىي تۈرك) دەپ ئاتايتتى، ئورنى ئەڭ يۇقىرى خاقانلار ئەنە شۇ ئىلاھىي تۈركلەردىن بولاتتى، پۈتۈن خاقانلىقنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىسى

ئىدى. V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بۇ قەبىلىدە ئاران 500 تۈتۈن، تەخمىنەن ئىككى-ئۈچ مىڭ ئادەم بار ئىدى [22]. VI ئەسىرگە كېلىپ دۆلەت قۇرۇلغان چاغدا، نوپۇس ئون ھەسسىلەپ ئاشقان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا بىر نەچچە ئونمىڭ ئادەم ئىدى، خالاس. شۇڭا ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان «كۆك تۈركلەر» خاقانلىقتا ئىنتايىن ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلاتتى. ئىككىنچى خىلدىكىلەر كۆك تۈركلەر تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان تۈرا قەبىلىلىرى ئىدى. يايلاقتىكى خاقانلىقلارنىڭ كۆپچىلىكىدە تارخانلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، تۈركلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. تۈرك خاقانلىقى ئاشىنا قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن بۇ قەبىلىلەرگە تېكىن، ئېلتېرىشى، تۇتۇن، شاد قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك ئەمەل بىلەن تەيىنلىدى، ئۇلارنىڭ ئەمەلى نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە مىراس قالىدىغان بولدى، بۇ قەبىلىلەر ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ نامىنى ئازدىن-ئاز تىلغا ئېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تۈرك دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئادەم سانى تەخمىنەن 200 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلار تۈرك خاقانلىقى شەرق بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلغاندا تايىنىدىغان ئاساسىي كۈچ ئىدى، بىراق ئۇلارنىڭ ئورنى كۆك تۈركلەردىن تۆۋەن ئىدى. ئۈچىنچى خىلدىكىلەر تۈرك خاقانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرىدىغان، لېكىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك بويسۇندۇرۇلمىغان تۈرا قەبىلىلىرى بولۇپ، ئۇلار «تۈركلەرنىڭ باشقا قىسمى» ياكى «تۈركلەرنىڭ بېقىندى قىسمى» ئىدى. بۇ قەبىلىلەر ئۆز قەبىلە نامى بىلەن ئاتىلاتتى ھەمدە ئۆز قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئىچكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغانىدى. ئۇلار تۈرك خاقانلىقى ئالدىدا، ئاساسلىقى باج-سېلىقلارنى تۆلەش ۋە ھاشار-مەدىكارلىققا بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلاتتى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئادەم سانى ئالدىنقىلارغا قارىغاندا خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار تۈرك

خاقانلىقىنىڭ ئاساسلىق مالىيە مەنبەسى ئىدى. كۆك تۈركلەر ئۇلارنى قۇل قىلىپ ئورنىدا كۆرەتتى، ئۇلارنى بۇلاپ-تالايتتى ۋە ئېغىر ئىشلارغا سالاتتى. دېمەك، ئۇلار خاقانلىقتا ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. بۇ قەبىلىلەر تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېزىش، تالان-تاراج قىلىشىغا قارشىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، خاقانلىقتىكى ھۆكۈمرانلار بىلەن ئۈزلۈكسىز جەڭ قىلدى. چۆبەلەر، سىرتاردۇشلار ۋە ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلار مۇشۇ قەبىلىلەر ئىچىدىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ ئىككى گۇرۇھ ئىدى.

سۈي سۇلالىسى كەيخۇاڭنىڭ 3-يىلى (583) تۈرك خاقانلىقى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. غەربىي تۈركلەر ئون چوڭ تۇرا قەبىلىسىدىن تەركىب تاپتى ۋە ئون جەمەت دەپ ئاتالدى، ئۇلاردا تەخمىنەن 100 مىڭ ئادەم بار ئىدى. ئون جەمەتنىڭ سىرتىدا، يەنە سىرتاردۇشلار، چۆبەلەر، قارلۇق ۋە ئوغۇز قاتارلىق بىر مۇنچە تۇرا قەبىلىلىرى بولۇپ، ئۇلار يېرىم مۇستەقىل ھالەتنى ساقلاپ قالدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنى ئون جەمەتتىن تۆۋەن ئىدى. شەرقىي تۈركلەردە ئۆزلىرىنى بىر تۇتاش ھالدا تۈرك دەپ ئاتايدىغان قەبىلىلەرنىڭ ئادەم سانى ئوخشاشلا يۈز نەچچە مىڭ بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى خاقانلار قارارگاھىنىڭ ئەتراپىغا مەركەزلەشكەنىدى. لېكىن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تۇغلا دەرياسى بىلەن سېلىنگا دەرياسى ساھىلىدا، ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇزنى ئاساس قىلغان بەزى تۇرا قەبىلىلىرى بار ئىدى، ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا ئىسيان كۆتۈرەتتى.

تۈرك خاقانلىقى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بىر ھاكىمىيەت ئىدى، پۈتۈن كۆك تۈرك قەبىلىسى باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىدىغان قۇلدارلار سىنىپىغا ئايلاندى. ئەسلى «قۇللار قۇل ئىشلەتتى، دېدەكلەر دېدەك ئىشلەتتى» [23]. مۇشۇ تۈپەيلى، كۆك تۈركلەر بىلەن باشقا تۇرا

قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. بۇ ئەھۋال سۈي ۋېندىنىڭ تۈركلەرگە يۈرۈش قىلىش يارلىقىدا: «(تۈركلەر) قىلمىشى ۋەھشىي، قائىدە-قانۇنلىرى دەھشەتلىك... قەبىلە سىرتىدىكى دىيانەتلىك پۇقرالارنى چەتكە قاقتى. ھەممە ئادەملەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى، نارازىلىق كۆپەيدى، ئۇلار مەيدىسىگە مۇشتلاپ قان يىغلايدىغان بولدى. غەزەپ-نەپرىتى ئاشتى» ㉔ دەيدىغان جانلىق سۆزلەر بىلەن بايان قىلىندى.

لېكىن، ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قاتارلىق تۆرا قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقى ھامان مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشاتتى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى كۈچنىڭ تارقاقلىقىدا، يەنە بىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن ماسلاشمىغانلىقتا ئىدى.

سۈي سۇلالىسىدىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە پاراكەندىچىلىك كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ شىمالغا قاراشقا چولىسى تەگمىدى، تۈرك خاقانلىقى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، يايلاقنى بېشىغا كىيدى. سۈي-تاڭدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەت بىرلىككە كېلىپ كۈچەيدى. ئىككى دەۋردىكى بۇ سۇلالىلەر تۈركلەرنى بىردەكلا ئۆزىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى قاتارىدا كۆردى ھەمدە «يىراقتىكىسى بىلەن دوستلىشىپ، يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش، كۈچلۈكلىرىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، ئاجىزلىرى بىلەن بىرلىشىش» تاكتىكىسىنى قوللاندى، ئىسيان كۆتۈرگەن قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرگە قاپساپ ھۇجۇم قىلدى، بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز گۇرۇھى ۋە باشقا تۆرا قەبىلىلىرىگە باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى.

سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىمالىي جۇ، شىمالىي چىلارنىڭ بۇرۇنقىدەك تۈركلەرگە باج-سېلىق تاپشۇرۇپ، ئۇلاردىن تامانلىق تىلەيدىغان خورلۇق

پوزىتسىيىسىگە خاتىمە بېرىپ، ئەزەلدىن تۈركلەر بىلەن دۈشمەنلىشىپ كېلىۋاتقان تۇرا قەبىلىلىرى بىلەن بىرلەشتى، بولۇپمۇ تۈركلەر قارارگاھىنىڭ شىمالىدىكى سېلىنگا، تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر نوققۇز ئوغۇز گۇرۇھى بىلەن بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، تۈركلەر بىلەن قارشىلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز گۇرۇھى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئىتتىپاقى بىر نەچچە ئەسىرگىچە داۋاملاشتى.

كەيخۇاڭنىڭ تۇنجى يىلى (581) سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سېلىنگا دەرياسى ساھىلىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىقلار تۇرۇۋاتقان يەرگە باردى، «ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىچكى جەھەتتە ماسلىشىپ بېرىشكە دەۋەت قىلدى»㉕.

ئىككى تەرەپنىڭ ئىتتىپاقى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆز رولىنى جارى قىلدى. كەيخۇاڭنىڭ 2- يىلى تۈرك خاقانى ساۋارلو 400 مىڭ كىشىلىك ئوقياچى قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ جەنۇبىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. سۈي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بەرداشلىق بېرەلمىدى، نەچچە قېتىم جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى ۋە «خاقانىنىڭ ئوردىسىنى بېسىۋالماقچى» بولدى. بۇنىڭدىن قورققان ساۋارلو ئۆز قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتتى. سۈي سۇلالىسى خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ساۋارلو خاقان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركلەردىكى ئۈچ خاقان ئۆزئارا تالاش-تارتىش قىلىدىغان بۆلۈنۈش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن كىمىن تۆرى خاقان مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبقا كەتتى ۋە سۈي سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن خۇاڭخې دەرياسى قولتۇقىدىكى رايونغا

ئورۇنلاشتۇرۇلدى. توڭا تۇران خاقان بىلەن تاردۇ خاقان ئاساسىي قوشۇنلىرىنى قوملۇقنىڭ جەنۇبىغا توپلاپ، سۈي سۇلالىسى بىلەن كىمىن تۆرى خاقانغا قارشى تۇردى. قوملۇقنىڭ شىمالىي قۇرۇقدىلىپ قالدى. نەتىجىدە، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى جانلىنىشقا يۈزلەندى. ئۇلار ئۆز ئارا ئالاقە باغلاپ، ئەينى چاغلاردىكى قاڭقىللار ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلاندى. كەيخۇاڭنىڭ 20-يىلى (600) توڭا تۇران خاقان قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تاردۇ ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلدى. سۈي قوشۇنلىرى تۈركلەرنىڭ «ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش بولۇپ، خاقانلىرى ئۆلتۈرۈلگەن» ㉖ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالغا يۈرۈش قىلدى ۋە تاردۇ خاقاننى مەغلۇپ قىلدى. ئوخشاش ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى «ئەل بولۇشقا ئۈندىدى» ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شىمالدىن قىستاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. تاردۇ خاقان جەنۇب بىلەن شىمالدىن بېرىلگەن زەربە ئالدىدا تارمار بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ئازارلارنىڭ قېشىغا كەتتى، شەرقىي تۈركلەر پۈتۈنلەي مالىمانچىلىقتا قالدى. شۇ چاغدا، تۇغلا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان سىرتاردۇش ۋە جۆبە قاتارلىق قەبىلىلەر، تۈركلەر دۆلەت قۇرغان كۈنلەردە بۇ يەرگە مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىنگەن قاڭقىللار خاقانلىقىنىڭ قالدۇقلىرى ئىدى. ئۇلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدى ۋە غەربكە كۆچۈپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىبار تېغى (ئالتۇنتاغنىڭ تارمىقى، بۈگۈنكى قوبدۇنىڭ غەربىي جەنۇبىي) ۋە تەڭرىتاغ (بۈگۈنكى بوغدا تېغى) لىرىنىڭ شىمالىدىكى بۇرۇنقى ئوتلاقلارغا يېتىپ باردى. سىرتاردۇش ۋە چۆبە قاتارلىقلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن غەربىي تۈركلەردىكى چۇلۇ خاقان ئۇزۇن ئۆتمەي سۈي سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. غەربكە

كۆچكەن سىرتاردۇش، چۆبە قەبىلىلىرى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىنى ئىگىلىدى ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىدىقۇت، ئىتۇسرغول، كېڭگىت قاتارلىق دۆلەتلەرنى بويسۇندۇردى. بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆزلىرىنى چوڭ خاقان، كىچىك خاقان دەپ جاكارلىدى. ئۇلار ئەمەلىيەتتە بىر زامانلاردىكى قاغانلار ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇن نەچچە يىلغىچە مۇستەقىل بولۇپ ياشىدى.

ئۇيغۇرلار سىبىنگا دەرياسى بويىدىن جەنۇبقا يۆتكىلىپ، ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىنى ئىگىلىدى ۋە تۇغلا دەرياسى بويىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەمدە توققۇز ئوغۇزلار گۇرۇھىغا مەنسۇپ بولغان بۆكۇ، تونگرا، بايىرغۇ، قۇلو قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ئىگىلىدى㉗. ئۇلار نامدا غەرب تەرەپتىكى چۆبە، سىرتاردۇش خاقانلىرىنى ئۆز ئاقساقاللىرى قاتاردا ھۆرمەت قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە نىسبەتەن مۇستەقىل بىر ئىتتىپاقداشلىقنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇرلارنىڭ سەركەردىسى سۈكۈن ئېركىن بۇ ئىتتىپاقداشلىقنىڭ داھىيسى بولدى.

چۆبە — سىرتاردۇش قاغانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى مۇستەقىللىكى، كۈچلۈك سۈي قوشۇنلىرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنى بويسۇندۇرغانلىقى ۋە تىزگىنلىگەنلىكىدىن بولدى. غەربىي تۈركلەردىن چۇلۇ خاقان تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر سەددىچىننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۈچ جايغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كىمىن تۆرى خاقاننىڭ ئاستىغا بىرلەشكەن شەرقىي تۈرك پۇقرالىرى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىن ئېتىكىدە «بۈيۈك سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىلىرىنى باقىدىغان» بولدى. سۈي سۇلالىسى سەددىچىن ياقىسىغا زور قوشۇن توپلاپ،

ئۆزىگە ئەل بولغان تۈرك يۇقىرالىرىنى قاتتىق نازارەت قىلدى ۋە باشقۇردى ھەمدە ئۇلارنى شىمالغا قايتىپ كېتەلمەيدىغان قىلىپ قويدى. لېكىن بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك سۈي سۇلالىسىنىڭ ئۆمرىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. سۈي ياڭدى «باي ۋە كۈچلۈكلۈككە تەمەننا قويدى، تويماس نەپسى بارغانسېرى يوغىنىدى»، دايەنىڭ 7-يىلى (611) دىن باشلاپ، چوڭ قوشۇننى شەرقكە يۆتكەپ، كورېيىگە قارشى ئۈچ مەرتىۋە يۈرۈش قىلدى. «شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى»، سۈي سۇلالىسى زاۋاللىققا قاراپ ماڭدى. بۇ ئەھۋال قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى شەرقىي، غەربىي تۈركلەرگە ئوبدان پۇرسەت يارىتىپ بەردى. غەربىي تۈركلەردىن شېئىر خاقان بىرىنچى بولۇپ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا قايتتى ۋە چۆبە-سىرتاردۇش خاقانلىقىنى قىستاپ كىردى. دايەنىڭ 8-يىلىغا كەلگەندە چۆبە بىلەن سىرتاردۇشلار خاقانلىقتىن ۋاز كەچتى ۋە غەربىي تۈركلەرگە يەنەبىر نۆۋەت قارام بولدى.

كىمىن تۆرى خاقان قۇرۇپ چىققان شەرقىي تۈرك خاقانلىقىدىن ئىشبارا خاقانمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ سۈي سۇلالىسىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلدى ۋە قۇملۇقنىڭ شىمالىغا لەشكەر تارتىپ ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىنى ئىشغال قىلدى. ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى توغلا دەرياسىنىڭ شىمالىي ۋە سېلىنگا دەرياسى بويلىرىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە شەرقىي تۈركلەرگە ئىككىنچى قېتىم قارام بولدى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ ۋە باشقا تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ تۈرك قاخانلىقى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگىشىدە ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى سەۋەب بار ئىدى. بىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن،

ئۇلارنى ياردەمچىسىز، يېتىم ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، شۇڭا ئۇلار ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىدى. يەنە بىرى ھەر قايسى تۇرا قەبىلىلىرى تولىمۇ تارقاق بولغاچقا، كۆك تۇركلەرنىڭ پارچىلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، ئۇڭايلا تۇگىشىپ كەتتى. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ھەر قايسى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى ۋە نوپۇس سانى «سۈينامە، تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغانىدى:

«تۇرالار. . . قەبىلىسى ئەڭ كۆپ. ئابسكون (كاسپىي دېڭىز) دىن شەرقكە قاراپ تاغ جىلغىلىرىنى ياقىلاپ ئورۇنلاشقان، ئۇلارنىڭ باش-ئايىغى كۆرۈنمەيدۇ. دۇلۇ (تۇغلا دەرياسى) نىڭ شىمالىدا بۆكۈ، تونگرا، ۋېيخې (ئۇيغۇر)، بايىرغۇ، فۇلولار بار، لەقىمى (تېكىن)، مېڭچىن، تۇرخۇ، ئىزگىل، خۇن، قوغۇرشۇ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ يارامىلىق 20 مىڭ ئەسكىرى بار. ئىۋىرغولنىڭ غەربىي، كېنگىتنىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغ (شەرقىي تەڭرى تاغلىرى) نى ياقىلاپ چىبنى، بۇلاغ، سوپۇ، ناگا، ئوغۇز، خاككاس، يېجى يۈنغو قاتارلىقلار ياشايدۇ، يارامىلىق 20 مىڭ ئەسكىرى بار. ئالتۇنتاغنىڭ (ئالتاي تاغلىرى) غەربىي جەنۇبىدا سىرتاردۇشلار، جىلار، زاباندېر، داچى ئايماقلىرى بار، ئەسكىرى 10مىڭدىن ئاشىدۇ. سوغدىيانا (سەمەرقەنت) نىڭ شىمالىدا، ئىدىل (ۋولگا) دەرياسى بويىدا قۇتتال، خىزەي، باخۇ، بىچەن، جوخاي، ھابېيچى، قوچاي، بايىرۋىكتا قاتارلىقلار ياشىدى، 30 مىڭدەك ئەسكىرى بار ئىدى. كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي بىلەن غەربىدە سولۇجيا، سان سويان، مىرسۇ، لۇڭخۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، ئادىمى 8000 دىن ئاشاتتى. پەرەڭ (شەرقىي رىم ۋە ئۇنىڭغا قارايدىغان ئاسىيانىڭ قىسمەن جايلىرى) نىڭ شەرقىدە ئېنجۈي، ئالان، بېيرىگۇل، بايىرخۇن

قاتارلىقلار بولۇپ، ئادىمى 20 مىڭغا يېتەتتى. شىمالىي دېڭىز (بايقال) نىڭ جەنۇبىدا دوپۇلار بار ئىدى. فامىلىسى ھەر خىل بولسىمۇ، ھەممىسى تۇرا دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ جەمەت پېشىۋاسى يوق ئىدى. ئايرىم ھالدا شەرقىي، غەربىي تۈركلەرگە قارايتتى.»

شۇنىسى ئېنىقكى، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرالار، شەرقتە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىي، تۇغلا دەرياسى ساھىلى ۋە ئۇنىڭ شىمالىغا قەدەر، غەربتە ئالتاي تاغلىرى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تاكى كاسپىي دېڭىزى ۋە ۋولگا دەرياسىغىچە تارقالغانىدى. مۇشۇ خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدىكى تۇرالار ھەممىسى بولۇپ 42 قەبىلە، يارامىلىق 100 مىڭ ئەسكەردىن تەركىب تاپقانىدى. ئەگەر ئۈچ نوپۇستىن بىرىنى ئەسكەر دەپ ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئادىمى 300 مىڭدىن كۆپ ئىدى. يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىز قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ㉘ قوشقاندا، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 500 مىڭدىن ئاشاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە غەربىي تۈركلەردىكى ئون جەمەتنى ۋە شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى يۈز نەچچە مىڭ ئادەمنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، شۇ چاغدىكى تۇرالارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 700 مىڭ ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يايلاقتا يەنە ئەسىر قىلىپ تۇتۇپ كېلىنگەن خەنزۇلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ كىرگەن توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرى بار ئىدى. ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدا، تۇرالارنىڭ كۆپ قىسمى غەربىي تۈركلەرگە قارايتتى) ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا 31 قەبىلە، 90 مىڭغا يېقىن يارامىلىق ئەسكەر بار ئىدى)، مۇنداقچە ئېيتقاندا جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ غەربىدە تەخمىنەن 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سىرتادۇشلار ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. جەنۇبىي سىبىرىيىدە 200

مىڭدەك ئادەم بار ئىدى. قىرغىزلار ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. تۇرالارنىڭ ئاز قىسمى شەرقىي تۈركلەرگە (11 قەبىلە، 20—30 مىڭ يارامىلىق ئەسكەر) قارايتتى، يەنە موڭغۇل دالاسىدىكىلەر 200 مىڭ ئادەمگە يەتمەيتتى، بۇلارنىڭمۇ يېرىمىدىن كۆپرەكى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئالىقىنىدا ئىدى. قالغان يېرىمى ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىقىنى ئاساس قىلاتتى.

تۇرا قەبىلىلىرىدىكى بۇ خىل تارقاق ۋەزىيەتتە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە، سىرتاردۇشلار غەرب تەرەپتە ئولتۇراقلاشقان زور تۈركۈم تۇرا قەبىلىلىرىنى باشلاپ شەرققە كۆچتى ۋە ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز گۇرۇھى بىلەن قوشۇلدى، نەتىجىدە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا تۈركلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۈستۈنلۈك شەكىللەندى.

ئۇيغۇرلار بىلەن سىرتاردۇشلارنىڭ يەنە بىر مەرتىۋە جانلىنىش پۇرستى، تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قايتىدىن بىرلىككە كېلىش، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ شەرققە كېلىپ يىغىلىشى، قۇملۇقنىڭ شىمالىدا زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن پەيدا بولدى.

ۋۇدېنىڭ تۇنجى يىلى (618) تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپلا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشى باشلاندى. شەرقىي تۈركلەرنىڭ خاقانى قاراخان خاقان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنى ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغان ئاقسۆڭەكلەردىن يوقۇقشاد بىلەن تۇرخان خاقاننىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قارارگاھنى دىڭشياڭ (بۈگۈنكى كۆكخوتنىڭ جەنۇبى) غا يۆتكەپ، زور قوشۇن

بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېقىنلاشتى ھەمدە ھە دېسىلا سېپىلدىن ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكىلەرنى تالان-تاراج قىلدى. ئۇ يەنە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى تەپرىقچى كۈچلەرنى قوللىدى. شۇنداقلا جۇ، چى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى «پارچىلاپ ئىدارە قىلىش» ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئۇندۇرۇۋالماقچى بولدى.

ۋۇدېنىڭ 9- يىلى (626) شەرقىي تۈركلەر 100 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، سەددىچىنگە كىردى ۋە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ۋېيخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى. تاڭ تەيزۇڭ قوشۇن باشلاپ ۋېيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا سەپ تۈزۈپ، ئۇلار بىلەن تىركەشمەكچى بولدى. تۈركلەر خاقانلىق بويىچە جەنۇبقا ئاتلانغان بولغاچقا، قۇملۇقنىڭ شىمالى بوش قالغانىدى، شۇ يىلى 8- ئايدا ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز گۇرۇھىدىكى ئون نەچچە قەبىلە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى. قاراخان خاقان ئەسلىدە يوقۇقشاد بىلەن تۇرخان خاقاننى قۇملۇقنىڭ شىمالىنى باشقۇرۇشقا قالدۇرغانىدى. لېكىن، تۇرخان خاقان قاراخان خاقان بىلەن بىرلىكتە جەنۇبقا ماڭدى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ يوقۇقشادنى قوغلىۋەتتى ھەمدە تۇرخان خاقاننىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز گۇرۇھى قۇملۇقنىڭ شىمالىنى ئۆز قولىغا ئالدى، شەرقىي تۈرك خاقانلىقى ئۆزىنىڭ يېرىم زېمىنىنى يەنى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارنى شىمالدىكى قارارگاھى بىلەن قوشۇپ قولدىن كەتكۈزۈپ قويدى.

مۇشۇ چاغدا ئۇيغۇر ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ سەركەردىسى سۈكۈن ئېركىن ۋاپات بولۇپ، ئوغلى پۇساد تېكىن تەختكە ئولتۇرغانىدى. ئۇيغۇر، ياغلوقار قەبىلىلىرىدىن ئاتا مىراس

ۋارىس سەركەردىلەرنىڭ چىقىشى مۇشۇنىڭدىن باشلاندى. پۇساد قابىلىيەت جەھەتتە دادىسىنى بېسىپ چۈشەتتى. تارىخىي كىتابلاردىمۇ: «باتۇر ھەم پاراسەتلىك، ئوۋ خۇمار، جەڭگە چۈشسە لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، دۈچ كەلگەن ھەر قانداق دۈشمەننى تارمار قىلالايتتى، شۇڭا ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى» دەپ يېزىلغانىدى㉙. پۇسادنىڭ ئانىسى ئۇرنقۇت «مىجەزى چۇس، قەبىلىدىكى ئىشلارنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلالايدىغان» ئايال ئىدى㉚. ئانا-بالا پۇسادلارنىڭ ئىدارە قىلىشى بىلەن «ئۇيغۇرلار روناق تېپىشقا باشلىدى» ۋە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ھاكىمىيىگى بولدى. پۇساد ئۆزىنى «تىرىك ئىلتەبىر» (ئالپ ئىلتەبىر) دەپ ئاتاپ، ئورنىنى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدى ھەمدە سېلىنگا دەرياسى بويىدىن جەنۇبقا يۆتكىلىپ، تۇغلا دەرياسى ساھىلىغا قارارگاھ قۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز ئىتتىپاقداشلىقى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سېلىنگا، ئۇرقۇن ۋە تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلىدى. ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىن ئىبارەت بۇ رايون، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى سۇيى ئەلۋەك، ئوتلاقلىرى مۇنبەت، نوپۇسى ئەڭ زىچ ئورۇنلاشقان گۈزەل جاي ئىدى. بۇ جاينى تىزگىنلىگەندە، پۈتۈن شىمالىي قۇملۇقتىكى يايلاقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى بولاتتى. شۇڭا تۈرك بىلگە خاقان «مەن نۇرغۇن يەرلەرگە قوشۇن باشلاپ باردىم، لېكىن ئۆتۈكەن تېغىدەك ياخشى جاينى كۆرمىدىم. دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جاي ئۆتۈكەن تېغى»㉛ دېگەنىدى.

جېنگۇەننىڭ تۇنجى يىلى (627) غەربىي تۈركلەرنىڭ خاقانى تون يابغۇ خاقاننىڭ كۈچى ئاجىزلاپ قالدى. ئىبار ئاغلىرىدا، تۇرۇۋاتقان سىرتاردۇشلارنىڭ ئاقساقىلى ئىنيەن

پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش كويىدا، تۇرا قەبىلىلىرىدىن 70 مىڭ ئۆيلۈك ئادەمنى باشلاپ شەرقتىكى كونا ماكانى (تۇغلا دەرياسىنىڭ جەنۇبى) غا قايتتى ۋە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار بىلەن بىرلەشتى. سىرتاردۇشلار بىلەن ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئىككى ئىسيانچى گۇرۇھنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كۈچى شەرقىي تۈركلەر بىلەن تىركىشەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى.

مۇشۇلار تۈپەيلى، تۈركلەر يالغۇز قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى دەشتتىن ئۆتۈپ شىمالغا بارغىلى بولىدىغان چېكىنىش يولىنىلا قولدىن بېرىپ قويماي، بەلكى جەنۇب بىلەن شىمالدىن تەڭلا زەربە يەيدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. تۈرك خاقانلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن شىمالغا ئاتلىنىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. شۇ يىلى قاراخان خاقان يوقۇقشادنى 100 مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن شىمالغا ئەۋەتتى. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە باشلىقى پۇساد 5000 ئاتلىقنى باشلاپ، قاراخان خاقان بىلەن مازۇڭشەن تېغىدا جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى يەڭدى. يوقۇقشاد قاچتى. پۇساد ئۇنى تەڭرىتاغلىرىغا قەدەر قوغلاپ، نۇرغۇن ئادەملىرىنى ئەسىر ئالدى، ئۇيغۇرلار مۇشۇنىڭ بىلەن جانلىنىپ كەتتى» ۋە «100 مىڭدەك ئادىمى، 50 مىڭدىن كۆپرەك ياراملىق قوشۇنى بولغان» ㉜ كۈچلۈك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈردى. ئەينى ۋاقىتتا سىرتاردۇشلار تۈركلەرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تۆت شاد قوشۇنىنى تار-مار قىلدى، دېمەك، تۈركلەرنىڭ تۇنجى قېتىملىق شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. قاراخان خاقان تولى خاقانىنى شەرقتىكى شىد، قوموق قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن يەنە بىر مەرتىۋە ئاتلاندۇردى، لېكىن بۇ قېتىمقى جەڭدىمۇ ئۇلار قاتتىق يېڭىلىپ قايتىپ كەلدى. ئۇيغۇر، سىرتاردۇش قاتارلىق تۇرا قىسىملىرىنىڭ غەلىبىسى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئارىغا

بۆلگۈنچىلىك سىلىش سىياسىتى تۈپەيلى، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچىدە پارچىلىنىش كېلىپ چىقتى، قاراخان خاقانىنىڭ تەسىر كۈچى شىددەت بىلەن تۆۋەنلىدى، جېنگۈەنىڭ تۈنجى يىلى (627) دىن كېيىن، تۈركلەر جەنۇبقىمۇ چۈشەلمەي، شىمالغىمۇ چىقالماي، مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

سىرتاردۇشلار قىسىملىرىنى يېتەكلەپ شەرقتىكى موڭغۇل دالاسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ كۈچلۈك بىر قەبىلىگە ئايلاندى. ئىككىنچى يىلى (628) ھەر قايسى تۈرا قەبىلىلىرى ئىركىن ئىنەننى خاقانلىققا كۆتۈردى، ئىنەن تۈركلەرنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشىدىن قورقۇپ، خاقانلىقنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە، تاڭ تەيزۇڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىنەنگە ئىنچۇ بىلگە خاقان دەيدىغان ئۇنۋاننى بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا «جەڭ دۇمبىقى، تۇغ-ئەلەم ئىنئام قىلدى». ئىنەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇ سۇلالىنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزىنى خاقان دەپ ئاتىدى ۋە سىرتاردۇشلار خاقانلىقىنى قۇردى. خاقانلىقنىڭ زېمىنى «شەرقتە موغاللارغىچە، غەربتە ئالتۇنتاغقىچە باردى، ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى قۇملۇققا، شىمالىي تەرىپى بۈگۈنكى ئېرگىنە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە تۇتاشتى. ئۇيغۇر، بايىرغۇ، ئاتىزلار، توڭرا، بۆكۈ، ئاقشىد قاتارلىق قەبىلىلەر مۇشۇ خاقانلىققا تەۋە بولدى»㉝. شۇنداق قىلىپ، پايانسىز موڭغۇل دالاسى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى دۈشمەن كۈچنىڭ قولىغا قالدى. ئۇنىڭ بىرى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى سىرتاردۇشلار، يەنە بىرى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەر ئىدى. تاڭ سۇلالىسى يىراقتىكىسى بىلەن دوستلىشىپ، يېقىندىكىسىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى بويىچە سىرتاردۇشلارنى يېنىغا تارتىپ، تۈركلەرگە ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى.

جېنگۇەننىڭ 3. يىلى (629) 100 مىڭدىن ئارتۇق جەڭچىدىن تەركىب تاپقان تاڭ قوشۇنلىرى شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا ئۇلار تۈركلەرنى چوغاي تاغلىرىدا پۈتۈنلەي تارمار قىلىپ، قاراخان خاقاننى تۇتۇۋالدى، شەرقىي تۈركلەر بىتچىت بولدى، 100 مىڭدىن كۆپ ئادەم تەسلىم بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېرى «چوغاي تاغلىرىدىن چوڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قەدەر كېڭەيدى» ، ئۇلار تۈركلەرنىڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىم جايىنى بېسىۋېلىپ، ئۆز چېگرىسىنى سىرتاردۇشلار خاقانلىقىنىڭ چېگرىسىغىچە ئۇلىدى. مۇشۇ يىلى، غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرى چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ تەيزۇڭنى «تەڭرى خاقان» دەپ تونۇدى. مۇشۇ تۆپەيلىدىن «كېيىنچە غەربىي شىمالدىكى قەبىلە ئاقساقاللىرىغا يوللانغان مۆھۈرلۈك مەكتۇپلاردا تەڭرى خاقان دەپ يېزىلىدىغان بولدى» . شۇنىڭدىن باشلاپ، جۇڭگونىڭ شىمالىي زېمىنى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قۇتۇلدى ۋە تاڭ سۇلالىسىنى يادرو قىلغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىكى شەكىللەندى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھالاكىتى ھەر قايسى ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بىۋاسىتە بېرىش-كېلىش قىلالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە، تۇرا قەبىلىلىرىدە يۈز بەرگەن ئەڭ روشەن ئۆزگىرىش، تۇرالغۇ يەرلەرنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارغا مەركەزلىشىشى ۋە قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن ئىبارەت بولدى. قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىشى جەريانىدا ئۇيغۇرلار شىددەت بىلەن زورايدى.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگىنى بويىچە، شۇ چاغدىكى تۇرالارنىڭ «ئون بەش قەبىلىسى قۇملۇقنىڭ شىمالىدا تارقاق ھالدا ياشايتتى» . سوي

سۇلالىسى دەۋرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ قەبىلىلەرنىڭ بېرىمىدىن كۆپرەكى ئازىيىپ كەتكەننىدى (سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە 42 قەبىلە ئىدى). ھالبۇكى، بۇ 15 قەبىلىنىڭ ئىچىدە، پەقەت ئون قەبىلىنىڭلا سۇي دەۋرىدىكى نامىنى تاپقىلى بولاتتى. قالغان قەبىلىنىڭ نامى ئۇلارنىڭ ئالدىنقى دەۋرلەردىكى نامى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايتتى. بۇ ئەھۋال، سۇي-تاڭ مەزگىلىدە، تۇرا قەبىلىلىرى ئىچىدە غايەت زور كۆلەمدىكى تەشكىللىنىشنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. سۇي دەۋرىدە، تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئون قەبىلىنىڭ 20 مىڭدىن كۆپ يارامىلىق جەڭچىسى بار ئىدى. ناۋادا ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدە بىرى ئەسكەر بولىدۇ (ئادەت بويىچە ھەر بەش ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم ئەسكەر بولاتتى — تەھرىردىن)، دەپ ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 60 مىڭ بولاتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، يۇقىرىدىكى ئون قەبىلىدىن پەقەت ئۇيغۇر، بۇكۇ، تۇڭرا قاتارلىق يەتتە قەبىلىلا قالدى، بۇلاردىن يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىلا يۈز مىڭغا يېقىن ئىدى. نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشى ھەمدە قەبىلە سانىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىن ئىبارەت بۇ ھادىسە، نامى يوقىلىپ كەتكەن ئۈچ قەبىلىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق كۈچلۈك قەبىلىلەر ئىچىگە سىڭىشىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. باشقا قەبىلىلەرنىڭ بېرىكىپ كېتىش ئەھۋالى ھەققىدىمۇ، تاڭ دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلغانىدى. ئالايلۇق: قوشۇ قەبىلىسى، قۇ ۋە شۇ قەبىلىلىرىدىكى «ئىككى فامىلىنىڭ بىرىكىشى» ئارقىلىق شەكىللەندى[31]. چۆبەيۇرك قەبىلىسى چۆبە بىلەن يۇرك قەبىلىلىرىدىكى «ئىككى فامىلىنىڭ بىرىكىشى» ئارقىلىق بارلىققا[32] كەلدى. قۇمۇقلار بىلەن ئىزگىللار بولسا ئىككى قەبىلىدىكى جەمەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقتى [30]. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش

هادىسىسى، بىر ياقتىن قەبىلىلەرنىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى تۈپەيلى يۈز بەرگەن بولسا، يەنە بىر ياقتىن قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى مالىمان ۋەزىيەتنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىنى ئۆز دۈشمەنلىرىگە بىرلىشىپ تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغانلىقى ۋە تۈرك هۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر نەتىجىسىدە شەكىللەندى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە، تۇرا قەبىلىلىرىدە يۈز بەرگەن يەنە بىر روشەن ئۆزگىرىش، هەرىكەت قىلىدىغان رايونلارنىڭ مەركەزلىشىشى، بولۇپمۇ غەربتىن شەرقكە قاراپ يىغىلىشتىن ئىبارەت بولدى. باشتا بايان قىلغىنىمىزدەك، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە، تۇرالارنىڭ 42 قەبىلىسى شەرقىي تەرەپتىكى ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ غەربتە ۋولگا دەرياسى ۋادىلىرىغىچە، ئارىلىقى شەرقتىن غەربكە نەچچە 10 مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان جەنۇبىي سىبىرىيە تاغ ئورمانلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلارغىچە بولغان زېمىندا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇلاردىن ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدە ئولتۇراقلاشقان 31 قەبىلىدە يارامىلىق 88 مىڭ جەڭچى بار ئىدى. ھالبۇكى، ئالتۇنتاغنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان 11 قەبىلىدە ئاران يارامىلىق 20 نەچچە مىڭلا جەڭچى بار ئىدى. مەيلى نوپۇس سانى ياكى قەبىلە سانىدا بولمىسۇن، غەربتىكىلەر كۆپ ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە، تەدرىجىي بىرلىككە كەلگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تۈركلەرگە قارىتا كۈنسايىن كۈچلۈك تەھدىت پەيدا قىلىشى ئارقىسىدا قاراخان خاقان ئاساسىي كۈچلىرىنى قوملۇقنىڭ جەنۇبىغا يۆتكىدى، قوملۇقنىڭ شىمال تەرىپى قۇرۇقدىلىپ قالدى، مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى، غەربتىكى تۇرالار شەرقكە كۆچتى. بولۇپمۇ، جىنگۇەنىنىڭ تۇنجى يىلى (627) سىرتاردۇشلارنىڭ شەرقكە كۆچۈشى بىلەن، تۇرالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى شىمالىي قوملۇق يايلاق

رايونىغا توپلاشتى، ئۇلارنىڭ نوپۇسى بىراقلا تۆت-بەش يۈز مىڭغا، ئەسكىرىي كۈچى 200 مىڭغا يەتتى[37]. بۇ ئەھۋال، تۈرك خاقانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ تېزلەتتى ۋە ئۇلارغا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش شەرت-شارائىتىنى ھازىرلاپ بەردى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدىكى تۇرالارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلىي تەرەققىياتى، ئاساسلىقى ئوخشاش بولمىغان قەبىلە، ئۇرۇقلار ئارا ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىشى ۋە تۆۋەنلىشىدىكى ئۆزگىرىشلەردە شۇنداقلا ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىپادىلەندى. غەلىبە بىلەن تاماملانغان ئۇرۇشلار قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنى تېز سۈرئەت بىلەن زورايتتى، چارۋىچىلار بولسا ئۇرۇش جەريانىدا كۈنسايىن نامراتلاشتى ۋە خاراب بولدى. كۆچۈش ۋە بىرىكىش نەتىجىسىدە، ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، ئۇرۇشتىكى يېڭىش-يېڭىلىش، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئورنىدىكى يۇقىرى-تۆۋەنلىكنى قايتىدىن بەلگىلەيدىغان ھالەت كېلىپ چىقتى. مۇشۇ تۈپەيلىدىن، شەرقىي تۈركلەر يوقىتىلغاندىن كېيىن، «پەقەت ئۇيغۇرلار بىلەن سىرتاردۇشلارلا ھەممىدىن كۈچلۈك» بولغان يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇرۇش ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇق ۋە جەمەتلەرنىڭ ئورنىدىكى پەرقلەرنى پەيدا قىلدى. ئادەتتىكى ئۇرۇقلار ئادەم ۋە مال-مۈلۈك جەھەتتە زىيان تارتقانلىقى ئۈچۈن بارغانسېرى ئاجىزلىدى، قەبىلە باشلىقلىرى تۇرۇشلۇق ئۇرۇقلار بولسا، زور مىقداردا غەنىيمەت ئالغان بايلىق ۋە ئەسىر ئېلىپ قۇل قىلغان ئادەملەرنىڭ تولۇقلىنىشى تۈپەيلى ئۈزلۈكسىز زورايدى ھەمدە باشقا قەبىلىلەرنىڭ شىلىسىگە مىنىۋېلىپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىدىغان بولدى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە، ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان سۈكۈن ئۇيغۇر قەبىلىسىگە باشلىق بولۇپ، ئۆزىنى ئېركىن دەپ جاكارلىغانىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىدا، سۈكۈن ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى پۇساد ئولتۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياغلاقار ئۇرۇقى ھۆكۈمران ئۇرۇقتىن بولۇپ قالدى.

جېنگۇەنىڭ تۇنجى يىلى (627) يۈسا 5000 ئاتلىق قوشۇن بىلەن تۈركلەرنىڭ 100 مىڭ ئادىمىنى تارمار قىلىپ، «ئۇلارنىڭ ئورغۇن ئادىمىنى ئەسىر ئالدى»، ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر كۈچى زورايدى، نەتىجىدە يۈساد تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئۆزىنى ئالپ ئىلتەبىر دەپ ئېلان قىلدى، ئورۇن جەھەتتىمۇ باشقا قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. دېمەك، ئورۇش سىنىپ بولۇپ بۆلۈنۈش قەدىمىنى تېزلەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇر، سىرتاردۇش قاتارلىق قەبىلە ئاقساقاللىرىدا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ئەۋج ئالدى. ئوخشاش بولمىغان قەبىلە ئاقساقاللىرى تۈرك خاقانلىقىدىكى ئەمەل نامىنى قوللىنىپ، يۇقىرى-تۆۋەن ۋە، قارامىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان بولدى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى چەك-چېگرا تېخىمۇ بۇزۇلدى، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى شەكىللەندى.

شۇنداق قىلىپ، تۇرالار جەمئىيىتىدە، ئاشىنا ئۇرۇقىدىكىلەر بىلەن باشقا تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن زۇلۇم ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشلىرىدىن سىرت، ھەر قايسى ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدىمۇ ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى يۈز بەردى. شەرقىي تۈرك خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى ئىچىدىكى بۇ خىل زىددىيەت، تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدىمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلدى، بۇ ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئىلتەبىرلىرى بىلەن سىرتاردۇش خاقانلىقى ئارىسىدىكى قۇملۇقنىڭ شىمالىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى تالىشىشتا ئىپادىلەندى.

## 4. سىرتاردۇشلار بىلەن ھاكىمىيەتلىك تالىشىش

سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار ئاران 11 قەبىلە بولۇپ، ئادەم سانى 60—70 مىڭ ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، سىرتاردۇشلار شەرقتىكى قەدىم ماكانىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئىنەن خاقان قارارگاھىنى توغلا دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكىدى. بۇ سۈيى

ئەلۋەك، ئوتلاقلىرى مۇنبەت، ئەڭ ياخشى قىشلىق ئوتلاق بولۇپ، ئەزەلدىنلا ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان گۈزەل جاي ئىدى. سىرتاردۇشلارنىڭ نەچچە 100 مىڭ ئادەم بىلەن بۇ يەرگە كېلىشى بىلەن، ئوتلاقتا قىستاڭچىلىق يۈز بەردى. ئەلۋەتتە ئەسلىدە مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن تۆرا قەبىلىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتلاق تالىشىش زىددىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، سىرتاردۇشلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھى ئوخشاشلا تۇغلا دەرياسى ساھىلىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنىڭ قوملۇقنىڭ شىمالىدا ياشاۋاتقان قەبىلىلەر ئىچىدىكى ھاكىمبەگلىك ئورنى سىرتاردۇشلارنىڭ خاقانى ئىنەننىڭ قولىغا ئۆتىشى كېرەك ئىدى. يۇساد ئىنەنگە يۇقىرا بولۇشقا ھەرگىز ئۇنىمايتتى، لېكىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تېخى سىرتاردۇشلاردەك كۈچلۈك بولمىغانلىقى شۇنداقلا ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ھېلىقى زىددىيەتلەرنىڭ دەرھال پارتلاپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، شۇ چاغدا ئورتاق دۈشمەن ھېسابلانغان تۈرك خاقانى قاراخان خاقان قوملۇقنىڭ جەنۇبىدا ئۇلارغا خىرىس قىلىپ تۇرماقتا ئىدى، ئۇنىڭ ھەدېسىلا شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ۋە تۈركلەردىن كېلىدىغان خەۋپ تۈپەيلى سىرتاردۇش خاقانلىقىغا بېقىنىشقا مەجبۇر بولدى.

جېنگۇەننىڭ 4- يىلى (630) تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركلەرنى يوقىتىپ، قاراخان خاقاننى تۇتۇۋالدى، شەرقىي تۈركلەردىن كېلىدىغان خەۋپ تۈگىدى، ئۇيغۇرلار بىلەن سىرتاردۇشلارنىڭ بىرلىك ئاساسىمۇ، مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ غايىب بولدى. بىراق، قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا سادىر بولغان قىستاڭچىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. ئەسلى ئۇيغۇر

ئىتتىپاقداشلىقىدىكى بەزى قەبىلىلەر، ئوتلاقىنىڭ كەمچىل بولۇشى، چارۋىچىلىقىنىڭ كاساتلىشىشى، چىدىغىلى بولمايدىغان نامراتلىق تۈپەيلى، ئۆزلىرىگە ھاياتلىق يولى ئىزدەپ، تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىشقا باشلىدى. جېنگۇەننىڭ 4 - يىلى 9- ئايدا، توققۇز ئوغۇزلاردىكى ئىزگىل قاتارلىق قەبىلىلەر پۈتۈنلەي پىتراپ كەتتى، يەنىلا چارۋىچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئامالسىز قالغان نەچچە ئونمىڭ ئادەم بىراقلا جەنۇبقا يۆتكىلىپ، سەددىچىندىن ئۆتتى-دە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى بۈگۈنكى سەنشىنىڭ شىمالىدا دېھقانچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى ㊳. جېنگۇەننىڭ 6 - يىلى (632) چۆبە يۇرەكلەر قەبىلىسىدىن 6000 نەچچە تۈتۈن جەنۇبقا كۆچۈپ سېپىلدىن ئۆتتى، تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى خېشى كارىدورىدا چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئورۇنلاشتۇردى㊴.

سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئوتلاقلارنى تارتىۋېلىش، سىرتاردۇش ئىنەن خاقانىنىڭ دۆلەت سىياسىتى بولۇپ قالدى. تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، تەسلىم بولغان تۈرك قوۋمىدىن 100 مىڭدەك ئادەمنى ئىچكىرى رايونلارغا كۆچۈرۈپ، سېپىلنىڭ ئىچى تەرىپىگە تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇردى. مۇشۇ تۈپەيلى، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا ھېچكىم قالمىدى. سىرتاردۇشلار مۇشۇ كاۋاكتىن پايدىلىنىپ جەنۇب تەرەپكە كېڭەيدى ۋە چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا قەدەر بېرىپ چارۋا باقتى، نەتىجىدە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئوتلاق يېتىشمەسلىك ئەھۋالى پەسكويغا چۈشتى. لېكىن بۇ ئىش تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىنى تالىشىدىغان زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

شەرقىي تۈركلەر ھالاك بولغاندىن كېيىن، شاد ئاشىنا سىر «غەربىي چېگرىنى قوغداپ» كونا سەلتەنەتنى ئەسلىگە

كەلتۈرمەكچى بولدى. كىچىك بەگزادە چۆبە خاقان نەچچە ئونمىڭ ئادەمنى باشلاپ ئالتۇنتاغ (ئالتاي تاغ تىزمىلىرى) نىڭ شىمالىغا قېچىپ بېرىپ، «ھە دېگىچىلا سىرتاردۇشلارنى تالان-تاراج قىلدى». ھالبۇكى، تۈركلەرنىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ تەسلىم بولغان 100 مىڭدەك ئادىمى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىدا «شىددەت بىلەن كۆپەيدى». «ياراملىق 40 مىڭ ئەسكەرگە ئىگە بولدى».

ئۇلار گەرچە سېپىلنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى مۇنبەت يايلاقلارنى ماراپلا يۈردى. بۇ دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ، سىرتاردۇشلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى توستى. بىراق، جېنگۇەننىڭ 9- يىلى (635) غا كەلگەندە، سىرتاردۇشلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا غەربىي تۈركلەردىن سى يابغۇ خاقان بىلەن ئاشناسىرنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلدى، چېگرىنى تېخىمۇ غەربكە كېڭەيتىپ، «ھۇنلارنىڭ قەدىم جايىنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ، يارامىلىق قوشۇنلىرىنىڭ سانىنى 200 مىڭغا يەتكۈزدى».

تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن سىرتاردۇشلار ئارىسىدىكى بىرلىكنىڭ ئاساسىمۇ تەڭلا غايىپ بولدى. سىرتاردۇشلار «سېپىلنىڭ شىمالى بوش قالغان» پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئوبدانلا ئوڭشىۋالدى ۋە تاڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ زېمىنى قىلىپ ئايرىۋالغان قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى قولىغا ئالدى. بۇ ئەھۋال تاڭ تەيزۇڭنى «ئۇلار كۈچىيىپ كېتىپ، ماڭا بالا-قازا ئېلىپ كېلەمدۇ- نېمە» دەيدىغان غەم-ئەندىشىسىگە گىرىپتار قىلىپ قويدى، نەتىجىدە ئۇ، سىرتاردۇشلارنىڭ يېيىنى قىرقىش كويىغا چۈشتى. بۇنىڭدىكى تاكتىكىنىڭ بىرى، سىرتاردۇشلار بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان زىددىيەتنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش؛ يەنە بىرى سېپىلنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كەلگەن شەرقىي تۈرك پۇقرالىرىنىڭ

قولى بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالنى ئارتتۇۋېلىش بولدى.

سىرتاردۇشلار دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۈركلەرنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى بىلەن قۇلدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى، قارام بولغان قەبىلىلەرنى دەھشەتلىك يوسۇندا بوزەك قىلدى. ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى بۇلاپ-تالاپ قۇل ئورنىدا ئىشلەتتى⑩. ناھايىتى كۆپ تۈرا قەبىلىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا چىداپ تۇرالماي تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ ئوخشاشلا قىينالدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىكىدىن ھېچقانچە ياخشى بولۇپ كېتەلمىدى. مۇشۇ تۈپەيلى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن سىرتاردۇشلارنىڭ زىددىيىتى كۈنسايىن كەسكىنلەشتى، قەبىلە ئاقساقىلى پۈسادنىڭ بىرەر ئىش قىلىشقا تەمشەلمەسلىكىدىكى بىردىنبىر سەۋەب، چوڭ دۆلەت بولغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىدىن ئىدى.

سىرتاردۇشلارنىڭ خاقانى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، بۇ ئارقىلىق قول ئاستىدىكىلەرنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە، جېنگۇەننىڭ 16- يىلى (642) «3000 تۇياق ئات، 38 مىڭ پارچە سۆسەر تېرىسى، كەھرىۋا، ئەينەك قاتارلىق سوۋغات» بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە قۇدا چۈشتى. تاڭ تەيزۇڭ ئۇيغۇرلارنى سىرتاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن، دەسلەپتە شىن شىڭ مەلىكىنى بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلىپ، كېيىن لەۋزىدە تۇرماي، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. ئۇ بۇ ئىشتا «بۈگۈن مەن ئۇنىڭ توي قىلىش تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئىززەت-ھۆرمىتىگە تەگدىم، بەدۋىيلەر (ئۇيغۇر قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرى) مېنىڭ بۇ قىلىقىمدىن خەۋەر تاپقان ھامان، سىرتاردۇشلارنىڭ ئۇچەي-قارنىنى چۇۋۇۋېتىدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى⑪.

بۇ چاغدا پۈساد ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئوغلى تومىد ئۇلۇغ

ئىلتەبىر تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ سىرتاردۇشلارنىڭ چوڭ دۆلەتنىڭ ياردىمىدىن قۇرۇق قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى باشلاپ ئاشكارا رەۋىشتە ئۇلار بىلەن دۈشمەنلەشتى ۋە سىرتاردۇشلار ئىگىلىۋالغان ئوتلاقلارنى قايتۇرۇۋالدى.

جېنگۇەننىڭ 14- يىلى (640) دىن كېيىن، تاڭ تەيزۇڭ ئاشىنا سىموغا سېپىلنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان 100 مىڭ تۈركنى باشلاپ شىمالغا كۆچۈشكە ۋە سىرتاردۇشلارنىڭ قولىدىن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىنى تارتىۋېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. سىرتاردۇشلار 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ جەنۇبقا يۆتكىلىپ، تۈركلەرگە زەربە بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئىككى تەرەپنىڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇشلىرى توختىماي داۋام قىلدى.

جېنگۇەننىڭ 20-يىلى (646)، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى تومىد پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بۆكۇ، توڭرا قەبىلىلىرىنى يېتەكلەپ سىرتاردۇشلارنىڭ خاقانى دومى خاقان تۇرۇشلۇق قارارگاھقا ھۇجۇم قىلدى، دومى خاقان قارام قەبىلىلەرنى باشلاپ دەرھال ياردەمگە كەلدى، دەل ئىككى تەرەپ قەھرلىك ئېلىشىۋاتقاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى سەددىچىن سېپىلى ئېتىكىدىكى لياڭجۇ، دەيجۇ، يىڭجۇ ئايماقلىرىدىن «نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى ۋە سىرتاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلدى»، سىرتاردۇشلار «قالايمىقانلىشىپ مەغلۇپ بولدى».

دومى خاقان مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇن بىلەن جەنۇبقا قېچىپ، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى يۇنجۇڭ دېگەن جايدا تۇرۇشلۇق ئاشىنا سۇكۇنىڭ قوچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. تومىد ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن تاكى يۇنجۇڭغا قەدەر قوغلاپ بېرىپ، ئاشىنا سۇكۇنىڭ قىسىملىرىنى يەڭدى ۋە دومى خاقاننى شۇنداقلا ئۇنىڭ پۈتۈن جەمەتىنى قويماي قىرىپ تاشلىدى. مۇشۇ جەڭدىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى مەركىزىي يايلاقلارنى پۈتۈنلەي

تىزگىنلىدى. باشقا رايونلاردا تۇرۇۋاتقان سىرتاردۇشلار تەرەپ-تەرەپكە قاچتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇگۇنكى شىنجاڭنىڭ بارىكول يايلىقىغا قېچىپ بارغان 70 مىڭ ئادەم ئىنەن خاقانىنىڭ جىيەنى دومىشنى خاقان قىلىپ كۆتۈرۈپ، يېڭىباشتىن قوراللىنىپ شەرقكە ئاتلاندى ھەمدە ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كونا ماكانىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. بۇ چاغدا سىرتاردۇشلارنىڭ قوملۇقنىڭ شىمالىدا قالغان ئىككى تارمىقىدىكى نەچچە ئونمىڭ ئادەم تېكىن تارخان بىلەن ئاپۇنىڭ باشچىلىقىدا دومىش بىلەن بىر. ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى زور دەرىجىدە ئەندىشىگە سالدى.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئاقساقاللار «دومىش كەپتۇ دېسە، قورقۇپ جېنى چىققۇدەك بولاتتى» ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنى توسۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. تاڭ سۇلالىسىدىكى ۋەزىرلەرمۇ سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنىڭ ئۆتۈكەن تېغىغا قايتىپ بېرىپ، قايتا دۆلەت قۇرۇپ قېلىشى ۋە يېڭىباشتىن «قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى بالايى-ئاپەت» بولۇپ شەكىللىنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، تاڭ تەيزۇڭ سەركەردە لى شىجىنى قوشۇن باشلاپ قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ سىرتاردۇشلارغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا سىرتاردۇشلاردىن تېكىن تارخان بىر قىسىم ئادىمى بىلەن لى شىجىنغا تەسلىم بولدى، دومىشمۇ ئۆزى يالغۇز ھالدا ئۇيغۇرلار تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ تاڭ سەركەردىلىرىگە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لى شىجى دومىشنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ باشقا ئادەملىرىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە «ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 5000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، 30 مىڭدىن كۆپ ئەر-ئايالنى ئەسىر ئالدى» [12]. ئارقىدىنلا ئاپۇنىڭ نەچچە ئونمىڭ ئادىمىنى تارمار قىلىپ،

«مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بېشىنى كېسىپ، شىمالغا ئىككى يۈز چاقىرىمغىچە قوغلاپ باردى»⑬، شۇنىڭ بىلەن سىرتاردۇشلار خاقانلىقى ئۇزۇل-كېسىل ھالاك بولدى.

## 5. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى ۋە يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى

سىرتاردۇشلارنىڭ ھالاكىتى موڭغۇل دالاسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلاندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارارگاھىنى تۇغلا دەرياسى ساھىلىدىن ئورقۇن دەرياسى بويىدىكى قارا بالغاسۇن دېگەن يەرگە يۆتكىدى. بۇ سۇيى ۋە ئوت-چۆپلىرى مول، قىشلىق يايلىقى ئوبدان، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم ئاھالىسى بار دەريا جىلغىسى ئىدى. بۇ يەر بىر چاغلاردا ھۇنلارنىڭ شاھانە قەسىرلىرى، ئاۋارلارنىڭ ئوردىسى، تۈركلەرنىڭ قارارگاھى ئورۇنلاشقان يەر ئىدى. مۇشۇنداق بىر يەرنى ئىگىلىگەندە، دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىنى يارىتقىلى بولاتتى.

لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ دەرھاللا بىر مۇستەقىل خاقانلىقنى قۇرۇپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز كۈچىنىڭ چەكلىكلىكى ۋە ئەتراپىدىكى ۋەزىيەت، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىشى قاتارلىق ئەھۋاللار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى تومىدنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش خىيالىغا توسالغۇ بولۇپ تۇراتتى.

تاڭ سۇلالىسى گەرچە ئون يىل ئەجىر قىلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ سىرتاردۇشلار خاقانلىقىنى يوقاتقان ھەمدە ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە ئىتتىپاقداش بولغان بولسىمۇ،

لېكىن تاڭ سۇلالىسى قۇملۇقنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يەنە بىر كۈچلۈك خاقانلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى ۋە مۇنداق بىر خاقانلىقنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. ئۇ ئۆز تەسىر كۈچىنى بىۋاسىتە ھالدا قۇملۇقنىڭ شىمالىغا يەتكۈزۈشنى ئويلايتتى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، تاڭ سۇلالىسى ئورقۇن دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇرلار قارارگاھىنىڭ يېنىغا يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، ئۇ يەرگە ئەمەلدارلارنى ئەۋەتتى ۋە قوشۇن تۇرغۇزدى. قۇملۇقنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەر قايسى قەبىلىلەرنى ئۆز تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۇتۇپ تۇرۇش ئايماقلىرىنى تەسىس قىلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەقسىتى پارچىلاپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ بۇ رايونغا ئەبەدىلئەبەد ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىدى. ئەپسۇسكى، قۇملۇقنىڭ شىمالى پايانسىز، يول بەكمۇ يىراق ئىدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈندىن-ئۈزۈنغا سوزۇلغان چەكسىز قۇم دېڭىزى ئايرىپ تۇراتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەرنى بىۋاسىتە تىزگىنلەپ تۇرالىغۇدەك يېتەرلىك كۈچى يوق ئىدى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارمۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق تىركىشەلمەيتتى. مۇشۇ تۈپەيلى، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرىدىغان ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بارلىققا كەلدى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئون ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلار ئىدى. تومىد ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى، ھەم ئۆزىنىڭ ئاتىغىنى بويىچە مۇشۇ ئىتتىپاقنىڭ خاقانى ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالدىن ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بېقىندى ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا! قۇملۇقنىڭ شىمالىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىدىغان زىددىيەتنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى

بولاتتى. جېنگۇەننىڭ 20 ـ يىلى (646) دىن تاكى كەيياۋنىڭ 2 ـ يىلى (682) غا قەدەر بولغان ۋاقىت. بىر ياقتىن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى زېمىننىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تونۇپ تۇرۇش ئايمىقىنىڭ قولىدا تۇرغان ۋاقتى، يەنە بىر ياقتىن بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرگەن ۋاقتى بولدى. 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تۇرا قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلارنى يادرو قىلغان ئاساستا ئۆزئارا بىرىكىش قەدىمىنى تېزلەتتى، بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش يولىدا تاكى 682ـ يىلى قايتا گۈللەنگەن تۈركلەرنىڭ بۇ ئىشقا بەرھەم بەرگىنىگە قەدەر تېزلىك بىلەن راۋاجلاندى.

سىر تاردۇشلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى قىرىپ تاشلاندى، ئەسىرگە ئېلىندى ياكى تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ جېنىنى ساقلاپ قالدى. باشقا تۇرا قەبىلىلىرى بەس-بەس بىلەن قۇرۇق قالغان ئوتلاقلارنى تارتىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. قۇملۇقنىڭ جەنۇبى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ ئورمانلىق رايونىدا ياشايدىغان بىر قىسىم تۇرا قەبىلىلىرى شىمالغا يۆتكىلىپ ياكى جەنۇبقا كۆچۈپ بۇ دەنالاشقا قاتناشتى، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشتى، يايلاق يەنە بىر مەرتىۋە مالىمانچىلىققا دۇچ كەلدى. ئۇيغۇرلار گەرچە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھاكىمىيەتلەردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھە دېگەندىلا سىر تاردۇشلارنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلمەيتتى. تومىدىنىڭمۇ بۇ خىل قالايمىقان ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا كۈچى يەتمەيتتى. تىنچلىقنى ۋە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يايلاقتىكى ھەر قايسى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولغاچقا، ئۇلار تاڭ سۇلالىسىگە ئارقا-ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ئىشقا ئارىلىشىشنى ئىلتىماس قىلدى. نەتىجىدە تاڭ تەيزۇڭ جېنگۇەننىڭ 20 ـ يىلى (646) ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر قايسى تۇرا قەبىلىلىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ تالاش-تارتىشنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. ھەر

قايسى تۇرا قەبىلىلىرىمۇ بەس-بەستە ئادەم ئەۋەتىپ «ئەل بولۇشنىڭ كويىدا بولدى»، «تەڭرىگە بەيئەت قىلىپ، ئەمەل ئېلىش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جېنگۇەننىڭ 20-يىلى (646) 9-ئايدا، تاڭ تەيزۇڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ يېنىدىكى لىڭجۇ (بۈگۈنكى نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ دېگەن يېرى) ئايىمىقىغا بېرىپ، ھەر قايسى قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە ئەلچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى. «تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئېركىنلىرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەردىن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ لىڭجۇ ئايىمىقىغا يېتىپ كەلگەنلەر مىڭ ئادەمگە يەتتى»، ئۇلار ئەل بولىمىز دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى ھەمدە تاڭ تەيزۇڭنى «تەڭرى خاقان» دەپ مەدھىيىلىدى. 12-ئايدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلتىرىشى (سەركەردىسى) تومىد ھەر قايسى قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىنى باشلاپ چاڭئەنگە كەلدى ۋە تاڭ تەيزۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ سوۋغا-سالام بەردى ۋە ئۇلارنى ھەشەمەتلىك كۈتۈۋالدى. تاڭ تەيزۇڭ لەنفاڭ سارىيىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، «مەھكىمىدىكىلەرگە ھەر بەش كۈندە بىر قېتىم شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى» ھەمدە ھەر قايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىغا زىياپەت بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. تومىد ۋە ھەرقايسى قەبىلە ئاقساقاللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى باياشادلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، بولۇپمۇ ھەيۋەتلىك چاڭئەن شەھىرى، ئاۋات كوچا ۋە بازارلار، ھەشەمەتلىك قەسىر-سارايلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بولغان تەلپۈنۈشى كۈچەيدى. جېنگۇەننىڭ 21-يىلى (647) غا كەلگەندە، تاڭ ھۆكۈمىتى قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەردىمۇ تۇتۇپ تۇرۇش ئايماقلىرىنى قۇردى. ئۇيغۇر قاتارلىق چوڭ قەبىلىلەردە تۇتۇق مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىندى. قوشۇ قاتارلىق كىچىك قەبىلىلەردە ئايماق قۇرۇلدى ۋە ئۇلار ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماققا بۆلۈندى (قوشۇمچە

جەدۋەلگە قارالسۇن) . «قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋالىيلىققا، ئايماق بەگلىكىگە تەيىنلەندى، ئۇلارغا ئالتۇن-كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇن، كىمخاب تونلار ئىنئام قىلىندى» ⑭. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، قۇملۇقنىڭ شىمالى بىلەن قۇملۇقنىڭ جەنۇبى ئارىسىدا «تەڭرى خاقان يولى» دەيدىغان بىر يول ئېچىلىپ، 68 يەرگە ئۆتەڭ سېلىندى، ئۆتكەن-كەچكەن ئەلچىلەرنى تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇ ئۆتەڭلەردە ئات-ئۇلاغ، گۆش ۋە هاراق-شارابلار تەييارلىنىدىغان بولدى. تاڭ سۇلالىسى تېخى ھەر قايسى تۇرا قەبىلىلىرىگە ھەر يىلى تارتۇق ئورنىدا سۆسەر تېرىسى تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى. بۇ تارىخ بىنا بولغاندىن بۇيان، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈمەت مۇئەسسەسىلىرىنى تۇنجى قېتىم قۇملۇقنىڭ شىمالىدا يولغا قويۇشى ئىدى.

تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقى تۈركلەر ۋە سىرتاردۇشلارغا قارىغاندا ئىلغار ئىدى. ئۇ بويسۇندۇرۇۋالغان مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتمىدى، ئۇلارغا ئالۋان-ياساق سالمىدى. ⑮، قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئايماقلىرىنىڭ ۋالىيلىقى ۋە ئايماق بەگلىكىگە بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى داۋاملىق بىر تەرەپ قىلىشىغا يول قويدى. بۇنىڭدىن سىرت، تاڭ ھۆكۈمىتى تۇرا ئاقسۆڭەكلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يېنىغا تارتتى. ئوتتۇغات نامى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ «پادىشاھ ۋە پۇقرالىق ئورنى» نى بېكىتىپ، ئۇلارغا ئالىي مەرتىۋە ۋە چوڭ مۇكاپات ئۇسۇلى بىلەن مۇئامىلە قىلدى، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش، ئىچكى نىزالارنى تىنچىتىش ئىشلىرىغىمۇ مەسئۇل بولدى. شۇ سەۋەبتىن تاڭ ھۆكۈمىتى ھەر قايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. قۇملۇقنىڭ شىمالىدا مەھكىمە، ئايماق

تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى ئېنىق بېكىتتى㊻ . قەبىلىلەرنىڭ ئوتلاقلىرى ۋە چارۋا باقىدىغان چېگرىسىنى قايتىدىن ئايرىپ بەردى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشنى تىنچىتتى، يايلاقتىكى تىنچ ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى ساقلاپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى ئۇزۇندىن بېرى تىنماي كۆچۈپ يۈرۈش ئاۋارىچىلىكىدىن خالاس قىلىپ، ئۇلارنى پايانسىز موڭغۇل دالاسىدا نىسبەتەن مۇقىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. تاڭ سۇلالىسى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان فېئوداللىق تۈزۈمدىكى جەمئىيەت بولغاچقا، قوملۇقنىڭ شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى بەزى تەدبىرلەرنىمۇ يولغا قويدى. مەسىلەن، ئادەملەرنى بۇلاشقا قارشى تۇردى، ھەرقايسى قەبىلىلەرگە قۇللارنى قايتۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى㊼ . بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى.

جېنگۇەننىڭ 21- يىلى (647) تاڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى قوملۇقنىڭ شىمالىدىن قايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىمۇ قوملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى تەڭرىقۇت كۆرەسىگە (بۈگۈنكى كۆكخوت شەھىرىنىڭ غەربىگە) كۆچۈرۈپ كېلىندى، لى سۇ دېگەن كىشى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىنىپ، قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئالتە مەھكىمە بىلەن يەتتە ئايماقنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى. قوملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، (كۆكخوت شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە) تەڭرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى تۇمىد پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنى خاقان دەپ جاكارلىدى ھەمدە شەرق بىلەن غەربنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش

ئۈچۈن، ئوڭ-سول شادلارنى بەلگىلەپ. تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىگە ئوخشاش تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ چىقتى ۋە قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرگە ھاكىمبەگ بولدى(48). ھەر قايسى تۇرا قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسى بەرگەن ۋالىيلىق، قورۇقچىبەگلىك ئەمەل-مەنسەپلەرنى قوبۇل قىلىشى، يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى بىلەن تاڭ تەيزۇڭنىڭ «تەڭرى خاقان» لىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى خاقانلىق دەپ ئاتىشى ۋە ئۆزلىرىنى قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھاكىمبېگى دەپ جاكارلىشى، شەك-شۈبھىسىز ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىلەن قوملۇقنىڭ شىمالىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تالىشىشى، تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن مۇستەقىل بولغان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش مۇددىئاسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيتتى. مۇنداق ئەھۋالدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن زىددىيەت كېلىپ چىقاتتى. بىراق، تاڭ تەيزۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئىنتىلىشلىرىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن سۈكۈت قىلدى. كېيىنچە بۇ سىياسەتنى غەربىي تۈركلەرگىمۇ ئىشلىتىپ، يەرلىك ئاقساقاللارنىڭ يېرىم مۇستەقىل ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى. كەڭ قورساقلىق بىلەن تۇتۇپ تۇرۇشتەك بۇ خىل سىياسەت، تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنىڭ مىسلىسىز كېڭىيىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىدى. ئەلۋەتتە، كەڭ قورساقلىق تۇتۇپ تۇرۇش سىياسىتىنىڭ كىچىككىنە بىر تەرىپى ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىزگىنىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سىياسىي ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى ئاجىزلىتاتتى ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىپ چەكلەپ تۇراتتى.

جېنگۇەننىڭ 22- يىلى (648)، تاڭ ھۆكۈمىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي شىمالدىكى قىرغىزلار يۇرتىدا خاكىاس تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، قەبىلە ئاقساقاللىرىغا خاكىاس ۋالىيسى، ئولۇغ قانات ياساۋۇللار سانغۇنى دېگەن ناملارنى ئوتۇغات قىلدى ۋە ئۇلارنى يەنىرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. قىرغىزلار ئۆز ۋاقتىدا «نەچچە يۈز مىڭ ئادىمى، 80 مىڭ يارامىلىق قوشۇنى بار»㊾ ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭ تۇرالايدىغانلاردىن ئىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن بۇرۇن سىرتاردۇشلارغا قارام بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىغا تەۋە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تاڭ ھۆكۈمىتى قىرغىز ئاقساقاللىرىغا ئوتۇغات نام بېرىپ، ئۇلارنى ئۇيغۇرلارغا قارشى سالدى. شۇ يىلى تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر كونا رەقىبى، ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىدا تۇرۇشلۇق شەرقىي تۈركلەرنىڭ قالدۇقلىرىدىن بولغان چۆبە خاقانىنىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، باش-كۆزىنى سىلاپ ئۇنى پۈتۈن قوۋمى بىلەن ئۆتۈكەن تېغىغا يۆتكىدى ۋە ئۇ يەرگە لاكشەن تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ چۆبەنى مۇشۇ مەھكىمىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. چۆبەنىڭ قول ئاستىدا نەچچە ئونمىڭ ئادەم بار ئىدى، ئۇنى ئۇيغۇرلارغا ئىنتايىن يېقىن بولغان رايونغا يۆتكەشنىڭ ئۆزىلا، ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. تاڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز قىسمىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈنمۇ كۆپ باش قاتۇردى. جېنگۇەننىڭ 22- يىلى (648) 3- ئايدا، ئۇيغۇرلارنىڭ دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى كورلەمۇر قەبىلىسىنى 2000 چاقىرىمدىن كۆپ يىراقلىقتىكى لاك دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلارغا يۆتكەپ (بوگوئكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چىتا رايونى)، ئۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن يېڭىدىن «دۇلۇڭ ئايمىقى» تەسىس قىلدى㊿، يەنە «دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق قۇرقانلارنى ئايرىپ

چىقىپ، شۈەنجۇ ئايمىقى قۇردى»[51] ھەمدە ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولمىغان ئاقساقاللارنى سانغۇن قاتارلىق يۇقىرى مەنسەپلەرگە تەيىنلەپ، ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنى پارچىلىدى.

ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى ئاساسەن ئالتۇنتاغنىڭ شەرقى، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى، ھىنگان تاغلىرىنىڭ غەربىي رايونىدىكى قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ياشاۋاتقان تورا قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلار، بايقال كۆلىنىڭ شىمالىدىكى قۇرىقانلار، ئالتۇنتاغدىكى قارلۇقلار ۋە تاڭنۇر تېغىدىكى باسمىللار ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىچىدىكى قەبىلىلەرمۇ، تۇرۇشلۇق جايىنىڭ قىستاڭلىقى تۈپەيلى يۈز بېرىدىغان كۆچ-كۆچ ۋە ئىچكى نىزالار سەۋەبىدىن ياقا يۇرتلاردا ئايرىم ياشاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدىن تەدرىجىي ھالدا ئايرىلىپ كېتەتتى. ئالايلۇق: ئىزگىللەرنىڭ بىر قىسمى شىنشىنىڭ دەيجۇ (بۇگۈنكى دەيشەن ناھىيىسى) ئايمىقىدا يەر تېرىيتتى[52]. يەنە بىر قىسمى تارىم ئويمانلىقىدا ياشايتتى[53]. قوشۇلارنىڭ بىر قىسمى قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ئىدى، يەنە بىر بۆلىكى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى گاۋلەن ئايمىقىدا تۇراتتى[54]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە چۆبە، ھۇن قەبىلىلىرىمۇ جەنۇب بىلەن شىمالدا ئايرىم تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغىنى، بۇ قەبىلىلەر ئىچىدە تارىم، قۇملۇقنىڭ جەنۇبى ۋە سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچكى رايونىدا تۇرۇۋاتقانلار ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىغا كىرمىگەنلەر ئىدى. مۇشۇ تۈپەيلى، قۇملۇقنىڭ شىمالىدا تۇرۇۋاتقان قەبىلىلەردىمۇ گۇمان بار ئىدى، ئۇلارنىڭ پۇرسەت تاپسىلا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

تومىد ئۆزىنى خاقان دەپ ئاتىغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركلەرگە ئوخشاش بىر خاقانلىقنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن «مەنسەپدارلارنى تەيىنلىدى، تۈركلەرگە ئوخشىتىپ تاشقى

ۋەزىردىن ئالتىنى، ئىچكى ۋەزىردىن ئۈچىنى بەلگىلىدى، ۋالىي، سانغۇن، ئەمىرلەشكەر دېگەن ناملارنى بەردى»[17]. قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى تۈرا قەبىلە ئاقساقاللىرى بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋالىي، ئايماق بەگلىرى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىدى. ئۇلار ئىككى ئارىدا داۋالغۇيتتى، كىمگە مايىل بولۇش، كىمگە مايىل بولماسلىقتا، پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى ئۈستۈنلۈك ۋە ئاجىزلىقىغا قاراپ ئىش كۆرەتتى. تاڭ سۇلالىسى تەسىس قىلغان يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى نامدا پۈتۈن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ سىرتىدىكى قىرغىز، قۇرقان قاتارلىقلارنى ھەمدە تۈركلەردىن بولغان چۆبە خاقانىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى باشقۇراتتى، ئومۇمەن، ئۇ ئۇيغۇرلار بىلەن روبىرو بولالايدىغان ئەھۋالدا ئىدى. تومىد گەرچە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا بەل باغلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن مۇستەقىل بولالىغۇدەك مادار يوق ئىدى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى پەقەتلا چېچىلاڭغۇ ھەربىي-مەمۇرىي بىرلەشمە گەۋدىسىلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. شۇنداقلا ئۇ تاڭ سۇلالىسى تەسىس قىلغان يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قول ئاستىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئىدى. ئۇنىڭدا تېخى ھەقىقىي خاقانلىق شەكىللەنمىگەنىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالدا قىلىدىغان ئىشى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەر، ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بۇ ئۈچ كۈچنى قانداق قىلىپ ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش مەسىلىسى ئىدى. غەربىي تۈركلەرنى تىزگىنلىيەلىسە، غەربىي يۇرتنىكى شەھەر دۆلەتلىرىمۇ تەبىئىي يوسۇندا ئۇنىڭغا بويسۇناتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى؛ ئۇيغۇرلارنى تىزگىنلىيەلىسە، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى

قەبىلىلەرنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولاتتى؛ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى شەرقىي تۈرك قەبىلىلىرىنى تىزگىنلىيەلىسە، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، «شىمالىي دەرۋازا» نى قوغدىغىلى، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ جەنۇبقا ئاتلىنىشىنى توسۇۋالغىلى بولاتتى. بۇ ئۈچ كۈچنى تىزگىنلەشتىكى ئاساسلىق چارە، ستراتېگىيە جەھەتتە ئۇلارنى ئۆزئارا قاپسايدىغان قىلىپ قويۇش، تاكتىكا جەھەتتە ھەر تەرەپتىكى تەسىر كۈچلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارچىلاپ تۇرۇپ ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. تاڭ سۇلالىسى شۇ تۈپەيلى موڭغۇل دالاسىدا ھەدەپ مەھكىمە، ئايماقلارنى تەسىس قىلدى، يۇقىرى مەنسەپلەرنى كەڭ قوللۇق بىلەن ئوتتۇغات قىلدى، ھەر قايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىنى تاڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇستەقىل ھالدا يۇقىرالىق مۇناسىۋەتتە بولىدىغان قىلىپ قويدى.

بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلار يالغۇز تۈركلەرنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىگىلا ۋارىسلىق قىلىپ قالماي، بەلكى سىرتاردۇشلارنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىگىمۇ ۋارىسلىق قىلدى، تەۋەلىكىدىكى قەبىلىلەرنى قۇل ئورنىدا كۆردى[55]. مۇشۇ تۈپەيلى، ئىتتىپاقداشلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتمۇقات زىددىيەتلەر پەيدا بولدى. ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھاكىمبەگلىك ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، چوقۇم سىرتاردۇشلارغا ئوخشاش بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ تۇرۇپ ھەر قايسى تۈرا قەبىلىلىرىنى چۆچۈتۈشى ھەمدە تاڭ سۇلالىسىگە تايىنىپ تۈرك قاتارلىق دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇشى لازىم ئىدى. شۇڭا ئۇلار گەرچە ئۆزلىرىنى خاقانلىق دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تاڭ تەيزۇڭنىڭ تەڭداشسىز ئورنىغا ھۆرمەت قىلدى، شۇنداقلا يەرلىك ھاكىمىيەت مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ كەلدى[56]. دەل مۇشۇ ۋەزىيەت تۈپەيلى، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا زىددىيەت

بولغىنىغا قارىماي، ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن نىسبەتەن دوستانە تىنچ ھالەتنى ۋە پۇقرالىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ تۇرالىدى. بۇ خىل پۇقرالىق مۇناسىۋەت، جېنگۇەننىڭ 22- يىلى (648) تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتى.

ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاشىنا تۈركلىرىگە يېقىنچىلىق قىلىدىغان بىر تۈركۈم كۈچ بار ئىدى. تومىدىنىڭ جىيەنى ئۇيغۇر بىلەن كۆلۈگ باغالاردىن بولغان كۆلۈبېي تۈرك خاقانى چۆبەنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. جېنگۇەننىڭ 22- يىلى (648) 10- ئايدا، ئۇلار كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ تومىدقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى، ئارقىدىنلا قەبىلە بويىچە قوزغىلىپ چۆبە خاقانغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن قورۇقچىبېگى يۈەن لىچېن پەم ئىشلىتىپ ئۇيغۇرنى تۇزاققا دەسسەتتى ۋە ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى ھەمدە بۇ قېتىمقى ئىسيانىنى باستۇردى. «كۆلۈبېينى قوبۇل قىلىش» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىپ نەزەربەنت قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تۇزۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن لەشكىرىي پىرقە دىۋان بېگى سۇي دۇنلىنى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، تومىدىنىڭ ئوغلى بايانخاننى سول قانات شىرمەت چەۋەنداز چوڭ سانغۇن، چوڭ ئېلتىرىش، دەشتىماكان مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ قېتىمقى تىنچىتىش، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى ۋە مۇشۇ باھانە بىلەن ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنىڭ خاقانلىق نامىنى چوڭ خەلپىلىككە چۈشۈردى. ئۇيغۇلار

شۇنىڭدىن باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئايماقلىرىنىڭ بىرى، تەڭرى خاقانىنىڭ قول ئاستىدىكى قىسىملىرىدىن بولۇپ قالدى. ئىككى تەرەپنىڭ كۆرۈنۈشتىكى زىددىيەتلىرى ئاساسەن ھەل بولدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىنى تىزگىنلىشى تېخىمۇ كۈچەيدى.

**قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئالتە مەھكىمە،**
**يەتتە ئايماقنىڭ كۆرسىتىلىشى**

ئالتە مەھكىمە (تۇتۇق مەھكىمىسى)
(1) ئۇيغۇرلار — خانگاي مەھكىمىسى
(2) بۆكۈلەر — جىنۋېي مەھكىمىسى
(3) تۆلەنغۇتلار — يەنرەن مەھكىمىسى
(4) بايىرغۇلار — يۇلىن مەھكىمى
(5) تۇڭرالار — گۇيلىن مەھكىمىسى
(6) ئىزگىللار — لۇشەن مەھكىمىسى
يەتتە ئايماق (ئايماق بېگى تەيىنلەنگەن)
(1) ھۇنلار — گاۋلەن ئايمىقى
(2) قوشۇلار — گاۋچۆ ئايمىقى
(3) قومۇقلار — جىلۇ ئايمىقى
(4) ئاتېئىزلار — جىتيەن ئايمىقى
(5) چۆبەلەر — يۇشى ئايمىقى
(6) ئىزگىللار — تىلىن ئايمىقى
(7) ئاقشىدلار — جىيەن ئايمىقى

## 6. بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشىدىكى ئالەمشۇمۇل تۆھپە

تاڭ سۇلالىسى VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا موڭغۇل

دالاسىنى پۈتۈنلەي تىزگىنلەپ، ئىختىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غەربىي تۈركلەرنى بويسۇندۇردى، كۆرىيە دۆلىتىنى يوقاتتى، ئۆزچېگرىسىنى غەربتە ئارال دېڭىزى، شەرقتە پيوڭياڭ شەھىرى، شىمال تەرەپتە بايقال كۆلىگە قەدەر كېڭەيتتى. ھەر بىر پارچە يېڭى زېمىن ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە، ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى كارامەت تۆھپىلەرنى ياراتتى، ناھايىتى كۆپ ئۇرۇشلاردا ئۇيغۇر قوشۇنى ئاساسلىق كۈچ بولدى.

جېنگۇەنىڭ 4-يىلى (630) تاڭ سۇلالىسى شەرقىيتۈركلەرنى يوقىتىپلا، غەربىي يۇرت تەرەپكە ئاتلاندى. غەربىي تۈركلەر بىلەن بىر قەپەس ئېلىشىپ، جېنگۇەنىڭ 14-يىلى (640) غا كەلگەندە قوجۇنى ئىشغال قىلدى ۋە ئۇ يەردە غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئۇنى غەربكە ئىچكىرىلەپ كىرىش تايانچ پونكىتى قىلدى. بىراق، غەربىي يۇرتنى قولغا ئايرىپ تۇراتتى، يول خەتەرلىك ۋە يىراق ئىدى، ھەربىي سەپەر ۋە تەمىنات يۆتكەش ناھايىتى تەسكە توختايتتى، تاڭ سۇلالىسى غەربكە يۇرۇش قىلدىغان يېتەرلىك قوشۇننى چىقىرالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي تۈركلەر تازا كۈچىيىۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنى تارتىۋېلىشتا قەھرىلىك جەڭگە دۇچ كېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ھەرقايسى شەھەر-قەلئە دۆلەتلىرىمۇ تۈرك ئېلتىرىشلىرىنىڭ نامىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، ئىككى تەرەپتىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئاجىزلىشى ياكى كۈچىيىشى تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش ياكى بويسۇنۇش خىيالىمۇ نورمال ئەمەس ئىدى. ناۋادا تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلمىغاندا، ئەنشىنى ساقلاپ قالالمايتتى، پۈتۈن غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەشتىن ئىختىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

جېنگۇەنىڭ 21- يىلى (647) كۇسەن خاقانى غەربىي

تۈركلەرنىڭ «پۇقرالىق ئىززىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلدى، قوشنا دۆلەتلەرنى تالان-تاراج قىلدى» دېگەنلىرىگە ئاساسەن تاڭ هۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن كىنگىت (قارا شەھەر — ت) خاقانىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كىنگىت يەنە بىر مەرتىۋە غەربىي تۈركلەرگە قارام بولدى. شۇ يىلى 11- ئايدا، تاڭ تەيزۇڭ ئاشىنا شىر قاتارلىق بەش نەپەر سانغۇنني تۇرالارنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق 13 قەبىلىسىدىن ئېلىنغان 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنى بىلەن كۇسەننىڭ ئۇستىگە ئەۋەتتى. ئاشىنا سىر ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كىنگىت، كۇسەنلەرنى ئالدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، غەربىي تۈركلەرنىڭ ياردەمگە كەلگەن قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، (ئاقسۇ) نى ئىشغال قىلدى. بۇ قېتىمقى زور غەلىبە «غەربىي يۇرتنى تەۋرىتىۋەتتى»، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى ئۇدۇن، سۇلې ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى بۇخارا قاتارلىق دۆلەتلەر «بىر-بىرىنى باشلاپ تەسلىم بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى، جەمئىي 700 دىن كۆپ شەھەر ئېلىندى، نەچچە ئونمىڭ ئەر-ئايال ئەسىر قىلىندى»[57]. بىر يىلغا يېقىن ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، ئىككىنچى يىلى 10- ئايغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى تارىم ئويمانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئالدى. غەربىي تۈركلەر تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پۈت تىرەپ تۇرىدىغان يەرلىرىدىن ئايرىلىپ، كېلىشىم تەلەپ قىلدى. تاڭ هۆكۈمىتى غەربنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى كۇسەنگە يۆتكەپ، ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى تەسىس قىلدى.

سىرتاردۇشلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئارساك تېغىدا ياشاپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركلەرنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن چۆبە خاقانىنىڭ كۈچى بارغانسېرى زورايغانىدى. قارلۇق، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ ئۇنىڭغا قارام ئىدى. تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنى ئەل قىلىش كويىدا

ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، چۆبە بۇنىڭغا كۆنمىدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسى ئۇچۇن غەربىي شىمالدىكى يوشۇرۇن بالا-قازا بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇقىملىقىغىمۇ بىۋاستە تەھدىت سالىدىغان بىر كۈچ ئىدى. جېنگۇەننىڭ 22-يىلى (648) تومىد ئۇلۇغ ئېلتەبىر ئىچكى مالىمانچىلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن ئىشنى، دەل چۆبە خاقانىنىڭ ئىككى نەپەر كۈيئوغلى قىلغانىدى. چۆبە خاقان ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىنى تىزگىنلەپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەرگە قارشى يۈرۈش قىلىشىغىمۇ توسالغۇ بولدى. مۇشۇ تۇپەيلى، جېنگۇەننىڭ 23-يىلى (649) تاڭ سۇلالىسى تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەربىي ھەرىكەتنى تاماملاپلا، دەرھال ئۇيغۇر، بۆكۈ قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرىدىن قوشۇن تەييارلاپ، ئۇلارنى سانغۇن گاۋكەننىڭ باشچىلىقىدا چۆبە خاقان تەرەپكە قاراپ ماڭدۇردى. ئىككىنچى يىلى چۆبە قولغا چۈشتى. باسمىللار، قارلۇقلارنىڭ (بىر قىسمى) ۋە چۆبە خاقانىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى تەسلىم بولدى، تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇ يەرلەردىمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەھكىمە، ئايماقلارنى قۇرۇپ ئۇلارنى ئۆز باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزدى. «مۇشۇ تۇپەيلى، (شەرقىي) تۈركلەرنىڭ (قالدۇق قىسىملىرى) دۆلەت ئىچىدىكى يۇقىرالارغا ئايلاندى». جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپىمۇ تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تىزگىنلەندى، غەربىي تۈركلەرنى ئاخىرقى ھېسابتا يوق قىلىشنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

يۇڭخۇينىڭ 2- يىلى (652) ئاشىنا قۇلى غەربىي تۈركلەردىكى ئون جەمەت قەبىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قاش دەرياسى بىلەن (بۈگۈنكى غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىغا 200 چاقىرىم) مىڭبۇلاق (چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى) قا قارارگاھ قۇردى. «چىگىل قەبىلىسى، چۇمۇل قەبىلىسى ۋە غەربىي زېمىندىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەل بولدى»[58].

ئۇ يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى جىنلىڭ بىلەن بارىكۆلنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، ئارقىدىنلا بېشبالىقنى ئىشغال قىلدى. تاڭ گاۋزۇڭ سۇدىڭفاڭنى باش ئاغلاقچى قىلىپ، «20 مىڭ كىشىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنىغا ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىدىن 50 مىڭنى قوشۇپ ماڭدۇردى»[59]. ئۇيغۇر قوشۇنىغا تومىد ئۇلۇغ ئېلتېبىرنىڭ ئوغلى بايانچان قوماندانلىق قىلدى ھەمدە پۈتۈن قوشۇننىڭ يانداش ئاغلاقچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار «ئاشىنا قۇلنى يېڭىپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالدى.» شۇنىڭغا ئۇلاپلا جىمساردىكى چىگىل قەبىلىسى بىلەن ماناستىكى چۇمۇل قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى.

شيەنچىڭنىڭ ئۈنجى يىلى (656) «ئاشىنا قۇلى يەنە بىر مەرتىۋە كۆتۈرۈلدى»، تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىمۇ يەنە بىر مەرتىۋە ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار شەرقتە قارا ئېرتىش دەرياسى ساھىلىدىكى قارلۇقلار قەبىلىسىنى، غەربتە تارباغاتايدىكى تۈركەشلەرنى ۋە شىيمۇكېن قەبىلىسىنى تارمار قىلدى. ئارقىدىنلا ئەسكىرىي كۈچىنى جەنۇبقا يۆتكەپ تەڭرى تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، يۇلتۇز جىلغىسىدىكى غەربىي تۈركلەر بىلەن شۇنىش قەبىلىسىنىڭ 40 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى پاك-پاكىز يوقاتتى. جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ كۆپ قىسمى تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئۆتتى. كېيىنكى يىلى تاڭ قوشۇنلىرى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىلىغا (بۈگۈنكى غۇلجىنى كۆرسىتىدۇ. تەھرىردىن) ئاتلىنىپ، ئاشىنا قۇلنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا تارمار قىلدى، ئاشىنا قۇلى غەربكە قاراپ شاش (بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت ئەتراپىدا) دۆلىتىگە قاچتى، ئۇيغۇرلار تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە پامىردىن ئۆتۈپ تاكى، شاش دۆلىتىگە قەدەر قوغلاپ باردى ۋە ئاشىنا قۇلنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ غەلىبە بىلەن يۇرتقا قايتتى. غەربىي تۈركلەرنىڭ پۈتۈن زېمىنى تاڭ

سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كىردى. بايانخان بۇ جەڭلەردە قالتىس تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى دېگەن ئەمەل بىلەن تارتۇقلاندى.

غەربىي يۇرت بىلەن شىمال تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئەسكىرىي كۈچىنى شەرققە قارىتىپ، كۆپ يىللار مابەينىدە لياۋدۇڭنى پاراكەندە قىلىپ كېلىۋاتقان كۇرىيە دۆلىتىنى يوقاتماقچى بولدى. شيەنچىڭنىڭ 5- يىلى (660) تاڭ گاۋزۇڭ شياۋسىيى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئاتلىق قوشۇننى تۇنجى بولۇپ ئاتلاندۇردى[60]. چيەنفېڭنىڭ تۇنجى يىلى (666) غا كەلگەندە، كۇرىيە دۆلىتى تۈگىدى، تاڭ ھۆكۈمىتى پيۇڭياڭدا شەرقنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى.

VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تاڭ سۇلالىسى قورال كۈچىگە تايىنىپ، چېگرىسىنى مىسلىسىز دەرىجىدە كېڭەيتتى. ئۇنىڭ زېمىن كېڭەيتىشىدە ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى قاتناشمىغان بىرەر جەڭمۇ بولمىدى، ئۇلار شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا تىنىماي جەڭ قىلدى. ئوتتۇرا ئەسىردە، ئاتلىق قوشۇن ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ كۈچلۈك ئەسكىرىي تۇر ھېسابلىناتتى، جەڭنىڭ غەلىبە قىلىش-قىلالماسلىقى كۆپ ھاللاردا ئىككى تەرەپتىكى ئاتلىق قوشۇننىڭ ئاز-كۆپلۈكى، كۈچلۈك-ئاجىزلىقى بىلەن بەلگىلىنەتتى. بۇ خىل ئەھۋال بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گەۋدىلىك بولدى[61]. ھالبۇكى، ئېلىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالى كۆپىنچە پايانسىز كەتكەن يايلاق ۋە قۇملۇق بولغاچقا، مەيلى ھەربىي يۈرۈشلەردە بولسۇن، مەيلى جەڭلەردە بولسۇن، ئاتلىق قوشۇننىڭ ئۈستۈنلۈكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى رەقىبلىرى ئەسىرلەر مابەينىدە پايانسىز يايلاقلاردا ئات چاپتۇرۇپ ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئىدى. ئۇلاردىكى

ئاتلىق قوشۇنىنىڭ سانى، ئۇرۇش قىلىشتىكى جەڭگىۋارلىقى ئالدىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت قوشۇنى يېتىپ ئېشەلمەيتتى. شۇ تۈپەيلى «چەۋەندازلىقتا داڭق چىقارغان»، «ئات چاپتۇرۇپ ئوقيا ئېتىشتىشكە ماھىر» ئۇيغۇر ئاتلىقلىرى، تاڭ قوشۇنلىرى جەڭگە ئاتلانغاندا تايىنىدىغان ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالغانىدى. ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىنىڭ ئاساسلىق كۈچى، بىر نەچچە قېتىملىق چوڭ جەڭلەردە ئۇچۇق خاتىرىلەندى. ئەسكىرىي كۈچتىكى سان جەھەتتىمۇ كۆپىنچە ئۇيغۇرلار ئاساس ئىدى. ئالايلۇق، جېنگۇەننىڭ 22. يىلى (648) كۇسەننى تىنچىتىش جېڭىدە، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرا قەبىلىلىرى 100 مىڭدىن كۆپ ئاتلىق قوشۇن چىقاردى. كېيىنكى يىلى چۆبەنى تۇتىدىغان چاغدىمۇ، ئۇيغۇرلار بىلەن بۆكۈلەرنىڭ ئاتلىقلىرى ئاساس بولدى. يۇڭخۈينىڭ 2 - يىلىدىن شيەنچىڭنىڭ ئىككىنچى يىلىغا قەدەر (651—657) غەربىي تۈركلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش، ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، 10 مىڭ چاقىرىملاپ يول ماڭىدىغان، ئىنتايىن جاپالىق ئۇرۇش بولدى. شۇ قېتىمدىكى تاڭ قوشۇنلىرى 70 مىڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن 50 مىڭى ئۇيغۇر ئاتلىقلىرى ئىدى. جەڭدە تاڭ قوشۇنلىرى دائىم دېگۈدەك يىراق ئارىلىقتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، دۈشمەننىڭ بىخۇدلىقىدىن پايدىلىنىش تاكتىكىسىنى ئىشلىتەتتى. بۇ خىل تاكتىكىدا دەل ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىنىڭ يەر شارائىتى بىلەن تونۇشلۇق بولۇش، ھەرىكەتتە چەبدەس بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى ئەسقاتاتتى. مەسىلەن، چۆبە خاقانىنى تۇتۇۋالغان ھېلىقى جەڭدە «ئوڭ قانات شىرمەت چەۋەنداز يانداش كەپتاۋۇل گاۋكەن ئۇيغۇر ۋە بۆكۈ ئاتلىقلىرىنى باشلاپ ھۇجۇم قىلغان» ئىدى. ئۇلار شۇ قېتىمقى جەڭدە چەبدەسلىك بىلەن تۇيۇقسىزلا ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولغاچقا، چۆبە خاقان ھېچقانداق تەييارلىق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. تاڭ قوشۇنلىرى «ئارساك تېغىغا يېتىپ كەلگەندە چۆبە خاقان ھەر

قايسى قەبىلە قوشۇنلىرىنى چاقىرتقان بولسىمۇ، ئۇلار كەلمەي قويدى، نەتىجىدە نەچچە يۈز ئاتلىق بىلەن قېچىپ ماڭدى. گاۋكەن سەر خىل ئاتلىقلارنى ئېلىپ ئالتۇنتاغقىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى تۇتۇپ كەلدى. قالغانلار تەسلىم بولدى»㊷. يەنە ئالايلۇق، شيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى (657) 12- ئايدا، تاڭ قوشۇنلىرى ئاشىنا قۇلىنىڭ ئۇستىگە يىراق ئارىلىقتىن ھۇجۇم قىلدى. ئاشىنا قۇلىنىڭ قارارگاھى سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى مىڭبۇلاق دېگەن جايدا ئىدى. تاڭ قوشۇنىدىكى باش ئاغلاقچى سۇدىڭفاڭ بىلەن يانداش ئاغلاقچى بايان ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىنى يېتەكلەپ ئىلىدىن يولغا چىققانىدى. غەربكە قاراپ مېڭىۋاتقاندا «قاتتىق قار يېغىپ كەتتى، تۈز يەردىكى قارمۇ ئىككى گەز قېلىن ئىدى، قوشۇندىكىلەر ھاۋا ئېچىلغاندا يولغا چىقايلى دەپ ئىلتىماس قىلىشتى، سۇدىڭفاڭ: دۈشمەنلەر قارنىڭ قېلىنلىقىدىن خۇش بولۇپ، بىزنى ماڭالمايدۇ دېيىشى ۋە لەشكەرلىرىنى، ئات-ئۇلاغلىرىنى توختىتىپ ھاردۇق ئېلىشى مۇمكىن، بىز ئاززاق چىدىساقلا بولىدۇ. . . دېدى. ئۇلار قارنى پىسەنتكە ئالماي، كېچىلەپ يول يۈردى. . . ئىشبارا (ئاشىنا قۇلى) يېقىنلىرى بىلەن ئوۋ قىلىپ يۈرگەنىدى، سۇدىڭفاڭ ئۇنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ باستۇرۇپ كەلدى، نەچچە ئونمىڭ ئادەمنى قولغا چۈشۈردى، جەڭ دۇمبىقى ۋە تۇغ-ئەلەملىرىنى غەنىيمەت ئالدى»㊸.

چوڭ قوشۇن ھەر نۆۋەت جەڭگە ئاتلانغاندا ۋە قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلىغاندا، ئۇيغۇر ئاتلىقلىرى پۈتۈن قوشۇندا ئاۋانگارد بولۇپ ئالدىدا ماڭاتتى ۋە كارامەت غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەتتى. يەنە ئالايلۇق: شيەنچىڭنىڭ 2- يىلى، تاڭ قوشۇنلىرى ئىلى دەرياسى بويىدا غەربىي تۈركلەردىن ئاشىنا قۇلىنىڭ 100 مىڭ ئادەمنى يوقاتقاندىن كېيىن، سۇدىڭفاڭ شياۋسىيى بىلەن بايانغا ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىنى باشلاپ غەربكە

يۇرۇش قىلىشقا ۋە ئاشىنا قۇلىنى قوغلاشقا بۇيرۇدى. «دىڭفاڭ بىلەن رېنياشياڭ يېڭىدىن ئىتائەت قىلغانلارغا مەسئۇل بولدى». ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى مىڭبۇلاققا بارغاندا، ئاشىنا قۇلى شاش دۆلىتىگە قاراپ قېچىپ كەتتى. شىاۋسىيى بىلەن بايان داۋاملىق هالدا ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىنى ئېلىپ «ئاشىنا قۇلىنى شاش دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كېش شەھىرىگىچە قوغلىدى» ۋە ئۇنى تىرىك تۇتتى[64]. مۇشۇ تۈپەيلى، تاڭ سۇلالىسى «بايانىنى ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى قوشۇمچە دەشت ماكان مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. شيەنچىڭنىڭ 5-يىلى (660) كۆرىيىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭدىمۇ، يەنىلا شىاۋسىيى باش بولۇپ ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىنىڭ ئاتلىقلىرىنى ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدۇردى، بۇ ئاتلىقلار «ئالدى بىلەن كۆرىيىلىكلەرنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرۈپ باقتى، شاھ، سانغۇنلىرىنىڭ ئالتە قوشۇننى يېتەكلەپ ئايغى ئۆزۈلمەستىن كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى»[65]، لېكىن تۇنجى بولۇپ پيوڭياڭ شەھەر قەلئەسىگە يېتىپ بارغانلار، يەنىلا مۇشۇ ئۇيغۇر ئاتلىقلار بولدى.

VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز چېگرىسىنى مىسلىسىز كېڭەيتىشى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەرنى يوقىتىپ، پۈتۈن موڭغۇل دالاسى بىلەن غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى تارىختا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. بىرلىك ئاساسىدا ئىدارە قىلىنىۋاتقان بۈيۈك ئىمپېرىيە، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىشى ۋە ئارىلىشىشى ھەمدە تىنچ شارائىتتا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن كەڭ شارائىت ھازىرلاپ بەردى، شۇنداقلا خەن دەۋرىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى قاتناش ئىشلىرىنى يەنە بىر قېتىم گۈللەندۈردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىمۇەن، تيەنباۋ يىللىرىدىكى

باياشاد ۋەزىيىتىگە ئاساس سالدى. بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك بۇ دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا يارىتقان شانلىق تۆھپىسىدىن ئايرىلمايتتى.

## 7. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى

تاڭ تەيزۇڭنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەر قانچە ئىلغار بولغىنى بىلەن، فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۇنىڭ مىللىي بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈگىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا ئۇ مىللىي زۇلۇمنىمۇ يوقىتالمايتتى. ئۇيغۇر قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرى جېنگۇەننىڭ 21-يىلى (647) دىن باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئېلىپ بارغان ھەرقانداق ئۇرۇشلارغا قاتناشماي قالغان ۋاقتى بولمىدى. 10مىڭ چاقىرىملاپ يول يۈرۈش، ئايىغى ئۈزۈلمىگەن جەڭلەر، ئات-ئۇلاغ ۋە يەم-خەشەكنى ئۆزى تەييارلاپ بىللە ئېلىپ مېڭىش، ھەددىدىن زىيادە ئەسكىرىي سېلىق ۋە باشقا مەجبۇرىيەتلەر چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى خەلقنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بولغان نارازىلىقى كۈنسايىن كۈچەيدى.

تاڭ سۇلالىسى تۈرك خاقانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلارغا قارىغاندا روشەن ئىلغارلىققا ئىگە ئىدى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزىگە قارام بولۇشىمۇ، پۈتۈن سۇلالىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شۈبھىسىز ھالدا ناھايىتى كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزگەنىدى. لېكىن بۇ چاغدا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى ئاللىقاچان شەكىللەنگەن بولغاچقا، تۈركلەر يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۈچىمۇ زورايدى، سىياسىي يامان غەرىزىمۇ بارغانسېرى كېڭەيدى، مۇشۇ تۈپەيلىدىن، تاڭ سۇلالىسىدىكى

ھۆكۈمرانلار بىلەن قوملۇقنىڭ شىمالىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى تالىشىپ باقماقچى بولدى. ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى ئويلايدىغان بىر كۈچ ئىزچىل ھالدا مەۋجۇت ئىدى، خەلق ئىچىدە نارازىلىق كەيپىياتى كۆپەيگەن چاغدا، ئاقسۆڭەكلەر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى بۆلۈنۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى.

ئومۇمەن ئالغاندا، ۋۇدېنىڭ دەسلەپتىن جېنگۇەننىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە (649—618) تاڭ سۇلالىسىدىكى ھۆكۈمرانلار ۋەزىيەتنى تىنچلاندۇرۇش، ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرگە ئاز بولسىمۇ كەڭ قورساق بولدى، ئۇلارغا خەيرىخاھلىق قىلىپ كەلدى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىدىن ساقلاندى، ئۇيغۇرلارنى ئۇنچىۋالا كۆپ ئۇرۇشلارغىمۇ سالمىدى. جېنگۇەن يىللىرىدىكى خەلقنى ھاردۇق ئالغۇزۇش سىياسىتى VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچىنى تېزلىك بىلەن كۈچەيتتى، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زېمىننى كېڭەيتىشى، ھە دېسىلا ئايانماستىن قورال كۈچى ئىشلىتىش ماھىيىتى يېڭىباشتىن باش كۆتۈردى. «گاۋزۇڭنىڭ بوشاڭلىقى»، ئۇنىڭ بىكاردىن-بىكار ئىش تېرىپ ئىنئام تەلەپ قىلىدىغان چېگرا سانغۇنلىرىنى جازالىيالماسلىقى، ۋۇزېتيەننىڭ چەت-ياقا يۇرتلاردىكى نەپسانىيەتچىلىكى، ئۇيغۇر قاتارلىق تۆرا قەبىلىلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي جەڭگە ھەيدەشلىرى تۈپەيلى، تاڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە جىددىيچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

شيەنچىڭنىڭ 5- يىلى (660) ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىكى ئىزگىل، بايىرغۇ، بۇكۇ، توڭرا قاتارلىق تۆت قەبىلە بىلەن قوملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى لىڭجۇ ئايمىقى ئەتراپىدا چارۋا بېقىۋاتقان تاڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولدى. لىڭجۇ

ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى جىڭ رېنتەي قورال-ياراغ ئىشلىتىپ قويدى، تۇرالارنىڭ تۆت قەبىلىسى يېڭىلىپ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قاچتى، قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۆلتۈرۈلدى[66]. تاڭ نەيزۇڭ ۋاقتىدا بارلىققا كەلگەن دوستانە مۇناسىۋەتمانا شۇنداق يەڭگىلتەكلىك بىلەن بۇزۇۋېتىلدى. بىراق، ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ سەركەردىسى بايان تاڭ سۇلالىسىگە سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇش دەرىجىگە بارمىدى. ئىككىنچى يىلى (661) 10- ئايدا «ئۇيغۇرلارنىڭ سەركەردىسى بايان خاقان ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئورنىغا جىيەنى بىيسوغۇردۇ ئولتۇردى»[67]. بىيسوغۇردۇ بايان خاقان بىلەن ئوخشاش ئەمەس ئىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنمىگەنىدى، مۇشۇ سەۋەبتىن ۋەزىيەتتە بۇرۇلۇش يۈز بەردى.

بايان خاقان ۋاپات بولغان ئايدا «تۇرالاردا يارلىق ئېلىپ كەلگەن ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈرۈش»[68] ۋەقەسى چىقتى. ئارقىدىنلا بىيسوغۇردۇ ئۇيغۇرلارنى باشلاپ «توڭرا، بۆكۈ قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە چېگرىدا توقۇنۇش»[69] پەيدا قىلدى. ئەلۋەتتە، «يارلىق ئېلىپ كەلگەن ئەلچىنى ئۆلتۈرۈش» ئالدىنقى يىلدىكى جىڭ رېنتەينىڭ چېگرىدىكى ئىنغۋاگەرلىككە يەڭگىل مۇئامىلە قىلىپ، تۇرا ئاقساقاللىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ھالبۇكى، بۇ نۆۋەت سادىر بولغان «جەنۇبقا يۆتكىلىپ، چېگرىدا توقۇنۇش» پەيدا قىلغان مەسىلىدە، تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ بولمىغان، سېپىلنىڭ ئىچىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىغان ئىشمۇ يۈز بەرمىگەنىدى، بولغان ئىش پەقەتلا كىچىك دائىرىدىكى بۇلاڭ-تالاڭ ئىدى، خالاس. ئۇلار كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا ئۆزلۈكىدىن شىمالغا قايتىپ كەتكەنىدى. ئەگەر تاڭ سۇلالىسى سەللا كەڭ قوللۇق قىلغان بولسا، بۇ ئىش تىنچ يول

بىلەن ھەل بولۇپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن ھاكىمىيەت بېشىغا ئەمدىلا چىققان ۋۇزېتيەن قورال ئىشلىتىپ ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇش غەرىزىدە بولغاچقا، جەنۇبقا چۈشكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى لۇڭشونىڭ 2- يىلى (662) 3- ئايدىلا قۇملۇقنىڭ شىمالىغا كەتكەنلىكىگە قارىماي جېڭ رېنتەي بىلەن شۆرېنگۈينى چوڭ قوشۇن بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ئاتلاندۇردى ھەمدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرماقچى بولدى. جېڭ رېنتەي بىلەن شۆرېنگۈي ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق جايىغا باستۇرۇپ كىردى. «تۇرا توققۇز ئوغۇزلىرى تاڭ قوشۇنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، 100 مىڭ ئادەم بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى»، ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئاددىي خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرىگە ئوخشىمايتتى، ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن راستىنلا دۈشمەنلىشىش غەرىزى يوق ئىدى. شۇڭا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمدىن تەشكىللەنگەن زور قوشۇن ئۇلار بىلەن ھەقىقىي رەۋىشتە ئېلىشمىدى، ئانچە-مۇنچە ھەپىلىشىپ قويۇپلا «ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى». لېكىن، شۆرېنگۈي تەسلىم بولغان تۈركۈم-تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى تىرىك پېتى كۆمۈۋەتتى، بۇنداق ۋەھشىيلىك تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل ۋەھشىيلىك دەل ئىزچىل ھالدا تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان، تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن قالتىس زور تۆھپىلەرنى تەقدىم قىلغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈستىدە يۈز بەرگەنلىكى تولىمۇ چېكىدىن ئاشقان ئادالەتسىزلىك ئىدى، ئەلۋەتتە. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۆز ۋاقتىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرلىرىمۇ ئۇنى «ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ»، «تەسلىم بولغانلارنى دۈشمەن قاتارىدا قىردى» دەپ ئەيىبلىدى.

جىڭ رېنتەيمۇ شۆرېنگويدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە
ۋەھشىي ۋە قانخور جاللات ئىدى. ئىززگىل، تۆلەنغوت
قەبىلىلىرى تەگرىتاغلىرىنى قوغداۋاتقاندا، جىڭ رېنتەي
قوشۇنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، تەسلىم بولايلى
دېگەن يەرگە كەلدى ۋە ئۇلارنى كۈتۈۋالماقچى بولدى. جىڭ
رېنتەي يوپۇرۇلۇپ كەلگەن پېتى ھۇجۇمغا ئۆتتى، «ئۇلارنىڭ
بالا-چاقىلىرىنى تۇتۇپ، قوشۇندىكىلەرگە ئىنئام قىلدى» (70) .
دېمەك، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شىمالغا يۈرۈش قىلغان جىڭ رېنتەي
قوشۇنىغىمۇ ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىدى ھەمدە تەسلىم
بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، جىڭ رېنتەي تەسلىم
بولغانلارنى تەلۋىلەرچە قىرىپ تاشلىدى، مال-مۈلكىنى
تالان-تاراج قىلدى. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبقا چۈشۈپ،
چېگرىدا توقۇنۇش پەيدا قىلغانلىقىغا سېلىشتۇرغاندا بەكمۇ
چېكىدىن ئاشقان ئەشەددىيلىك ئىدى.

تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقى ۋە بۇلاڭچىلىقى ئۇيغۇر
قەبىلىلىرىنى شىمال تەرەپتىكى سېلىنگا دەرياسى بويىغا قېچىشقا
مەجبۇر قىلدى. جىڭ رېنتەي ئىنئام كويىدا ئېچىرقاپ كەتكەن
نەپسىنى يىغالماي، چاققان ئاتلىقلاردىن 14 مىڭ كىشىلىك
قوشۇن تەييارلاپ، قۇملۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ،
ئۇيغۇرلارنىڭ پېيىغا چۈشتى. نەتىجىدە «سېلىنگا دەرياسى بويىغا
بارغاندا، ياۋايىلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، قوشۇن يەيدىغان
ئاشلىقى تۈگەپ، كەينىگە ياندى. سەپەر ئۈستىدە قار يېغىپ
كېتىپ، ئەسكەرلەر ئاچ قالدى ۋە مۇزلاپ قالدى. ئۇلار
قورال-قاراغلارنى تاشلىۋېتىپ، ئاتلارنى ئۆلتۈرۈپ يېدى، ئاتمۇ
قالمىغاندىن كېيىن، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈپ يېدى. سېپىلنىڭ
ئىچىگە ئاران 800 ئادەم قايتىپ كەلدى» (71) . تاڭ سۇلالىسىنىڭ
ۋەزىرى ياڭ دېي بۇ قېتىملىق جەڭ ھەققىدە سۆزلىگەندە، جىڭ
رېنتەي بىلەن شۆرېنگوينىڭ قىلمىشىدىن قاتتىق نەپرەتلەندى ۋە

ئۇلارغا غەزەپلىنىپ: «خىزمەت كۆرسىتىش مۇددىئاسىدا بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە مال-دۇنيا يىغىشنى مەقسەت قىلدى، ھال-ئەھۋال سوراشنىڭ ئورنىغا، يات قەبىلىلەرنى ئۆلۈم گىردابىغا تاشلىدى، . . . بېشىنى چاڭگاللاپ تىز پۈككەنلەرنى قان دەرياسىغا غەرق قىلدى، ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئامان قالغانلار، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار سەۋەبىدىن قوملۇقتىكى يولىمىزنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان بولدى. . . بۇنىڭ ھەممىسى قورال-ياراغ ئويىنىتىپ، ئەلنى پاراكەندە قىلغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى»[72] دېدى.

تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ جازا يۈرۈشى تۈپەيلى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىنتايىن ۋەيران بولۇپ، نائىلاج ھالدا شىمال تەرەپكە تارقىلىپ يۇشۇرۇندى. تاڭ قوشۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي قارشىلىقىغا دۇچ كەلمىدى. پەقەت قوملۇقتا يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق بىلەن سوغۇق سەۋەبىدىن، جىڭ رېنتەينىڭ پۈتۈن قوشۇنى ھالاك بولۇشقا تاس قالدى. ئەمەلىي پاكىتلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بېسىم بىلەن بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ تاشلاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا يالغۇز قورال كۈچىگە تايىنىپلا قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، مۇشۇلارغا ئاساسەن، تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇلۇغ قانات شىرمەت چەۋەنداز سانغۇن چۆبەقالىنى تورا يولىغا قوتانقۇچى بەگ قىلىپ ئەۋەتتى ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق «قالغانلارنى خاتىرجەم قىلماقچى بولدى. قالى 500 نەپەر ئاتلىق بىلەن توققۇز ئوغۇزلار بار يەرگە كەلدى. ئۇلار ساراسىمىگە چۈشتى. قالى: «دۆلەت سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلەر ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىدۇ، شۇڭا سىلەرنىڭ گۇناھىڭلاردىن ئۆتتى، ھەممە گۇناھ ئاقساقاللاردا، ئۇلارنى قولغا چۈشۈرسەك، ھەممە ئىش تۈگەيدۇ دېدى» . پۈتۈن قەبىلىلەرنىڭ كۆڭلى تىنىپ «يابغۇ، شاد ۋە تېكىنلاردىن 200 دىن كۆپرەك ئادەمنى تۇتۇپ

قالىغا تاپشۇردى، قالى ئۇلارنىڭ گۇناھىنى بىر-بىر ساناپ، ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. توققۇز ئوغۇزلار تىنچلاندى» (73) . ئۇيغۇر خەلقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمانلىشىشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇلار تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، ئۇرۇش قىلىشقا قوزغاتقان ئاقساقاللارنى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى كۆزدىن يوقاتتى، قوملۇقنىڭ شىمالى يېڭىباشتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا قايتتى. بىراق، ئۇيغۇر يۇقىرالىرىنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى جازالانمىدى، زىدىيەت ھەل بولمىدى، نارازىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى، مۇشۇ تۈپەيلى، دەھشەتلىك يوسۇندا باستۇرۇلغان توڭرا، بۆگۈ قەبىلىلىرى تۈركلەرنىڭ قايتا ئورنىدىن تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى.

قوملۇقنىڭ شىمالى تىنچلانغاندىن كېيىن، لۇڭشونىڭ 3 - يىلى (663) تاڭ ھۆكۈمىتى يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قوملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى تەڭرىقۇت كۆرەسىدىن قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىغا يۆتكەپ، ئىسمىنى خانگاي قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە بولغان تىزگىنلەش كۈچەيتىلدى. قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودالىق تۈزۈمى ئىلغار تۈزۈم ئىدى. قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قوملۇقنىڭ شىمالىغا يۆتكىلىشى، ھەر قايسى قەبىلىلەرنى يېقىن جايدا تۇرۇپ باشقۇرۇش ۋە ئالۋان-ياساق ئالماسلىق سىياسەتلىرىنى تۇرا خەلقى قارشى ئالاتتى. مۇشۇنداق قىلغاندا، ھەم ھەر قايسى ئۇيغۇر قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خەلقنى قول قىلىش ۋە تالان-تاراج قىلىشنى مۇئەييەن دەرىجىدە

پەسكويغا چۈشۈرگىلى، ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ھاكىمبەگ بولۇش ۋە تاڭ سۇلالىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش مۇددىئاسىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. بۇ قۇملۇقنىڭ شىمالى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىكى ۋە ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىدى. لېكىن، قۇملۇقنىڭ شىمالىدا قوشۇن تۇرغۇزۇش، تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئېغىر يۈك ئىدى. تاڭ ھۆكۈمىتى مەھكىمە ئەسكەرلىرى تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى، مەھكىمە ئەسكەرلىرى نۆۋەت بىلەن ۋەزىپە ئۆتەيتتى، يىراق قۇملۇقنىڭ شىمالىغا بارىدىغان يول يىراق بولغاچقا، ترانسپورت ۋە ھەربىي يۈرۈش تولىمۇ مۈشكۈل ئىدى. قوشۇن كۆپىيىپ كەتسە، ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايتتى، قوشۇن ئاز بولۇپ كەتسە، ئىسيانكارلارغا سالىدىغان تەھدىت ئاجىزلاپ قالاتتى. زۇڭجاڭنىڭ 2-يىلى (669) قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى «سىرتاردۇشلار قەبىلىسى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى»، تاڭ ھۆكۈمىتى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەرنى قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندۇرۇپ، «ئۇلارنى تارمار قىلدى» ۋە شۇ يىلى خانگاي قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى شىمالنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئىسمىدىكى بۇ ئۆزگىرىش، ۋۇزېتيەننىڭ جېنگۇەن يىللىرىدىكى كەڭ قورساق بولۇپ، يۇمشاق ۋاستە بىلەن بېقىندۇرۇش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قورال كۈچى بىلەن قورقۇتۇش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يۈز بەرگەن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى مالىمانچىلىق ۋە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەرنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، بۇ سىياسەتنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

شەرقىي تۈركلەر جېنگۇەننىڭ 4-يىلى (630) يوقىتىلغاندىن كېيىن، قالغان ئادەملىرى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا

ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تاڭ سۇلالىسى تۈركلەردىن پايدىلىنىپ سىرتاردۇشلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، تۈركلەرنىڭ قالدۇق پۇقرالىرىنى زور كۈچ بىلەن يۆلىگەن، ئۇلارنى سىقىمىدا چىڭ تۇتۇپ، پەقەت قويۇۋەتمىگەنىدى. مۇشۇنىڭ بىلەن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەر قوۋمى هاردۇق چىقىرىپ كۆپىيىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، تەسىر كۈچى تەدرىجىي زورايدى. يىفېڭنىڭ 4-يىلى (679) قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەرنىڭ ئاشىد هونبۇ، ئاشىنا فېنجى قىسىملىرى بىرلا ۋاقىتتا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاشىنا نىشۇبەگنى خاقانلىققا كۆتۈردى. قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەر ئولتۇرۇشلۇق ئايماقنىڭ ئاقساقاللىرى دەرهال ئاۋاز قوشتى. تۈركلەر يەنە قىتانلارنىمۇ ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىپ، يىڭجۇ ئايمىقىغا هۇجۇم قىلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالى پۈتۈنلەي قالايمىقانلاشتى. تاڭ هۆكۈمىتى هەر قايسى جايلاردىن ئادەم يۆتكەپ 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلىدى ۋە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن بىر يىلدىن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىسياننى تىنچىتتى. كەيياۋنىڭ 2-يىلى (682) تۈركلەرنىڭ قالدۇق گۇرۇهىدىن ئىلتىرىش قۇتلۇق ئىسيان كۆتۈرۈپ، قاراقۇم شەهىرى (كۆكخوتىنىڭ شىمالىدا) دە قارارگاه قۇردى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۈركلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا قوشۇلدى. ئىسياننى باستۇرۇشقا كەلگەن تاڭ قوشۇنلىرى هەممە جەڭدە يېڭىلدى. تۈركلەر تېز ئارىدىلا قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى هەرقايسى ئايماقلار يامان كۈنگە قالدى. بۇ چاغدا قۇملۇقنىڭ شىمالى تېخىچىلا تاڭ هۆكۈمىتىنىڭ شىماللىنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەهكىمىسىگە قاراشلىق ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ قولىدا بولغاچقا، بۇ ئەهۋال يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان كېيىنكى

تۈركلەر ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت ئىدى. شەرقتىكى قىتانلار بىلەن غەربتىكى تۈركەشلەر بولسا شەرقىي تۈركلەرگە دۈشمەن ئىدى. ئەگەر تاڭ سۇلالىسى بۇ كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرالىسا، كېيىنكى تۈركلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ۋە تۈركلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىر خىل ئەمەس ئىدى. چۇيگۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (685)، بىر چاغلاردا جېڭ رېنتەي تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىنغان تونگرا، بوكۇ قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىمالنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى(74). تاڭ ھۆكۈمىتى «خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى ئاتلىقلارنى جۇيىەن سازلىقىدىن ئاتلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە ئەۋەتتى»(75). سول قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن تيەن ياڭمىڭنى ئالتۇنتاغدىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ 30 مىڭدىن كۆپ ئاتلىق قوشۇنى بىلەن غەربتىن زەربە بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى. بۇ ئىككى چوڭ قوشۇن شۆھرەتپەرەست تيەن ياڭمىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇملۇقنىڭ شىمالىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دوست-دۈشمەن دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، يالغۇز ئىسيان كۆتۈرگەن تونگرا، بوكۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ۋە باشقا قەبىلىلەرنىمۇ قىرغىن قىلدى. ئۇدا نەچچە يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە يولۇقۇپ جېنى ئاران قالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يەنە بىر قېتىم ۋەيران بولدى، پۈتۈن قۇملۇقنىڭ شىمالى «قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر بىلەن ئەل بولۇشنى خالايدىغانلار تەڭ ئۆلگەن»، «يېزا-قىشلاقلار خارابىلىشىپ، ئېتىز-ئېرىقلاردا يىڭنە چاغلىق نەرسە قالمىغان» قالايمىقان ۋەزىيەتكە گىرىپتار بولدى(76). مەيلى ئۇيغۇر ئاقساقاللىرى بولسۇن ياكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بولسۇن بۇ

维1-1618

كېلىشمەسلىكنى يىغىشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. ۋەزىر چېن زىيالڭ تيەن ياڭمىڭنى ئەيىبلەپ: «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى تەلۋىلەرچە قىرغىن قىلدى» دەپ يوللىغان مەلۇماتنامىسىدە: «شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، قالايمىقان بولىدىغىنى قالايمىقان بولدى، قەبىلە باشلىقلىرى ئىگە-چاقىسىز قالدى، ئۇلار ئۆزىنىڭ نەگە بېرىشىنى بىلەلمەي قايمۇقتى، ئۇيغۇرلار ئالتۇن سۇ (ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ يېنى) دا يەنە بىر نۆۋەت پەشۋا يېدى، دەشتىنىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەر دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتتى» (77) دېگەنلەرنى تىلغا ئالدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، تاڭ سۇلالىسى شىمالنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن چېكىندۇرۇپ، جۇيەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇڭچېڭغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان تۈركلەر قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم باشلىدى.

تۈركلەرنىڭ تەھدىتى كۈنسايىن ئېغىرلاشقان، ئەكسىچە تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىمالنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن چېكىنىپ چىققان ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى دۇكېچ ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن قىتانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلىدى ۋە ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ تۇرۇپ تۈركلەرگە زەربە بېرىشنىڭ پىلانىنى تۈزدى. لېكىن تۈركلەر بىر-بىرلەپ تارمار قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە قارىمايلا ئالدى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى، «تاڭ قوشۇنلىرىغا يەتتە قېتىم، قىتان قوشۇنلىرىغا يەتتە قېتىم، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا بەش قېتىم زەربە بەردى» (78). چۇيگوڭنىڭ 3-يىلى (687) تاڭ قوشۇنلىرى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا تۈركلەرنى يەڭدى، تۈركلەر چوغاي تاغلىرىنىڭ شىمالىغا چېكىنىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇيغۇرلار

ئۈستىگە ئاتلاندى. قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ئالدىنقى ئىككى يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت ۋە جەڭگى-جېدەللەر تۈپەيلى ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە تولىمۇ ئاجىزلاپ قالغانىدى، ئەسلىدىكى جەڭگىۋارلىقىمۇ ئەسلىگە كەلمىگەن، ئىچكى جەھەتتە ئىتتىپاقلىشالمايۋاتقان ھالەتتە بولغاچقا، كۈچلۈك قايتۇرما زەربىنى تەشكىللەشكە قادىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئالدى بىلەن توڭرا قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى تۈركلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى ھەمدە ئۇلار قىتانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدۇرۇلدى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۈركلەرگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ بولدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۇغلا دەرياسى بويلىرىغىچە چېكىندى، يەنە بىر قىسمى دۆكېچ خاتاننىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبقا چۈشۈپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. تۇغلا دەرياسى بويىغا چېكىنگەنلەر تۈركلەرنىڭ قىستاپ كېلىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىغا بارغان بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا تۈركلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. قۇملۇقنىڭ شىمالىنى 40 نەچچە يىل سورىغان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى پۈتۈنلەي گۇمران بولدى. تۈركلەر قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى پۈتۈن زېمىننى قولىغا ئېلىپ، شىمالىي قارارگاھنى ئۆرقۇن دەرياسى بويىغا، جەنۇبىي قارارگاھنى قاراقۇم شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇردى. تيەنشۇنىڭ 2-يىلى (691) قۇتلۇق ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا مويۇنچۇر خاقان بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، تۈركلەر ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. تۈركلەر ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى تىزگىنلىگەندىن كېيىن، قۇملۇقنىڭ شىمالىنى تايانچ بازا قىلىپ، داۋاملىق ھالدا تۆت تەرەپكە قاراپ كېڭەيدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نىشانى جەنۇب تەرەپتىكى تاڭ سۇلالىسى ئىدى.

## 8. كېيىنكى تۈركلەر دەۋرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشى

ۋەنسۇي تۇڭتيەنىنىڭ 2- يىلى (697) دىن كېيىن، كېيىنكى تۈركلەر جەنۇبقا چۈشۈپ تاڭ قوشۇنىنى تارمار قىلدى ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالى، چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پۈتۈن رايوننى ئىگىلىدى. جىڭلۇڭنىڭ 2- يىلى (708) دىن كېيىن، قوشۇننى ئىككى يولغا بۆلۈپ، شىمال تەرەپتە قىرغىزلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خاقانىنى ئۆلتۈردى؛ غەرب تەرەپتە تۈركەشلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، يابغۇلىرىنى ئۆلتۈردى. جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى تۈرا قەبىلىلىرى مەسىلەن، قارلۇقلار، ئاتېئىزلار بويسۇندۇرۇلدى. تۈركلەر ئارقىدىنلا غەرب تەرەپتىكى مەرۋايىت دەرياسى (بۈگۈنكى سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) دىن ئۆتۈپ سوغدىيانانى بويسۇندۇردى. ئۇلارنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدىكى زېمىنى 10مىڭ چاقىرىمدىن ئاشتى، ياراملىق جەڭچىلىرى 400 مىڭغا يەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى زېمىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەينى ۋاقىتتا، تۈركلەر يەنە قوموق، قىتان قەبىلىلىرىنىڭ خېبېيغا قىلغان ھۇجۇملىرىنى قوللىدى، تىبەت خاقانلىقى بىلەن بىرلىشىپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە ۋە ئەنشىدىكى تۆت قورغانغا يۈرۈش قىلدى. نەچچە يۈز مىڭ قوشۇندىن تەركىب تاپقان تاڭ قوشۇنى ھەممە تەرەپكە تەڭ قاتراپ، بىرەر ئىشنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى.

ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى تىرىپىرەن بولغاندىن كېيىن، ياغلىقار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى دۇكېچ ئۇيغۇر، چۆبە، ئىزگىل، ھۇن قەبىلىلىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە كېلىپ ماكانلاشتى. تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم جەسۇر يىگىتلەرنى تاللاپ ئاتلىق

قوشۇن تەشكىللىدى. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغانلار ئاساسەن ئەنە شۇلار ئىدى. جىڭشىڭنىڭ تۇنجى يىلى (695) دۇكىيچ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئۆكتىبىر تەختكە چىقتى ۋە تاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن خۇاڭخېنىڭ غەربىگە يانداش باسقاق بەگ، قوشۇمچە قىزىلسۇ دەرياسى رايونىنىڭ ھەربىي باشلىقى قىلىپ تەيىنلەندى. شۇ ۋاقىتتا يەنە ئۇ دەشت-ماكان تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىقىنى داۋاملىق ئۈستىگە ئالدى.

ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن باشقا كۆپ قىسمى قۇملۇقنىڭ شىمالىدا تۇرىۋەردى. بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ، كۆرسەتكەن قارشىلىقىنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بويسۇنماقتىن باشقا چارە بولمىدى. كېيىنكى تۈركلەرنىڭ خاقانى مويۇنچۇر خاقان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل ئىچىدە (691-716) سىرتقا قارىتا 25 قېتىم جەڭ قىلدى، ئۇ بۇ جەڭلەردە ئاساسلىقى ھەر قايسى قەبىلىلەردىكى تۈرالاردىن قوشۇن تەشكىللىدى. تۈرالار بىر ياقتىن ئالۋان-ياساق تاپشۇرۇپ، يەنە بىر ياقتىن تۈركلەر ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن چىش-تىرنىقىغىچە نەپرەتلەندى، پۇرسەت تاپسىلا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇردى. مويۇنچۇر خاقان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا «ھەم قېرىپ ھالىدىن كەتتى، ھەم ئالجىپ ۋەھشىيلەشتى»، «قول ئاستىدىكىلەرنى تولا قاقشاتقان بولغاچقا»، «غەزەپلەنگەن قەبىلىلەر ئۇنىڭدىن بىزار بولدى»[79]. توپىلاڭ كۆتۈرگەنلەر مەغلۇپ بولغان ھامان، تۈرك خاقانلىقىدىن قېچىپ، جەنۇبتىكى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. كەييۈەننىڭ 2-يىلى (714) دىن باشلاپ، قارلۇقلار، ئاتىئىزلارمۇ غەربىي يۇرتتىن كېلىپ تاڭ ھۆكۈمىتىگە بېقىندى، كېيىنكى يىلى (715) قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئىزگىل، قوشۇ، چۆبە، سىرتاردۇش، تۈراي

قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ ئۆز ۋالىيلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەنۇبقا كەلدى[80]. ئەينى ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە، قىتان قەبىلىسىمۇ تۈركلەردىن قول ئۈزۈپ تاڭ سۇلالىسىگە ئۆزىنى ئاتتى[81]. تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ چاتاق چىقتى. مويۇنچۇرغا قارشى تۇرىدىغان بەزى ئاقسۆڭەكلەر «شىمالدىكىلەرنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن جەنۇبقا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈردى»[82]. تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنىڭ «ئۆزىدىكى مالىمانچىلىقتىن ۋە قەبىلىلەرنىڭ پارچىلانغانلىقىدىن» پايدىلىنىپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىش نىيىتىگە كەلدى. كەييۈەننىڭ 3- يىلى (715) 4- ئايدا، لياڭجۇ، سۇجۇ، بىڭجۇ ئايمىقى دائىرىسىدە قوشۇن توپلىدى ۋە لەشكىرىي ئەمىرلەرنى تەيىنلەپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلاندى. 10- ئايدا، تاڭ سۇلالىسىگە بېقىندى بولغان ئىزگىل، قوشۇ قاتارلىق ئەسلى ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىكى قەبىلە باشلىقلىرى، يېڭىدىن ئىگە بولغان سانغۇنلۇق ئۇنۋانىنى پەش قىلىپ، ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قايتىپ بېرىپ، تاڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە تۈركلەرگە جەنۇب ۋە شىمال ئىككى تەرەپتىن زەربە بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

بۇ قەبىلە باشلىقلىرى ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ شىمالغا بارغاندىن كېيىن، دەرھال ئاتلىنىپ تۈرك خاقانى مويۇنچۇرغا ھۇجۇم قىلدى، بىر يىل ئىچىدە تۈركلەر بىلەن قەھرىلىك بەش قېتىم جەڭ بولدى، بۇ جەڭلەر قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىسيان كۆتۈرىدىغان قىلىۋەتتى. بۇ ئىسيانلار شۇنچىلىك زور كۆلەمدە بولدىكى، ئۇ پۈتۈن تۈرك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى. تۈرك يېزىقىدىكى «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» ۋە «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا بۇ ئەھۋاللار خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەندى[83]. مۇشۇ خاتىرىلەر ۋە تاڭ دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە[84] كەييۈەننىڭ

3- يىلى (715) ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن ئابۇس، ئىزگىل، چۆبە، خۇن، ئۇيغۇر، توڭرا، ئاتىئىز، قوشۇ، سىرتاردۇشلار بولۇپ 12 قەبىلە تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. كەيىنكى 4- يىلى (716) بۇنىڭغا بايىرغۇ، بۆكۇ، ئاقشد قاتارلىق ئۈچ قەبىلە قوشۇلدى. چەكلىك بولغان تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن تۇرا قەبىلىلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرى 15 قەبىلىدىن كۆپ بولدى. دېمەك، ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىكى كۆپ سانلىق تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ، ھەممىسى دېگۈدەك تۈركلەرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغاندى.

تۇرا قەبىلىلىرى تۈركلەر بىلەن قەھرىلىك جەڭ قىلىۋاتقاندا، تاڭ شۆەنزۇڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى ئوك، سول، ئوتتۇرا ئۈچ يولغا بۆلۈپ، سۇجۇ، شېڭجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىدىن يولغا سالدى. ئۇلارنىڭ «ھەر بىرى 50 مىڭدىن ئاتلىقنى ئېلىپ، توققۇز ئوغۇزلار بىلەن قوشۇلغان» دىن كېيىن، شىمالدىكى تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى. ئوڭ قانات قوشۇن گەنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر، خۇن، چۆبە، ئىزگىل قاتارلىق تۆت قەبىلە ئادەملىرىدىن تەركىب تاپتى، ئۇلارغا تاڭ خۆكۇمىتىنىڭ سانغۇنى ياڭ جىڭشۇ باش ئاغلاقچى، تۆت قەبىلە باشلىقلىرىدىن ئوكتىبىر قاتارلىق تۆت ئادەم مۇئاۋىن ئاغلاقچى بولدى[85]. تاڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە بىللە جەڭ قىلىش ئۈچۈن، خاۋلىڭچۇەن قاتارلىق ئەلچىلەرنى ئالدىنئالا ماڭدۇردى. تاڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈپلا، چوغاي تاغلىرى ئەتراپىدا يوشۇرۇنغان تۈركلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى ۋە كەسكىن جەڭدىن كېيىن ئارقىغا چېكىندى، مۇشۇ تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا بېرىپ «توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئالاقە باغلاش» پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇزلار

قوملۇقنىڭ شىمالىدا تۈركلەر بىلەن بىر يىل كەسكىن ئېلىشتى، لېكىن تاڭ قوشۇنلىرى ئۆلگۈرۈپ كېلەلمىگەنلىكتىن، ئىلاجسىز هالدا يەنە بىر نۆۋەت جەنۇبقا چۇشۇپ، تاڭ سۇلالىسىگە بېقىندى بولدى.

ئۇيغۇر- توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بۇ نۆۋەتتىكى چوڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى، تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى هاكىمىيىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغان ناهايىتى كۆپ تۈركلەر ئۆلتۈرۈلدى ياكى ئەسىر ئېلىندى. خۇددى «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» دا يېزىلغاندەك تۈركلەرنىڭ «قېنى دەريا بولۇپ ئاقتى، سۆڭەكلىرى تاغدەك دۆۋىلەندى»، ئۇلارنىڭ «ئالىيجاناب پەرزەنتلىرى قۇل قىلىندى، نارەسىدە قىزلىرى دېدەك بولدى»⑧⑥. تەكەببۇر مويۇنچۇر خاقانمۇ بايىرغۇ قەبىلىسىدىن ئىسيان كۆتۈرگەن لەشكەرلەر قولىدا جان بەردى. مويۇنچۇر خاقان ئۆلگەندىن كېيىن، كېيىنكى تۈركلەر تىرە-پىرەن بولۇپ كەتتى، بەزى قەبىلىلەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، خاقاننىڭ ئالىقىنىدىن ئايرىلدى ياكى غەرب بىلەن شەرقكە قاراپ كۆچۈپ كەتتى، ياكى بولمىسا جەنۇبقا يۆتكىلىپ تاڭ هۆكۈمىتىگە تەسلىم بولدى. «ۋۇزېتيەندىن تارتىپ جۇڭگوغا ئاپەت بولغان، پۈتۈن ئالەمنىڭ كۈچى بىلەنمۇ يەڭگىلى بولمايدىغان» بۇ تۈركلەر هالسىرىدى، جەنۇبقا كېلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى كەييۇەننىڭ 6-يىلى (718) دىن باشلاپ، ئۆزلۈكسىز هالدا تاڭ سۇلالىسىگە يارىشىش تەكلىپىنى قويۇپ، تاڭ شۇەنزۇڭنى «دادىمىز» دەپ تونۇدى ⑧⑦. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن تاڭ سۇلالىسىدەك ئىشەنچلىك ئارقا تۈۋرۈكى بولغاچقا، ئۆزىنى ساقلاپ قالدى.

جەنۇبقا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ئۇيغۇر قاتارلىق تۆرا قەبىلىلىرى شەرق تەرەپتىكى ۋېيجۇ (بۇگۈنكى شەنشى

ئۆلكىسىنىڭ لىڭجيۇ دېگەن يېرى) دىن، غەربتىكى گەنجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې دېگەن يېرى) غىچە بولغان سەددىچىن سېپىلى بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى گەنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىدا ئۇيغۇر، خۇن، ئىزگىل ۋە چۆبە قەبىلىلىرىدىن تەخمىنەن يۈز نەچچە مىڭ ئادەم بار ئىدى[88]. بۇ تۆت قەبىلىنىڭ باشلىقلىرى داۋاملىق يوسۇندا مىراس بولۇپ كەلگەن ۋالىيلىق نامى بىلەن ئاتالدى، ئۇيغۇر قەبىلىسىدىكى دەشت-ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ئوكتىبېر خۇاڭخېنىڭ غەربىگە ياندىش باسقاق بەگ، قوشۇمچە قىزىلسۇ دەرياسى رايونىنىڭ ھەربىي باشلىقى قىلىپ تەيىنلەندى، شۇنداقلا تۆت قەبىلىگە باش قوماندان بولدى. كەييۈەننىڭ 4- يىلى (716) شىمالغا يۈرۈش قىلىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قىسىم ئاتېئىزلار ۋە قۇمۇقلار جەنۇبقا كۆچۈپ كېلىپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە ئورۇنلاشتى[89]. لىڭجۇ (بۈگۈنكى نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ دېگەن يېرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي) ئايمىقىغا ئورۇنلاشقان خۇن، قۇمۇق، ئاتېئىز، تۆلەنخۇت، قوشۇ، كۈلۈبېي قاتارلىق ئالتە قەبىلە، لىڭجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق گاۋلەن، يەنرەن، جىتيەن، جىلۇ، دۇلۇڭ قاتارلىق ئالتە ئايماققا يۆتكەلدى ھەمدە لىڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى[90]. شوخاڭ (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئۇشىن خوشۇنىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاق شەھەر) دا بۆكۆلەر ماكانلاشتى. چوغاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ تەسلىم شەھىرىنىڭ يېنىدا ئاتېئىز، سىرتاردوشلار ئولتۇردى[91]. بايىرغۇ، توڭرا، خۇن، بۆكۈ، ئۇيغۇر قاتارلىقلار ۋېيجۇ ئايمىقىنىڭ خىڭيېجۇن دېگەن يېرىگە جايلاشتى. بۇ بەش قەبىلىدە تەخمىنەن 20—30 مىڭ ئادەم بار ئىدى[92]. دەيجۇ ئايمىقىنىڭ ۋۇتەيشەن ناھىيىسىدە جېنگۈەننىڭ 4- يىلى (630) دىن تارتىپلا، ئىزگىل قەبىلىسىنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى

تېرىقچىلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى[93]. بۇنىڭدىن باشقا، كەييۈەننىڭ 2-يىلى تۈركلەرنىڭ قىستىشى بىلەن «لياڭجۇ ئايمىقىغا تەسلىم بولۇپ كەلگەن» قارلۇقلارمۇ بار ئىدى[94].

يىغىپ ئېيتقاندا، تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 21-يىلى (647) قۇملۇقنىڭ شىمالىي تەرىپىدە تەسىس قىلغان ئالتە تۇتۇق مەھكىمە بىلەن يەتتە ئايماقتىكى 13 قەبىلە ئىچىدە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈپ ئورۇنلاشقانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭغا يېقىن ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىمۇ سانى ئەڭ كۆپلىرى ئۇيغۇرلار ئىدى. بۇ قەبىلىلەرنى تارقاق ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇشتا مۇنداق بىرقانچە ئالاھىدىلىك بولۇپ، بىرى ئۇلار تۈركلەرنىڭ جەنۇبقا كېلىدىغان قىسىملىرىغا زەربە بەرگىلى بولىدىغان مۇھىم ئۆتكەللەر ۋە سەددىچىن سېپىلىنىڭ بويلىرىغا جايلاشتى، يەنە بىرى ئۇلار نەچچىگە بۆلۈپ ماكانلاشتۇرۇلدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار گەنجۇ، لىڭجۇ، ۋېيجۇ ئايماقلىرىغا تارقىتىلدى. ئىزگىل، ھۇن ۋە ئاتېئىزلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىر-بىرىدىن ئىنتايىن يىراق رايونلارغا ئەۋەتىلدى. تاڭ سۇلالىسى مۇنداق قىلىشتا، بىرى ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ چېگرىنى ساقلاش ۋە تۈركلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى كۆزدە تۇتتى، يەنە بىر ياقتىن ئۇلارنىڭ بىر يەرگە توپلىشىپ قېلىپ، باشقۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى.

ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ زور كۆلەمدە جەنۇبقا كۆچۈشى تۈرك خاقانلىقىنىڭ كۈچىنى ھەددىدىن زىيادە ئاجىزلىتىۋەتتى. مويۇنچۇر خاقان ئۆلگەندىن كېيىن، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ئىچكى نىزا پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. غەلىبە قىلغان مۇجۇي ئۆزىنى بىلگە خاقان دەپ جاكارلىدى، مەغلۇپ بولغانلار تاڭ ھۆكۈمىتىگە تەسلىم بولدى. شەرقتىكى قۇمۇقلار بىلەن قىتانلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى ۋە تاڭ

سۇلالىسىنىڭ شەرقىي شىمال چېگرا قەلئەلىرىدە پاناھلاندى. غەربتىكى تۈركەشلەردىن سۇلۇ ئۆزىنى ئۆزى خاقان تىكلەپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. تۈركلەر خاقانلىقى ئىچكى-تاشقى قىيىنچىلىققا بوغۇلۇپ، ئىنتايىن ئۇسال ئەھۋالدا قالدى. بىلگە خاقان بۇ خەۋپلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى بىلەن يارىشىش ۋە تۈرا، تۈركەش قەبىلىلىرىدىن تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلارنى ئالداپ شىمال تەرەپكە قايتۇرۇپ كېتىش سىياسىتىنى ئىشقا سالدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىدىكى سانغۇنلىرى جەنۇبقا كېلىپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇراقلاشقان تۈرا قەبىلىلىرىگە نەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلماي، ئەكسىچە ئۇلارنى ھەر خىل ئېغىر ئىشلارغا سالدى ۋە بوزەك ئەتتى، نەتىجىدە «ئەل بولغانلارنىڭ غەزىپى كۆچىيىپ»، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا كۆپ قېتىم كىچىك كۆلەمدىكى توقۇنۇشلار يۈز بەردى. كەييۈەننىڭ 8- يىلى (720) نىڭ ئالدى-كەينىدە، ئۈچ تەسلىم شەھىرىنىڭ يېنى ۋە شوفاڭ شۇنداقلا خېنەندە تۇرۇشلۇق ئاتېئىز، بۆكۈ قاتارلىق تۈرا قەبىلىلىرى تۈركلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ شىمال تەرەپكە كەتتى ۋە تۈرك خاقانلىقىغا يېڭىباشتىن قارام بولدى. ھالبۇكى، خۇاڭخېنىڭ غەربىدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر قاتارلىق تۆت قەبىلە تاڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن چېگرىنى مۇداپىئە قىلىش ئورنىدا چىڭ تۇردى. بولۇپمۇ گەنجۇ ئايمىقى «خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى ئەڭ مۇھىم»، «شىمال تەرەپتىن تۈركلەرنى توسىيالايدىغان، جەنۇب تەرەپتىن تىبەتلەرنى قىستىيالايدىغان» جاي ئىدى. ئەسلىدىكى ئاھالە ئىچىدە، «كارغا يارايدىغان ئەسكەرلەر ئاران يۈزگىمۇ يەتمەيتتى»[95]. بۇ يەر دائىم دېگۈدەك تۈركلەر بىلەن تىبەتلەرنىڭ شىمال بىلەن جەنۇبتىن قىلىدىغان ھۇجۇمغا دۇچ كېلىدىغان بولغاچقا، پۈتۈن مۇداپىئە ئىشى ئاساسەن ئۇيغۇر قاتارلىق تۆت قەبىلىنىڭ زىممىسىدە ئىدى.

ۋاڭ جۇنخۇەن خۇاڭخېنىڭ غەربىگە ھەمراۋۇل بولغاندىن كېيىن، شەخسىي ئۆچمنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر قاتارلىق تۆت قەبىلىنى تازا بوزەك قىلدى، ئۇلار ۋاڭ جۇنخۇەنگە ئاداۋەت ساقلاپ «شەرقتىكى تۇتۇق مەھكىمىگە مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ ئەرز سۇندى»، ھالبۇكى تاڭ شۇەنزۇڭ ۋاڭ جۇنخۇەننىڭ يالغان مەلۇماتىغا ئىشىنىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق تۆت قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىنى جەنۇب تەرەپتىكى چېگرا ئايماقلارغا سۈرگۈن قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلىدى، ئورنىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋىتى بار ۋەزىر لىلىڭخۇېن قاتارلىقلارنىڭ ئەمىلىنى تۆۋەنلەتتى. تۆت قەبىلىنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپ، كەييۈەننىڭ 15-يىلى (727) ئۇيغۇر ئاقساقىلى قوشۇ خاقاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋاڭ جۇنخۇەننى ئۆلتۈرۈپ شىمالدىكى تۈركلەرنىڭ ماكانىغا كەتتى. تاڭ سۇلالىسىدىكى چېگرا سانغۇنلىرىنىڭ تۇرالارنى بوزەك قىلىشى ئۆزىنىڭ ئېشىغا ئۆزى توپا سالغاندەكلا ئىش بولدى. كەييۈەننىڭ 15-يىلىدىن كېيىن، ئەسلىدە سەددىچىن سېپىلىنىڭ بويىدا ئولتۇراقلىشىپ، تاڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن چېگرىنى مۇداپىئە قىلغان ئۇيغۇر- توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى ئاساسەن دېگۈدەك قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قايتتى. شۇ سەۋەبتىن تۈرك يېزىقىدىكى «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» دا: «توققۇز ئوغۇز تۇرا خەلقى، ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىپ، جەنۇبتىكى تاڭ دۆلىتىگە كەتتى. . . ئۇلار تاڭ دۆلىتىدىن قايتا ئايرىلىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى» دەپ خاتىرىلەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىلگە خاقان بايانچۇر خاقاننىڭ بۇرۇنقى ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلدى.

ئۇيغۇر- توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ شىمالغا قايتىپ كېتىشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاجىزلاتتۇەتتى، دەل شۇ چاغدا تىبەتلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى

ئوتتۇرىسىدا غەربىي يۇرت، چىڭخەي قاتارلىق جايلارنى تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، تاڭ سۇلالىسى شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تەييارلاشقا ئامالسىز قېلىپ، ئاخىرىدا تۈركلەرنىڭ يارىشىپ قېلىش تەلىپىگە ماقۇل بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى تەرەپنىڭ «لەشكەرلىرى ئارام تېپىپ، ئۆز ئارا بېرىش-كېلىش قىلىدىغان بولدى»(96). خېلى يىللارغىچە ئۇرۇش بولمىدى. ھالبۇكى، تۈركلەرنىڭ تاڭ ھۆكۈمىتى ئۈستىگە لەشكەر تارتماسلىقتىكى مەقسىتى «بىر نەچچە يىل تىنىۋېلىش»، ئىچكى قىسمىنى تىنچىتىش، ئاندىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرىنى ۋە شەرقىي شىمالدىكى قارام بولغان قىسىملارنى بويسۇندۇرۇش، ئالداشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ غەرب تەرەپتىكى قارلۇق، باسمىل قەبىلىلىرىنى، شەرق تەرەپتىكى قۇمۇق، قىتان قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇردى. ئەزەلدىنلا جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن باسمىل قەبىلىسىنىڭ «ھەممىسى دېگۈدەك تۈركلەرنىڭ قولىغا چۈشتى»(97) ۋە موڭغۇل دالاسىغا قايتۇرۇپ كېلىندى. ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ماسلىشىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مۇستەقىل ھالدا تۈركلەر بىلەن ئېلىشالماي، مەجبۇرىي ھالدا ئۇلارغا تىز پۈكتى.

كەيىۋەننىڭ 22- يىلى (734) تۈركلەرنىڭ بىلگە خاقانى ئۆز ۋەزىرلىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا مالىمانچىلىق پەيدا بولدى، بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى تۈركلەر ئۈستىگە يەنە بىر مەرتىۋە قوشۇن تارتىپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇيغۇرلارمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تۈركلەرنىڭ تىزگىنلىشىدىن ئايرىلدى-دە، مۇستەقىل بولدى ھەمدە سېلىنگا دەرياسىنى تايانچ پونكىت قىلىپ، شەرق بىلەن غەربتىن ئىبارەت

ئىككى تەرەپكە قاراپ كېڭەيدى. بىلگە خاقان ئۆلگەندىن كېيىن، تۈركلەر بىر نەچچە يىل ئىچىدە تۆت خاقاننى ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، بۇ تۆت خاقان ئوخشاشلا ئىچكى قالايمىقانچىلىقتا ئۆلۈپ تۈگىدى. كەييۈەننىڭ 29- يىلى (741) قۇتلۇق يابغۇ ئۆزىنى خاقانلىققا كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئىچكى مالىمانچىلىقنى يەنىلا تىنچىتالمىدى. تاڭ سۇلالىسى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە تۈركلەرگە جەنۇب بىلەن شىمالدىن زەربە بېرىپ، تۈرك خاقانلىقىنى يوقاتماقچى بولدى. كەييۈەننىڭ 29- يىلى 7- ئايدا، «سول قانات ياساۋۇللار سانغۇنى سۇن لاۋنۇ بىلەن ئىچكى ئەمەلدار» قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ئەلچىلىككە بېرىپ، ئۇيغۇر، قارلۇق، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەرنى ئەل بولۇشقا ئۈندىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقى شەكىللەندى. كېيىنكى يىلى 8- ئايدا، بۇ ئۈچ تەرەپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ قۇتلۇق يابغۇغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە باسمىللارنىڭ ئاقساقىلىنى خاقانلىققا كۆتۈردى. قالدۇق تۈركلەرمۇ ئۆزمىشنى خاقان قىلىپ تىكلىدى. تاڭ سۇلالىسى «ئەلچى ئەۋەتىپ، باسمىل، ئۇيغۇر، قارلۇقلارنى تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت» قىلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى شىمال تەرەپتىن تەگدى، «تۈركلەر ھالىدىن كەتتى»[98].

تيەنباۋنىڭ 2- يىلى (743) ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ خاقانى ئۇسۇ خاقاننى تۇتۇۋالدى ۋە ئىككىنچى يىلى 8-ئايدا ئۇنى پايتەخت لەشكەرلىرى ئالدىدا سازايى قىلدى. مۇشۇ تۈپەيلى تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى كۆلبىلگىنى ساداقەتمەن خاقان دېگەن ئۇنۋان بىلەن تارتۇقلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، كۆلبىلگە خاقان قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، باسمىل خاقاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە خاقان دەپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ھاكىمبەگ بولۇش

ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. قۇملۇقنىڭ شىمالى بىرچاغلاردا تاڭ سۇلالىسىگە قارىغانىدى. تۈركلەر يوقىتىلغاندىن كېيىن، قۇملۇقنىڭ شىمالىغا يەنە بىر قېتىم كىرىش، تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئەس-يادىدىن پەقەت چىقمىدى، لېكىن شىمالنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگلىكىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كەلگەن ساۋاق شۇنداقلا شۇ كۈنلەردە شەرقىي شىمالدىكى قىتانلار ۋە غەربىي شىمالدىكى تىبەتلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھەرىكىتىگە ئېغىر دەرىجىدە پۇتلىكاشاڭ بولدى. شەرق بىلەن غەربتىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان تىركىشىش ھالىتى، قۇملۇقنىڭ شىمالىنى ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەسكىرىي كۈچلەرنى تۇتۇپ قالدى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، تيەنباۋنىڭ 3-يىلى ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنى كۆزگە ئىلماي ئۆزلىرىنى خاقانلىق دەپ جاكارلاپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ھاكىمبەگ بولۇۋاتقاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمال تەرەپكە بېرىپ چات كىرىنگۈدەك كۈچى يوق ئىدى.

تۈركلەر يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار گەرچە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە تېخى بىر تالاي توسالغۇ بار ئىدى. يايلاقتا ئۇيغۇرلارنىڭ زوراۋانلىقىغا رىقابەت ئېلان قىلالايدىغان باسمىللار، قارلۇقلار تېخى مانا مەن دەپ تۇراتتى؛ شىمالدا تۇرۇپ كۆز ئالايتىۋاتقانلاردىن قىرغىزلار بار ئىدى. شەرق تەرەپتىكى تاتارلارمۇ بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ، بەزىدە بويسۇنۇپ يۈرەتتى. جەنۇب تەرەپتە تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان تۇرا قەبىلىلىرى بار ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىكى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىمۇ ھە دېسىلا ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالاتتى[99]. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىر زامانلاردا تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماقلىرىدا ئەل بولۇپ

ياشىغانىدى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇيغۇرلار چوقۇم تاڭ سۇلالىسىدىن ئوتتۇغات نامى ئېلىشى لازىم ئىدى، ئۇلار پەقەت بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بولغاندىلا ھەر قايسى قەبىلىلەرگە بۆيرۇق چۈشۈرەلەيتتى ھەمدە قورال كۈچىگە تايىنىپ تۈرۈپ قۇملۇقنىڭ پۈتۈن شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيتتى. شۇڭا كۆلبىلگە ئۆزىنى خاقان قىلىپ تىكلىگەندىن كېيىن، ئوتتۇغات نام ئېلىش ئۈچۈن دەرھال چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتتى. تيەنباۋنىڭ 4- يىلى (745) تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنى سۈيىنگىل خاقان دەپ ئېتىراپ قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئېتىراپ قىلغاندىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھاكىمىيەت بولۇپ قالدى. ئۇلار «تۈركلەرنىڭ قەدىم جايىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئۆتۈكەن تېغىغا قارارگاھ قۇردى» (100). ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇزلاردىن باشقا، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئىككى كۈچلۈك قەبىلە يەنى قارلۇقلار بىلەن باسمىللارمۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قارام بولدى.

---

ئىزاھات:

① يۇداجۇن تەرجىمە قىلغان، رىشىدى يازغان «جەمئۇل تەۋارىخ» 1-جىلد 1-قىسىم 3-قىسىم. ئۇيغۇرلار قەبىلىسى. شاڭخۇ باسمىخانىسى 1983-يىل نەشرى.

② بېي چاڭچىۋ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار» 9-باب (تەيۋەن) يېڭى ۋېنخىلاڭ نەشرىياتى شىركىتى. 1986-يىل نەشرى.

③ مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3-كىتاب. 127-بەت. ئەنقەرە 1943-يىل نەشرىگە قارالسۇن.

④ «كونا تاڭنامە» 195-جىلد.

⑤ (چىڭ دەۋرى) بۇ خىلڭ: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 39-جىلد.

⑥ (ياپونىيە) ئونوكاۋا ئېبىجى: «تۇرالار»، «مىللەت تارىخى تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 6-سىگە بېسىلغان. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت

تەتقىقات ئورنى 1978-يىل نەشرى.

⑦ گېباڭ شىمىن تىرانسىپكىرىپسىيە قىلغان ۋە ئىزاھلىغان «مويۇنچۇر ئابىدىسى» نىڭ 3—22-قۇرلىرى. «قەدىمكى تۈرك ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» نىڭ 1-قىسمى. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى 1977-يىل ماشىنكىدا ئۇرۇلغان نۇسخىسى.

⑧ گېباڭ شىمىن: «تۇدۇمسال ئىبادەتخانىسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن ئابىدىلەر ھەققىدە»، «دۇنيا دىن تەتقىقاتى» نىڭ 1981-يىل 1-سان.

⑨ تېكىن: «ئۇيغۇرچە (ئالتۇن يارۇق) تىكى ئويغىنىش تەلىماتى»، «ئورال-ئالتاي ئىلمىي جەمئىيىتى مەجمۇئەسى» نىڭ 3-تومىغا بېسىلغان. ۋىسبادىن. 1971-يىل نەشرى. 33-بەت.

⑩ «ماۋىي ماقالىلەر توپلىمى تۈركلەر ھەققىدە»، «ئوتتۇرا ئاسىيا» نىڭ 1984-يىل 3-سانى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن.

⑪ (سوۋېت ئىتتىپاقى) ئىسقاقوپ يازغان «ئۇيغۇرلار توۋادا» دېگەن ئەسەر. «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى» نىڭ 1985-يىل 5-سانىغا بېسىلغان.

⑫ «ۋېينامە». 2-جىلد.

⑬ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە».

⑭ «ۋېينامە» 2-جىلد. «تەيزۇ داۋۇۋدىنىڭ تەرجىمىھالى».

⑮ جۇۋېيجۇنىڭ: «تۇرالار ۋە ئاۋارلار» دېگەن كىتابىنىڭ 33-بەتتىكى ئىزاھى: «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى بايانغا قارالسۇن.

⑯ «ۋېينامە. شىزۇنىڭ تەرجىمىھالى»، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە».

⑰ «ۋېينامە. گاۋزۇنىڭ خاتىرىلىرى» 44-جىلد. «يۈۋېنفۇنىڭ تەرجىمىھالى» 16-جىلد. «جىڭجاۋ بېگى لى فۇجىنىڭ تەرجىمىھالى».

⑱ ۋاڭ گوۋېي: «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» 2-جىلد. «دەريالار قىسمى»، «شاڭرانىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىن. شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1984-يىل نەشرى. 40-بەت.

⑲ خامىتا: «بۆكوخاقان ئابىدىسى». ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى «شەرق مەجمۇئەسى» 1985-يىل 39-توم.

⑳ گېباڭ شىمىن تىرانسىپكىرىپسىيە قىلغان تۈرك يېزىقىدىكى «مويۇنچۇر

ئابىدىسى» 3-قۇر. «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تاللانمىسى» 1-قىسمى. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى 1977-يىلى ماشىنكىدا باسقان نۇسخىسى.

㉑ گېڭ شىمىن ترانسكرىپسىيە قىلغان «تۈرك بىلگە خاقان ئابىدىسى» شىمال تەرىپىدىن 15-قۇر. «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مۇجەسسەملەر تاللانمىسى» 1-قىسىم.

㉒ «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «ئاتىسىنا قەبىلىسى 500 تۈتۈن ئادەم بىلەن ئاۋارلار تەرەپكە كەتتى، كېيىن ئالتۇنتاغدا تۇراقلاشتى».

㉓ خەن رۇلىن تەرجىمىسى: «تۈرك بىلگە خاقان ئابىدىسى» نىڭ شەرق تەرىپىدىن 18-قۇر. لىن گەن تۈزگەن. «تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن 1-قىسىم. جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى. 1987-يىل نەشرى.

㉔ «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە». سىماگۇاڭ: «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 175-جىلد.

㉕ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 178-جىلد.

㉖ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 192-جىلد.

㉗ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 192-جىلد.

㉘ «يېڭى تاڭنامە» 217-جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» قوشۇمچە، «قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە».

㉙㉚ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉛ خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «تۈرك بىلگە خاقان ئابىدىسى» نىڭ جەنۇبىي يۈزى 3-قۇر.

㉜ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 192-جىلد.

㉝ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 193-جىلد.

㉞ دۇيۇ: «قانۇنلار قامۇسى. قوشۇلار».

㉟ دۇيۇ: «قانۇنلار قامۇسى. چۆبە يۇرۇكلەر».

㊱ «يېڭى تاڭنامە. قومۇقلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە. ئىزگىللار ھەققىدە قىسسە».

㊲ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 195-جىلد. سىرتاردۇشلار خاقانلىقىدا «يارامىلىق 200 مىڭ جەڭچى بار ئىدى».

㊳ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 193-جىلد.

㊴ ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 194-جىلد.

(40) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198-جىلد.
(41) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 197-جىلد.
(42) «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
(43) «يېڭى تاڭنامە» 217-جىلدنىڭ 2-قىسمى، ئۇيغۇرلار ۋە قوشۇمچە سىرتاردۇشلار ھەققىدە قىسسە».
(44) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198-جىلد.
(45) «تارتۇق ئورنىدا سۇسەرتېرىسى تاپشۇرۇش» ھەرگىزمۇ ئالۋان-ياساق ئەمەس، بەلكى تارتۇق قىلىش، سوۋغا-سالام يوللاش نامىدىكى سودا پائالىيىتى ئىدى.
(46) «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 198-جىلد. 6239-بەتتىكى «قۇللارنىڭمۇ يېرى بار ئىدى... ئەمەل تەلەپ قىلاتتى» دېگەن جۈملىگە قارالسۇن.
(47) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198-جىلد. جېنگۈەننىڭ 21-يىلى 6-ئاي دېگەن ماددىغا قارالسۇن.
(48) «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
(49) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار قوشۇمچە قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە».
(50) «يېڭى تاڭنامە» 43-جىلد 2-قىسىم، قوۋۇقنىڭ ئىچىدىكى يوللار.
(51) «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 73-جىلد.
(52) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 193-جىلد. «ئىنزگىللاردىن 40 مىڭ ئادەم دەيجۇ ئايمىقىدا دېھقانچىلىق قىلاتتى».
(53) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200-جىلد. «ئىنزگىللاردىن ئېركىن تۆمەن سۇلې، جۇجۇپ، كاۋانا قاتارلىق ئۈچ بەگلىككە بېتەكچىلىك قىلىپ، ئودۇننى ئالدى».
(54) چىن جۇڭمىيەن: «تۈركلەر تارىخى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن 1958-يىل نەشر قىلىنغان. 773-بەت.
(55) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىرىنچى قىسىم.
(56) خې يىڭجۇڭ يازغان «مىلادى VI — X ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى»غا قارالسۇن. «جياڭشى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىتى» 1959-يىل 1-سان.
(57) بۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇرلار تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كۆپ مەرتە قوشۇن

چىقىرىپ، تالاڭ ھۆكۈمىتىگە ياردەم بەرگەندى.

(58) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 199-جىلد.

(59) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 199-جىلد.

(60) «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

(61) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە». «يېڭى تاڭنامە. سۇدىڭفاڭنىڭ تەرجىمىھالى».

(62) «كىتابلار جەۋھىرى» 986-جىلد. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200-جىلد.

(63) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 199-جىلد.

(64)(65) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200-جىلد.

(66) «كىتابلار جەۋھىرى» 986-جىلد. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200-جىلد. 661-يىل دېگەن ماددىغا قارالسۇن.

(67)(68) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200-جىلد.

(69) «كىتابلار جەۋھىرى» 986-جىلد.

(70)(71) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200-جىلد.

(72) «كىتابلار جەۋھىرى» 520-جىلد.

(73) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200-جىلد.

(74) چېن زىيالاڭ: «كونا ۋەقەلەردىن تەرمىلەر» 4-توم.

(75) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 203-جىلد.

(76) چېن زىيالاڭ: «كونا ۋەقەلەردىن تەرمىلەر» 4-توم «ۋېي چاۋفو».

(77) «كونا ۋەقەلەردىن تەرمىلەر» 8-توم.

(78) خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «تۈرك يېزىقىدىكى تونيوقۇق ئابىدىسى» لىن گەن تۈزگەن. «تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي ماقالىلەردىن تاللانما» نىڭ 1-قىسمى، 498-بەت.

(79) «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

(80) «كىتابلار جەۋھىرى» 974-جىلد.

(81) «كونا تاڭنامە. قىتانلار ھەققىدە قىسسە».

(82) «بەلگە مەلىكە قەبرە خاتىرىسى» چېن چۇڭمىيەن يازغان (تۈركلەر تارىخى) نىڭ 2-قىسمىغا بېسىلغان. جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1958-يىل نەشرى.

(83) خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «بىلگە خاقان ئابىدىسى» نىڭ شەرقىي يۈزىگە. «كۆلتېگىن ئابىدىسى» نىڭ شىمالىي يۈزىگە قارالسۇن. لىن گەن تۈزگەن «تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت تارىخىي ماقالىلەردىن تاللانما».

(84) «كونا تاڭنامە. شۆەنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە».

(85) لى فاڭ قاتارلىقلار «ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى» 459-جىلد.

(86) خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «بىلگە خاقان ئابىدىسى» نىڭ شەرقىي يۈزىدىكى 20-قۇرغا قارالسۇن.

(87) جاڭ جيۇلىڭ: «چۈيجياڭ توپلىمى» 6-جىلد؛ «تۈرك بىلگە خاقانغا يارلىق»؛ «كىتاب جەۋھەرلىرى» 979-جىلد.

(88) «ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى» 459-جىلد.

(89) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 217-جىلد.

(90) «كونا تاڭنامە» 38-جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى لىڭجۇ».

(91) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 212-جىلد.

(92) «كىتابلار جەۋھەرلىرى» 992-جىلد.

(93) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 193-جىلد.

(94) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 211-جىلد.

(95) چېن زىياڭ: «كونا ۋەقەلەردىن تەرمىلەر» 8-جىلد.

(96) «چۈيجيياڭ توپلىمى» 6-جىلد. «تۈرك خاقانىغا يوللانغان يارلىق».

(97) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 225-جىلد.

(98) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 215-جىلد.

(99) گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «مويۇنچۇر ئابىدىسى»، «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر تاللانمىسى» 1-قىسىم.

(100) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 215-جىلد.

# ئۈچىنچى باب

## ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە زېمىنى

جىنگۇەننىڭ 20-يىلى (646) ئۇيغۇر ئاقساقاللىرى ئۆزىنى خاقان دەپ ئاتىغاندىن تيەنباۋنىڭ 4- يىلىغا (745) غا قەدەر ئۇيغۇرلار موڭغۇل دالاسىغا ھاكىمبەگ بولغان 100يىل ئىچىدە، ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن ھەمدە توركلەر بىلەن ھەر قايسى تۇرا قەبىلىلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈشنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلغان مەزگىل بولدى. تيەنباۋنىڭ 4-يىلى، تۈرك خاقانلىقىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، تارقاق تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىغا بولغان يۈزلىنىشى ئاساسەن شەكىللەندى. بۇنىڭ ئالامەتلىرى بىرىنچىدىن، موڭغۇل دالاسىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى سىرتقا قارىتا ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالماي، بىر تۇتاش ھالدا ئۇيغۇر دېگەن ئىسمنى قوللىنىدىغان بولدى؛ ئىككىنچىدىن، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى تارقىلىپ ئېقىپ يۈرىدىغان ھالىتى نىسپىي ھالدا مەركەزلىشىپ، مۇقىم ھەرىكەت ئېلىپ بارالايدىغان ھالەتكە ئۆزگەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار داۋاملىق يوسۇندا قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشۇشتىن تەرەققىي قىلىپ، پۈتۈن قوملۇقنىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خاقانلىققا ئايلاندى.

## 1. قەبىلە ۋە زېمىن

ئۇيغۇر خاقانلىقى ئاساسىي جەھەتتىن شەرقىي تۈركلەرنىڭ زېمىنىغا ۋە ئۇنىڭغا قارام بولغان قەبىلىلەرگە ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، خاقانلىققا تەۋە قەبىلىلەرنىڭ ئۈستۈن-تۆۋەنلىكىدىمۇ ئۆزگىرىش كېلىپ چىقتى. خاقانلىق ئومۇمەن ئاساسىي قەبىلە ۋە قارام قەبىلە دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. ئاساسىي قەبىلە ئەسلىدىكى ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز گۇرۇھىدىكى قەبىلىلەردىن تەركىب تاپتى. بۇ قەبىلىلەردىكى قىران يىگىتلەر خاقانلىقنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى ھاسىل قىلدى، خاقانلىقتىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ ئاساسەن مۇشۇ قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىدىن تەشكىللەندى. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۆز ۋاقتىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى بۇ خاقانلىقنى «ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز خاقانلىقى» دەپ ئاتىدى①. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇردى. ئون ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ ئۇرۇقلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ياغلىقار قەبىلىسى ئۇنىڭ يادروسى ئىدى. VII ئەسىردىكى سۆكۈن تېكىندىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارغا قەبىلە باشلىقى ياكى خاقان بولغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ ئۇرۇقتىن بولدى. بۇلاردىن باشقا، نىسبەتەن كۈچلۈكرەكلىرى كورلەمۇر (يەنە بىر ئاتىلىشى كۈلۈبېي) لار بىلەن قازارلاردىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇق ئىدى. يەنرەن قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى مەزگىلىدە، تاڭ سۇلالىسى كورلەمورلارنى ئون ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇرغان ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىدىن لاكا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى (سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چىتا) رايونىغا يۆتكەپ، ئۇ يەردە دۆلۈك ئايمىقىنى تەسىس قىلغانىدى. كۆرلەمۇرلار قارىماققا ياغلىقارلار بىلەن ئەپ ئەمەس ئىدى، كورلەمۇرلارنىڭ ياغلىقارلار بىلەن

خاقانلىق تالىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنىڭ ئاقساقىلىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىپ نەزەربەنتمۇ قىلىپ قويغانىدى②. قازارلار ئورۇن جەھەتتە ئۈستۈن بولۇپلا قالماي، بەلكى سىرلىق تۈس ئالغان بىر ئۇرۇق ئىدى. بىزگە مەلۇم، مىلادى Ⅱ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، غەربنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا شەرقلىك تۈرا (ياكى تۈرك) لار(Khazars) دەپ ئاتالغان قازار قەبىلىسى پەيدا بولدى، شۇ چاغدا ئۇلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ يېنىدا ياشايتتى③. كېيىنچە خەنزۇ يېزىقىدا پۈتۈلگەن تارىخىي كىتابلاردا «كاسار»، «خىسار»، «خىسەر» ④ دەپ خاتىرىلەندى. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىكى بۇ ئۇرۇقنىڭ پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى شۇناملىق قەبىلە بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقى ھازىرغىچە تېپىشماق بولۇپ كەلدى. ئەسلىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ئىچىدە بۆكۈ، توڭرا، ئىزگىل، خۇن، چۆبە، بايىرغۇ، ئاتېئىز، قۇمۇق، قۇشۇر قاتارلىق قەبىلىلەر بار ئىدى. خاقانلىقتىكى ئاساسىي قەبىلىلەر قاتارىدا يۇقىرىدىكى ئون ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن باشقا قۇدىقان، تۇباس، ئاقشىد، باسمىل ۋە قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ خاقانلىقتىكى ئورنى ئالدىنقىلارنىڭكىدىن تۆۋەن تۇراتتى، بۇلاردىن سىرت ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن توققۇز غۇزلارمۇ مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى.

خاقانلىقنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرى ئومۇمەن ئالغاندا بايقال كۆلى، كۆگمەن تېغى، تاڭنۇر تېغى قاتارلىق تاغلارنىڭ جەنۇبىدا، چوغاي تېغى، قۇلانتاغ، خېشى كارىدورى ۋە شىمالىي تاغ (ما زۇڭشەن تېغى) نىڭ شىمالىدا، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقى، ھىنگان تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى موڭغۇل دالالىرىدا ئىدى. بۇ تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىسمى بولسىمۇ، سىرتقا قارىتا ئۆزلىرىنى بىردەك ئۇيغۇر دەپ ئاتايتتى. ھەتتا ھېلىقى توققۇز غۇزلارمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ قالسا،

ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەيتتى. خاقانلىقنىڭ 100يىل مابەينىدىكى بىرىكىشى نەتىجىسىدە، ھەر قايسى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى چەك-چېگرا تەدرىجىي ھالدا بۇزۇلدى، زېمىندىكى بىرلىك مۇناسىۋىتى قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىغا چىقتى. موڭغۇل دالاسىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى تۇرا قەبىلىلىرى بارا-بارا بىرىكىپ، بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ قالدى.

بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى، نوپۇسى قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز.

ئون ئۇيغۇرلار: تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرى «100 مىڭ نوپۇسى بار، ئەسكىرىي سانى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان» كۆلەمدە تەرەققىي قىلغانىدى. دۆلەت قۇرۇپ 100 يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، نوپۇسىنىڭ 100 مىڭدىن ئېشىپ كېتىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. سېلىنگا دەرياسى ۋادىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئورنى ئىدى، بۇ يەردىكى تاغ جىلغىلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قۇم ئارىلاش شورلۇق تۇپراق بولۇپ، ئاساسلىق چارۋا مەھسۇلاتى چوڭ تۇياقلىق قويلار ئىدى. يەنرەن قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى مەزگىلىدە، ئۇلار ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىنى 40 يىلدىن كۆپ ۋاقىت بېسىپ ياتتى، كېيىنكى تۈركلەر باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىغا قوغلىۋېتىلدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خاقانى قارارگاھىنى جەنۇبقا يۆتكىدى. ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى كەڭ ئوتلاقلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شەرقىي شىمالى، بايقال كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئىبارەت ئىككى دەريا ۋادىسى پۈتۈنلەي ئون ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئۆتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاساسىي پائالىيەت رايونى بولدى. شۇنداقلا بۇ يەر خاقانلىقتىكى نوپۇسى ئەڭ زىچ بىر رايون ئىدى. لېكىن قەبىلە نوپۇسىنىڭ ئۆزلۈكسىز

كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى ئوتلاقلارنى ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ، ناھايىتى كۆپ ئۇرۇقلار ئاستا-ئاستا باشقا رايونلارغا تارقالدى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۆز ئاقساقاللىرى ئۈچۈن بۇ يېڭى ئولتۇراق جايلارغا قەلئە-شەھەرلەرنى سالدى. مەسىلەن، ئۇلار بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلىنىڭ ئالاشان ئېگىزلىكىدىكى ئېرگىنە دەرياسى ساھىلىدا مەلىكە قەلئەسىنى سالغان ۋە شۇ ئەتراپتا چارۋا باققانىدى. بۇ ئۇيغۇرلار بەزىدە ھەتتا ئېرگىنە دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبقا مېڭىپ، گەنجۇ (جاڭيې) ئايمىقىدىكى تىلەن تېغىنىڭ ئېتەكلىرىگە يىلقا باققىلى باراتتى. ئۇلار يەنە قاشقالداق بۇلۇتىنىڭ شىمالىدا، تەڭرى قاخان يولىنىڭ ياقىسىغا مەلىكە قەلئەسىدىن باشقا مېيجەن قەلئەسىنى سالدى. ئون ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى مۇشۇ جايدىمۇ مال باقاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، لاكا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا (بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چىتا رايونىدا) ئون ئۇيغۇرلار قارىمىقىدىكى كورلەمۇرلار ئۇرۇقى تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلار ھەتتا يەنىسەي دەرياسى ساھىلىدىكى تۇۋا ئويمانلىقىدىمۇ قەلئە ياساپ، چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولدى. XX ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگلىرى شۇ يەردىكى 12 ئورۇندىن ئۇيغۇرلار ياسىغان قەلئە خارابىلىرىنى قازدى⑤. IX ئەسىردىن كېيىن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ بېرىپ، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى⑥. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بېشبالىقتىن ئانچە يىراق بولمىغان باركۆل يايلاقلىرىدىمۇ ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ توپ-توپ پادىلىرى ئوتلايتتى. ئون ئۇيغۇرلار خاقانلىقتىكى ئەڭ چوڭ شۇنداقلا تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بىر قەبىلە گۇرۇھى ھېسابلىناتتى.

— بايىرغۇلار: كۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا-تۆۋەن ئېقىنى، شەرقتە ئۇسسۇرى دەرياسى ۋادىسى، تاتارلار بىلەن قوشنا بولغان زېمىنلاردا ياشىغان بولۇپ، «10 مىڭدىن كۆپ ياراملىق ئەسكىرى

بار، نوپۇسى 60 مىڭ» كېلىدىغان بىر قەبىلە ئىدى. بۇ سۇيى ئەلۋەك، يايلاقلىرى مۇنبەت گۈزەل جاي ئىدى، ئاھالە بۇغا ئوۋلاش ۋە پادا بېقىشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئانچە-مۇنچە تېرىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. بۇ يەردىن «ياخشى ئارغىماقلار چىقاتتى. تۆمۈر قوراللارنى ياساشقا ماھىر ئىدى»⑦.

بۆكۈلەر: «يارامىلىق 10 مىڭ ئەسكىرى بار بولۇپ، نوپۇسى 30 مىڭ ئىدى». ئۇلار بايىرغۇلارنىڭ غەربىي تەرىپىدە، بۈگۈنكى ئونان دەرياسى ساھىلىدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى، غەرب تەرەپتىكى قوشنىسى توڭرالار بىلەن «ئىناق ئۆتەتتى»⑧. بۆكۈ قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئىنتايىن قەيسەر، چاققان ئادەملەردىن بولغاچقا، تارىختا «گېپى ئوچۇق، لېكىن باشلىغان يولغا ئاسان ماڭمايدىغانلار» دەپ نامى چىققانىدى. ئۇلارنىڭ خاقانلىقتىكى ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. بۆكۈ ئۇرۇقىدىن بولغان قىزلار ياغلىقارلار ئۇرۇقىدىن چىققان خاقانلار بىلەن توي قىلىپ، خاقانلىقتا خاتۇن نامىنى ئالغانىدى.

توڭرا: ئۇلار «15 مىڭ تۈتۈن ئاھالىسى بار، يارامىلىق ئەسكىرى 30 مىڭ»⑨ قەبىلە بولۇپ، ئەسلىدە تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا ياشايتتى، شەرقىي تەرىپى بۆكۈلەرگە قوشنا كېلەتتى. كېيىنكى تۈركلەر دەۋرىدە، تيەنباۋنىڭ 2-يىلى (743) غا كەلگەندە جەنۇبقا كۆچۈپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى ۋە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا يەنى بۈگۈنكى ئوردوس رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تيەنباۋنىڭ 12-يىلى (753) غا كەلگەندە قايتىدىن قۇملۇقنىڭ شىمالىغا كەتتى، قىسمەن ئادەملىرى تارقالدى، بەزىلىرى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلدى، بەزىلىرى جەنۇب تەرەپكە مېڭىپ شەنشى ۋە خېبېينىڭ شىمالىي تەرىپىگە يېتىپ باردى. ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى ئۆكتۈك، سۆيگۈن توپىلىڭنى قوزغىغان ئىسيانكارلارغا قوشۇلدى.

تۆلەنغۇتلار: «يارامىلىق ئەسكىرى 10 مىڭ ئىدى»⑩. تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا، توڭرا قەبىلىلىرىنىڭ جەنۇبىدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

قۇشۇلار: قو ۋە شۇر دەيدىغان «ئىككى فامىلىدىن بىرىكىپ بارلىققا كەلگەنلەر» بولۇپ، «يارامىلىق 7000 ئەسكىرى بار ئىدى.»⑪ تۆلەنغۇتلارنىڭ شىمالىدا تۇراتتى.

ئىزگىللار: تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا، غەربتە توڭرا قەبىلىلىرى ۋە قۇمۇقلار بىلەن قوشنا بولۇپ ياشايتتى، «بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوشقاندا 20 مىڭغا يېتەتتى»⑫. ئىزگىللارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى، شيەنچىڭنىڭ 4-يىلى (659) بىر بۆلۈك ئىزگىللار تارىم ئويمانلىقىدىكى قەشقەر، قاغىلىق، تاشقورغان رايونلىرىغا يېتىپ بارغانىدى⑬. ئۇلارنىڭ نەچچە ئونمىڭ ئادەمدىن تەركىب تاپقان يەنە بىر قىسمى شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمىدا تاكى بەش ئەۋلادقىچە ئۈزۈلدۈرمەي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

شىد ۋە ئاقشىدلار: بۇلار تۇرا قەبىلىسى ئىچىدە ئەڭ شەرق تەرەپتە ئولتۇراقلاشقان ئىككى قەبىلە بولۇپ، بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي ۋە جىلىن ئۆلكىسى بىلەن لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرىسىدىكى رايونلاردا تۇرمۇش كەچۈردى. شەرقتە قىتان، موغال قەبىلىلىرىگە قوشنا بولدى. ئاقشىد قەبىلىسىنىڭ «يارامىلىق 3000 ئەسكىرى بار ئىدى»⑭، شىدلارنىڭ «يارامىلىق ئەسكىرى 10 مىڭدىن ئاشاتتى»⑮. بۇ ئىككى قەبىلىدىكى ئادەملەر ھىنگان تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئېدىرلىققا ئورۇنلاشقانىدى. بۇ جايدا ئورمانلار قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئوۋچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، يايلاقتىكى دەتالاشلارغا كۆپ ئارىلاشمىدى.

خاقانلىقنىڭ ئاساسىي قىسمىدا، يۇقىرىقى بىر قەدەر چوڭ قەبىلىلەردىن تاشقىرى، نوپۇسى ئازراق ۋە نوپۇسى ئېنىق

بولمىغان يەنە بەزى قەبىلىلەرمۇ بار ئىدى.

ھۇنلار: تۇغلا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا بولۇپ ياشايتتى.

چۆبەلەر: ئۇلار ئەسلىدە تۇغلا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا تۇراتتى، سۇي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى (581 — 618) يىللىرى بوگۇنكى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمى تەڭرىتېغى رايونلىرىغا كۆچۈپ، سىرتاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇردى ۋە ئۇنى ئون يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشتۇردى. كېيىنچە غەربىي تۇركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلدى، ئادەملىرى، تەرەپ-تەرەپلەرگە كەتتى. بىر قىسمى ئايلىنىپ يۇرۇپ، ئىسسىقكۆل، چىڭخەينىڭ شىمالى ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشىدى، ئەڭ ئاخىرىدا تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولدى. يەنە بىر قىسمى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى قەدىم جايىدا ياشىدى. ئۇلارنىڭ «يارامىلىق ئەسكىرى 3000 ئىدى»⑯.

ئاتېئىزلار: نىسبەتەن كىچىك قەبىلە بولۇپ، «يارامىلىق ئەسكەرلىرى 1700 ئىدى»، ئۇلار ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا، ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا بولۇپ تۇرمۇش كەچۈردى. بەزىلەر ئۇلارنى ئون ئۇيغۇر قەبىلىسى ئىچىدىكى ئاۋۇسارلار دەپ قارىغانىدى.

قۇرىقانلار: ئۇلار ئەسلىدە بايقال كۆلىنىڭ شىمالىدا ياشىدى، بۇ يەر ئىنتايىن سوغۇق، «كۈندۈز ئۇزۇن، كېچە قىسقا»، «سامساقگۇل كۆپ ئۈنىدىغان، ئادەملىرى ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان» رايون ئىدى⑰. بېشى تۆگىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان، ناھايىتى قاۋۇل، ياخشىراقلىرى بىر كۈندە نەچچە يۈز چاقىرىم يول يۈرەلەيدىغان ياخشى ئات كۆپ چىقاتتى. خاقانلىق دەۋرىگە كەلگەندە، قۇرىقانلار ئاستا-ئاستا جەنۇبقا يۆتكىلىپ، بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا قەدەر كەلگەنىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى تارىختىكى شەرقىي قاڭقىللاردىن بولۇپ، ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئاساسەن دېگۈدەك ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز گۇرۇھىنىڭ تەركىبىدىكى قەبىلىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى قويۇق ئىدى، ئۇلار خاقانلىقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغاچقا، ئورنىمۇ خېلى يۇقىرى ئىدى، شۇڭا «ئاساسلىق قەبىلىلەر» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇيغۇر خاقانلىقى مەزگىلىدە، ئۇلار تەدرىجىي يۇسۇندا بىرىكىپ، نوقۇل ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەندى، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى قەبىلە ئىسمى، خاقانلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە ئاساسەن ئەمەلدىن قالدى.

خاقانلىقتىكى ئاساسىي قەبىلىلەر رايونىدا يەنە بىر قىسىم تۆرا قەبىلىلىرى بولۇپ، ئۇلار تارىختىكى توققۇز ئوغۇز گۇرۇھىغا تەۋە ئەمەس ئىدى. ئۇلار گەرچە خاقانلىقنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن «مېھمان قەبىلە» دەپ قارىلاتتى. مېھمان قەبىلە ۋە ئۇنىڭ ئاقساقاللىرى خاقانلىقتا تۆۋەنرەك ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلار خاقانلىققا قارىتا ياكى توپىلاڭ كۆتۈرەتتى، ياكى بويسۇناتتى، ئەڭ ئاخىرىدىكى ئەھۋال ياكى ئۇيغۇرلارغا پۈتۈنلەي بويسۇنۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كېتىش بىلەن ياكى خاقانلىقتىن ئايرىلىپ باشقا جايلارغا كېتىش بىلەن تۈگەيتتى. بۇنداق قەبىلىلەرنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن:

قارلۇقلار: ئەسلىدە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى بىلەن ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە ئىدى. VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كېلىپ، تۈركلەر دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئالدى-كەينىدە تۈركلەرگە قارايدىغان بولدى، مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى تارىختا «قارلۇقلار ئەسلىدە تۈركىي مىللەت ئىدى» دەيدىغان قاراش پەيدا بولغانىدى. قارلۇقلار ئۈچ مىللەتتىن يەنى مورۇن (مولان)، چىگىل (يوفۇر)، تاشىرىلاردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، ئۈچ فامىلىلىك قارلۇق دەپمۇ ئاتالغانىدى. قارلۇق قەبىلىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى،

«ئەسكەرلىرى قەيسەر، ئۇرۇشخۇمار ئىدى، بېشبالىقنىڭ غەربىدىكى ھەر قايسى تۈرك قوۋملىرى ئۇلاردىن بەك قورقاتتى» ⑱. ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قارلۇقلار ئوڭ باسقاق، سول باسقاق دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. سول باسقاق خانگاي تاغلىرى بىلەن ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا ئورۇنلىشىپ ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قارىدى. ئوڭ باسقاق ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىگە ئورۇنلىشىپ «ئۆزلىرىگە بايغۇ تىكلىدى» ۋە يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە ياشىدى.

باسمىللار: (يۇمارلار)، ئەسلىدە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى تاڭنۇر تاغلىق رايونىدا تاغنىڭ قاپتىلىنى بويلاپ ئورۇنلاشقانىدى. «ئومۇمىي تۇتۇن سانى 2000 دىن كۆپرەك ئىدى» ⑲. تۇرغان جايلىرى سوغۇق ئورمانلىق ئىدى. باسمىللار ئوۋ قىلىش، يىلقا بېقىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاشلىقمۇ تېرىيتتى، قېيىن ياغىچى بىلەن قوپۇرۇلغان ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. ئۇلار ناھايىتى بۇرۇنلا تۈركلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى، ئاشنا ئۇرۇقىدىن بولغان تۈركلەر بۇ قەبىلىنىڭ ئۆمۈرۋايەتلىك ئاقساقاللىرىدىن بولۇۋالدى⑳. كېيىنكى تۈرك خاقانلىقى مەزگىلىدە، باسمىللارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا كۆچۈپ موڭغۇل دالاسىغا كەلدى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ كېيىنكى تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلار قارلۇقلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قوشۇلغاندىن كېيىن «مېھمان قەبىلە» دەپ قارالدى. ئۇيغۇر خاقانلىرى «جەڭ بولغان ھامان بۇ ئىككى مېھمان قەبىلىنى ئەڭ ئالدىدا ماڭغۇزىدىغان بولدى» ㉑. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار پات-پات ئىسيان كۆتۈرەتتى ھەمدە شىمالغا ياكى غەرب تەرەپلەرگە قاچاتتى.

سىرتاردۇشلار: تارىختا ئۇلار «ئەزەلدىن كۈچلۈك مىللەت» دەپ ئاتالدى. ئۇلار ئەسلىدە قۇملۇقنىڭ شىمالىدا بولۇپ، شەرقىي ئاڭقىللارنىڭ بىر قىسمى ئىدى. چى بەگلىكى

يۇئەمىئىنىڭ 5-يىلى (487) سىرتاردۇشلار ئاي ئۇجرۇ بىلەن بىرلىكتە غەربكە كۆچۈپ، جۇئغارىيە ئويمانلىقىدا قائقىللار دۆلىتىنى قۇردى، ئاز ساندىكىلىرى داۋاملىق ھالدا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۆتۈكەن تاغلىرىدا ماكانلىشىپ قالدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، غەربتە تورۇۋاتقان سىرتاردۇشلار قايتىپ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا كەلدى ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەي سىرتاردۇشلار خاقانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. جېنگۇەننىڭ 20-يىلى (646) سىرتاردۇش خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار «ئۇنىڭ قىسىملىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى»㉒. قالغانلىرى تارقىلىپ كەتتى ياكى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى ھەمدە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىن سېپىلى بويلىرىدا پادا باقتى؛ ياكى بولمىسا غەربتىكى قەدىم جايىغا بېرىپ، بۇغدا تېغىنىڭ شىمالىدىكى باركۆل يايلاقلىرىغا ئورۇنلاشتى. بۇلار دەل كېيىنكى كۇنلەردىكى چىگىللار، چۇمۇللار ۋە ساتارلار ئىدى. مىلادى Ⅶ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، موئغۇل دالاسىدا قالغان سىرتاردۇشلار يەنىلا «40 نەچچە مىڭ تۈتۈن»㉓ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر خاقانلىقى مەزگىلىگە كەلگەندە، سىرتاردۇشلار دېگەن بۇ ئىسىم يوقىلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىگە سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىمىز ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ئاساسىي قەبىلىلەرنىڭ زېمىنى ۋە ئاساسىي قەبىلىلەر ئىچىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرى ۋە زېمىنى ئىدى. بۇ ئاساسىي قەبىلە ئىچىدە خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان توققۇز غۇزلار ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارمۇ بارا-بارا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەركىبىگە سىڭىشىپ كەتتى.

تۆۋەندىكى ئۇيغۇر خاقانلىقىغا بېقىندى قەبىلىلەرنى

تونۇشتۇرىمىز. خاقانلىقنىڭ شەرقىدىكى بېقىندى قەبىلىلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

قىتانلار: خۇاڭشۈي (بۈگۈنكى شار مۆرۈن دەرياسى) ۋادىسىدا ياشايتتى، جەنۇب تەرەپتە قۇمۇقلار ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن، غەربتە شىدلار بىلەن قوشنا ئىدى. كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. «يارامىلىق ئەسكىرى 43 مىڭ ئىدى» ㉕.

قۇمۇقلار: قىتانلارنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، بۈگۈنكى لياۋنىڭ، ئىچكى موڭغۇل ۋە خېبېيدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىنىڭ قوشۇلۇش چېگرىسىدىكى رايونلاردا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. جەنۇبتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن، شىمالدا قىتانلار ۋە شىد قەبىلىسى بىلەن قوشنا ئىدى. «يارامىلىق ئەسكىرى 30 مىڭدىن ئاشاتتى» ㉖.

شىۋىدلار: تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇلار «تاتار» دەپ ئاتالدى، ئۇلار قىتانلارنىڭ شىمالىدا، بۈگۈنكى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى بىلەن جىلىن ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا ياشايتتى. غەرب تەرەپتە ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى كۆلۇبېي قەبىلىسى، بايىرغۇ، جۇجۇق قەبىلىلىرى بىلەن قوشنا ئىدى. تېرىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ شەرقىدىكى بۇ بىرنەچچە بېقىندى قەبىلىلەر تونگۇس تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى تۇرالارنىڭ تىلى بىلەن پەقەت ئوخشاشمايتتى. ئۇلارنىڭ تارىختىكى تۇرالار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ نىسبەتەن ئاز ئىدى. ئۇلارنىڭ باشقا قەبىلىلەر بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرى مۇشۇ ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىدىكى بېقىندى قەبىلىلەردىن ئاساسلىقى قىرغىزلار ئىدى. قىرغىزلار كۆكمەن تېغى (بۈگۈنكى سايەنلىڭ تاغلىرى) نىڭ شىمالىدىكى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشايتتى. قىرغىزلارنىڭ شەرق ۋە جەنۇبىدا تۇرمۇش

كەچۈرىدىغان تۇباسلار، قۇۋاچلار، مىلىلار قىرغىزلارغا بېقىندى قەبىلىلەر ئىدى. قىرغىزلار ئۆزلىرىگە بېقىندى بولغان قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلۇپ 100 مىڭ ئادەمى، يارامىلىق 80 مىڭ ئەسكىرى بار ناھايىتى كۈچلۈك بىر قەبىلە ئىدى㉗.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ غەربىدىكى بېقىندى قەبىلىلەر ئاساسلىقى قارلۇقلاردىكى سول باسقاق ۋە ساتارلار، ياغمىلار قاتارلىق غەربىي تۈركلەرنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ بېقىندى قەبىلىلەر ئىزچىل رەۋىشتە يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە ياشىدى، ئىچكى ئىشلىرىغا ئۆزى مەسئۇل بولدى. ئۇيغۇرلار ئۇلارنى تىزگىنلەشتە، ئاساسلىقى ھەربىي بويسۇندۇرۇشقا تاياندى. بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ياكى نازارەتچى بەگلەرنى ئەۋەتىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇيەتتىش قىلدى. تارتۇق قىلىنىدىغان نەرسە-كېرەكلەرنى، ئالۋان-ياساقنى تەكشۈردى. مەسىلەن، قىتانلارغا ۋە تاتارلارغا شۇنداق قىلدى؛ ياكى ئاساسىي قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىدى. مەسىلەن، قىرغىزلارغا، قارلۇقلارغا مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللاندى. ياكى بولمىسا ئۇيغۇر — ياغلۇقارلار ئۇرۇقىدىن بولغان ئاقسۆڭەكلەرنى شۇ قەبىلىنىڭ ئۆمۈرۋايەت مىراس قالىدىغان ئاقساقاللىقىغا بەلگىلىدى. ئالايلۇق، ياغمىلارنى شۇنداق باشقۇردى. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار بۇ بېقىندى قەبىلىلەرگە نىسبەتەن پەقەت ئاجىز ۋە بوشاڭ قارامىلىق مۇناسىۋەتنىلا ساقلاپ قالدى، ئۇلارنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تالان-تاراج قىلىش ۋە تىزگىنلەش قولىدىن كەلمىدى. بۇ بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ تاكى ئۇيغۇر خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ ئەنئەنىۋى قەبىلە ناملىرىنى ساقلاپ قالالىغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىچىگە سىڭىشىپ

كېتەلمىگەنىدى. پۈتۈن خاقانلىق مەزگىلىدە، بۇ بېقىندى قەبىلىلەر بىردەم ئىسيان كۆتۈرۈپ، بىردەم بويسۇنۇپ كۈن ئۆتكۈزدى. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى ئۇيغۇر خاقانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان تېررىتورىيىدە ئاساسىي قەبىلە ياشىغان رايون ئاساسەن مۇقىم بولۇپ تۇرغاندىن باشقا بېقىندى رايونلار دېگەندەك مۇقىم بولمىدى. خاقانلىق ئەڭ گۈللەنگەن چاغلاردا، ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى زېمىن چېگرىسى مۇشۇ بېقىندى قەبىلىلەر ھەرىكەت قىلىۋاتقان جايلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك يېتىپ باردى، يەنى شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە لياۋخې دەرياسى بىلەن لياڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە، غەربتە پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى چۇ دەرياسى ۋە ئىسسىقكۆل رايونىغىچە، شىمالدا يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جەنۇبىي سىبىرىيە رايونلىرىغا قەدەر كېڭەيدى. خاقانلىقنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى چېگرىسى نىسبەتەن تۇراقلىق ئىدى. بۇ جايلار چوغاي تاغلىرى، قولان تاغلىرى، خېشى كارىدورى ۋە خېلىشەن تېغى، مازۇڭشەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار ئىدى. لېكىن خاقانلىق ئاجىزلىغان چاغدا، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دائىرىسى، پەقەت ئاساسىي قەبىلىلەر تۇرۇۋاتقان كىچىككىنە يەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالاتتى.

## 2. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى

كەڭ كەتكەن موڭغۇل دالاسى قۇملۇق يايلاق ۋە بىپايان چۆللۈكتىن ئىبارەت بىر جاي ئىدى، بۇ يەرنىڭ كىلىماتى قۇرغاق ۋە سوغۇق بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرىدا پەقەت ئوت-چۆپلا ئۆسەلىگەچكە، تەبىئىيكى پايانسىز ئوتلاق بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ چەكسىز چۆل-جەزىرىدىكى توپراق قاتلىمىدا مول تۇز ماددىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈنۈپ چىققان ئوت-چۆپلەر

چارۋا بېقىشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. ئومۇمەن، بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان مىللەتلەر چارۋىچىلىقتىن باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنالمايتتى. تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچىكى، يېمەك-ئىچمىكى، ئولتۇراق ئۆيلىرى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىمۇ چارۋىچىلىقنىڭ ئېھتىياجىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى قەبىلىلىرى بۇ موڭغۇل دالاسىدا تەبىئىي شەرت-شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى جەھەتلەردە ئۆزلىرىگە كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلىپ تاللىۋالدى.

تۇرالار سىنىپى دۆلەت قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، گەرچە ساپ قانداشلىق مۇناسىۋەتتىكى ئۇرۇقلار تەدرىجىي يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇق-جەمەت بولۇپ تەشكىللىنىش شەكلى مۇكەممەل رەۋىشتە ساقلىنىپ قالدى. تۈرك تىلىدا ئۇرۇق دېگەن سۆز «ئۇرۇق-ئايماق» (uruk aymak) دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى. بۇ ئاتالغۇنىڭ يېزىق مەنبەسى ئۇرۇ (uru) يەنى ئەرلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. چۈنكى ئۇرۇق ئەرلىك ھوقۇقىدىن كېلىپ چىققانىدى. قانداش ئۇرۇقلارنىڭ ئورنىغا تەدرىجىي يوسۇندا زېمىن بىرلىكى دەسسىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ مەزگىلگە كەلگەندە ئورتاق بىر زېمىندىكى رايونلارغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان «باغ» (baq) دېگەن سۆز پەيدا بولدى. خاقانلىقتىكى ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇقىم چارۋا مەيدانلىرى بار ئىدى، ئۇلار گەرچە «قەرەلسىز ھالدا كۆچۈپ يۈرسىمۇ، ئۆزىگە قاراشلىق يەرلەر تونۇۋېرەتتى» ㉘. قەبىلىلەر بۇ ئوتلاق مەيدانلىرىنى ھەر قايسى ئۇرۇقلارغا ياكى باغلارغا بۆلۈپ بېرەلەيتتى. ئۇرۇقلار يەنە بىر مۇنچە جەمەتكە بۆلۈنەتتى، پادا باقىدىغان ھەر قايسى نۇقتىلار بىر ياكى بىرنەچچە جەمەتتىن شەكىللىنەتتى، ئۇ يەردە بىرنەچچە ياكى نەچچە ئون كىگىز ئۆيلەر تىكىلگەن بولاتتى. پادا باقىدىغان

نۇقتىلاردىكى كىگىز ئۆينىڭ سانى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ئوتلاقنىڭ سۈپىتىگە قاراپ بولاتتى. چۆل-جەزىرىلەردە ئوت-چۆپ كەمچىل بولغاچقا، چوڭ چارۋىلارنى باققاندا يەم-خەشەك يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقاتتى، شۇڭا بۇ خىل پادا بېقىش نۇقتىلىرىدا ئادەتتە ناھايىتى ئاز ياكى بىرنەچچىلا كىگىز ئۆيلەر تىكىلەتتى، ھەتتا بىرەر-ئىككى كىگىز ئۆيلا تىكىلەتتى. لېكىن ئوت-چۆپى مول يايلاقلاردا، بىرلا پادا بېقىش نۇقتىسىدىكى كىگىز ئۆيلەر نەچچە ئون بولۇپ كېتەتتى. بىر پادا بېقىش نۇقتىسىدىكى ھەر قايسى جەمەت، كۆپىنچە ھاللاردا قانداشلىق مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلاتتى، ئەينى زاماندا ئۇ بىر خىل ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىرلەشمە گەۋدىگە ئايلىناتتى. جەمەت ئارىسىدىكى ئۆزئارا ياردەم كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. ھەر قايسى جەمەتنىڭ ئات، كالا، قوي، تۆگە قاتارلىق چارۋىلىرى تۈر بويىچە ئايرىلاتتى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئوتلاقلاردا ئايرىم بېقىلاتتى. بۇنىڭدا ھەر قايسى جەمەتلەرنىڭ زىچ ماسلاشقان ئىش تەقسىماتى ۋە ھەمكارلىشىشىغا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، چارۋىلارنى سۇغىرىش، يۇڭ قىرقىش، كىگىز ئېتىش، كىگىز ئۆيلەرنى قۇرۇش قاتارلىق ئەمگەكلەردىمۇ ئۆزئارا ياردەملىشىشكە توغرا كېلەتتى. بولۇپمۇ ئوتلاقتىن كۆچىدىغان ۋە بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىدىغان چاغدا، ئۆزئارا ھەمكارلىق تېخىمۇ زۆرۈر بولاتتى.

ئوتلاقتىن يۆتكىلىش ئىشى پەسىلگە ۋە ئوتلاقنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلەتتى. چارۋىچىلىق ئۇسۇلىمۇ، ھەر قايسى قەبىلىلەردە ئوخشاش بولمايتتى. بەزى جايلاردا قىش پەسلى كەلگەن ھامان تاغنىڭ ئىككى قاپتىلىدىكى پىنھان جىلغىلارغا كۆچۈشكە توغرا كېلەتتى، ياز پەسلىدە بولسا دەريا ئېقىپ ئۆتىدىغان كەڭرى يايلاق جىلغىلىرىغا كىرىشكە توغرا كېلەتتى. باشقا بەزى جايلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلاتتى، ئۇلار ياز

پەسلىدە تاغدىكى ئوتلاقلاردا مال باقاتتى، قىش پەسلىدە تاغ باغرىدىكى تۈزلەڭلىككە كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار دائىم دېگۈدەك ئىلگىرى بېكىتىپ قويغان لىنىيىنى بويلاپ مال بېقىشقا قانۇنىيەت بويىچە ئىتائەت قىلاتتى. كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا باقىدىغان ئۇقتىلار بىر يىل ئىچىدە نەچچە قېتىم يەڭگۈشلىنەتتى. كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا باقىدىغان دائىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى پەرقىمۇ ناھايىتى چوڭ بولاتتى. مۇنبەت ئۆرقۇن دەرياسى قاتارلىق رايونلاردا بۇ دائىرە بىرنەچچە كىلومېتىردىن بىر نەچچە ئون كىلومېتىرغا بارسا، تاقىر چۆللۈكلەردە يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق بولاتتى. تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن چاغلاردا، قۇرغاقچىلىق ياكى قار-شىۋىرغان بولغان مەزگىللەردە، كۆچۈپ چارۋا بېقىش دائىرىسى نەچچە يۈز كېلومېتىرغا يېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇلار كۆپىنچە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ پادا باقاتتى ياكى مال-ۋارانلارنى ئېلىپ قاچاتتى، بۇ ئەھۋالدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىدىكى قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشۇپمۇ قالاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى تارىختا «قىش كۈنلىرى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا كېلىدۇ، يازدا قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قايتىدۇ، قۇملۇقنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى 1000 كىلومېتىرغا يېقىن ئارىلىقتا ھەرىكەت قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەندى. بۇ خىل كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۇلار تەبىئىيكى ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق كىگىز ئۆيلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قونالغۇسى قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلاردا يەنە ئۈستىگە كىگىز ئۆي قۇرۇلغان تۆت چاقلىق ھارۋىلار بار ئىدى، بۇ ئۆياقتىن بۇياققا يۆتكەلگەندە قونالغۇ قىلىشقا تېخىمۇ ئەپلىك ئىدى. ئۇلار قىشلىق ئوتلاقلاردا كېسەك ۋە تاشتىن قوپۇرۇلغان كىچىك ئۆيلەردىن پايدىلىناتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي ئىقتىساد بىرلىكى دادا تەرەپتىن بولغان ئائىلە باشلىقلىق

تۈزۈمىدىكى جەمەت ئىنىجۈگۈن(inijügün ) دىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك بىرىنچىدىن، ئەڭ كىچىك ئوغۇلنىڭ ئالدى بىلەن ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئىنىلار يەڭگىسى بىلەن توي قىلسا بولاتتى؛ ئۈچىنچىدىن، كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم يولغا قويۇلغانىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەتىدە كىچىك ئوغۇلنىڭ نەچچە خىل ئىمتىيازى بولاتتى. ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىكى جەمەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان تۈرك تىلىدىكى «ئىنىجۈگۈن» (inijügün ) دېگەن سۆز «ئىنى» (ini) دېگەن خەتتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «كىچىك ئوغۇل» دېگەنلىك ئىدى. ئاكىلار توي قىلىپ ئۆي تۇتقاندىن كېيىن ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتسە بولاتتى، پەقەت ئەڭ كىچىك ئوغۇللا مۇشۇ ئائىلىدىن مىدىرلىمايتتى. كىچىك ئوغۇلنىڭ ئالدى بىلەن ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يالغۇز مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى، بەلكى ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن دادىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەنلىرى ئىچىدە ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدىغان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

توپ نىكاھلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئىنىنىڭ يەڭگە بىلەن توي قىلىشى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئېقىپ يۈرگەن ئەھۋالنىڭ بىرى. ئىنى بولغۇچى ئۆلۈپ كەتكەن ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى ئۆز ئەمرىگە ئالسا بولىۋېرەتتى. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغۇل «ئانا بولۇپ تۇرغانلاردىن بىرى بىلەن توي قىلسا» يەنى ئۆگەي ئانىسى بىلەن توي قىلسا بولىۋېرەتتى. بۇ تۈزۈمدىكى ئىقتىسادىي مۇددىئا ئائىلە مۈلكى ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ باشقا ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. يەنە بىر ياقتىن بۇنداق قىلىش تۇل ئولتۇرۇپ قالغانلاردىن خەۋەر ئېلىشنىمۇ كۆزدە تۇتاتتى.

ئىنى بىلەن يەڭگىسىنىڭ توي قىلىشى ۋە كىچىك ئوغۇلنىڭ ئالدى بىلەن ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ئادەتكە ئايلانغان جەمئىيەتتە كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جەمئىيەتتىكى ئاياللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جەمئىيەتتىكى ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رولى تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. ئەرلەر دائىم دېگۈدەك ئۇرۇشقا كېتەتتى ياكى ئوۋچىلىققا چىقاتتى، ياكى سىرتتا مال باقاتتى، ئاياللار ئائىلە ئىشى بىلەن ئۆيدە قالاتتى. ئۇلار كىيىم تىكەتتى، كىگىز ئېتەتتى، هارۋىدىن چۈشۈرىدىغان، تۆگىلەرگە يۈك ئارتىدىغان ھەر خىل ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئاتقا مىنىپ يۈرۈپ مال باقاتتى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ جەمەت ئىچىدە تۇتقان ئورنى نىسبەتەن يۇقىرى ئىدى. Ⅶ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يۇساد قەبىلە باشلىقى بولغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ ئانىسى ئورنىقۇن خاتۇن قەبىلە ئىچىدىكى «دەۋا-دەستۇر»لارنى بىر تەرەپ قىلغان، «ناھەق ئىشلارنى قەتئىيلىك بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرگەن، قەبىلىنىڭ ئىچكى قىسمىنى ئەپۋەشكە كەلتۈرگەن» ئىدى㉙. خاقانلىقتا ئۇيغۇر مەلىكىلىرىنىڭ ۋەخپە يەرلىرى بولاتتى. بۇ يەردە سېلىنغان قەلئەلەر «مەلىكە قەلئەسى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىشتا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى (762) بۆكۈ خاقان شيەنجۇ ئايمىقىغا بېرىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى بىلەن كۆرۈشكەندە، قائىدە-يوسۇن جەھەتتە كېلىپ چىققان ئىختىلاپ تۈپەيلى، ئىككى تەرەپ قاتتىق تىركىشىپ قېلىپ بىر-بىرىگە يول قويمىدى، بۆكۈ خاقانىنىڭ قالتىس ئاچچىقى كەلدى، ئەتراپتىكىلەر بىرەر ئېغىز گەپ قىستۇرۇشقىمۇ

جۇرئەت قىلالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا بۆكۈ خاقاننىڭ ئانىسى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ بۇ قاتمال ھالەتنى بىر تەرەپ قىلدى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. ئۇيغۇر مەلىكىلىرىنىڭ ۋە ئاقساقاللارنىڭ ئاياللىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى بولۇپ بارغانلىقى ھەققىدە، تارىخىي كىتابلاردا قالدۇرۇلغان خاتىرىلەرمۇ ئاز ئەمەس(30). ھالبۇكى، بۇ خىل ئەھۋال ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەردە ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورنىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرىلىقىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىنى بىر ئۆزىنىڭ قولىغىلا جۇغلىيالىغانلىقىدا ئىدى. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆز ئېرىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىغا ياكى ئېرىنىڭ ئۆزىدىن تۇغۇلمىغان ئوغۇللىرىغا، ئۇنىڭ نەۋرىلىرىگە ياتلىق بولالايتتى. مەسىلەن، تاڭ سۇزۇڭ نىڭگو مەلىكىنى ئۇيغۇر خاقانى بايانچۇرغا ياتلىق قىلغاندا، «ئۇستەك» بولۇپ بىللە كەلگەن خان قىزلىرىدىن مەلىكە شاۋنىڭگو دادا-بالا ئىككى خاقانغا ئارقا-ئارقىدىن ياتلىق بولدى. تاڭ دېزۇڭ قىزى شۈەنئەن مەلىكىنى ئالپ قۇتلۇق بىلگە خاقانغا ياتلىق قىلدى، ئالپ قۇتلۇق بىلگە خاقان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن «ئوغلى تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈلۈگ بىلگە خاقان تەختكە ئولتۇردى، تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈلۈگ بىلگە خاقان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلى قۇتلۇق بىلگە خاقان تەختكە ئولتۇردى، قۇتلۇق بىلگە قاخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پۇقرالار ئۇنىڭ ۋەزىرىنى خاقان قىلىپ تىكلىدى، ئۇ قۇتلۇق خاقان ئاتالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە، مەلىكە بىلەن ئارقا-ئارقىدىن توي قىلدى»(31). بۇ بىر ئايالنىڭ بوۋىسى، ئوغلى، نەۋرىسى قاتارلىق ئۈچ ئەۋلاد كىشى بىلەن توي قىلغانلىقىنىڭ مىسالى. يەنە تاڭ سۇلالىسىدىكى مەلىكە تەيخۇنى ئالايلى: ئۇ ئەسلىدە چۇڭدې خاقان

(كۆن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قۇچ كۈچلۈك بىلگە خاقان)غا ياتلىق قىلىنغان، كېيىنچە ئۇ يەنە تۆت خاقان بىلەن ئارقا-ئارقىدىن توي قىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى چۇڭدې خاقاننىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى، بەزىسى چۇڭدې خاقاننىڭ جىيەنلىرى ئىدى. لېكىن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەرلىرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇرۇنقى ئېرىگە ئاتا يوللۇق بولىدىغانلار بىلەن توي قىلمايتتى. بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر مىسال بار: مەلىكە شاۋنىڭگو بايانچۇرغا ياتلىق بولۇپ، ئاندىن بۆكۈ خاقانغا ياتلىق بولدى. لېكىن بۆكۈ خاقان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالپ قۇتلۇق بىلگە خاقانغا ياتلىق بولماي «سىرتتا ئۆي تۇتۇپ ئولتۇردى»㉜. بۇ يەردىكى سەۋەب، ئالپ قۇتلۇق بىلگە خاقان بۆكۈ خاقانغا دادىسى بىلەن بىر دېمەتلىك ئاكا ئورنىدىكى كىشى ئىدى.

ئوۋچىلىقمۇ خاقانلىقنىڭ ئىقتىسادىدا مۇئەييەن نىسبەتنى ئىگىلەيتتى. تارىختا ئۇيغۇرلار «ئات مىنىشكە، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر» دەپ داڭق چىقارغانىدى. ئۇلارنىڭ سەركەردىسى پۇسادمۇ «ئوۋ خۇمار»، «دائىم دېگۈدەك سەپ تۈزۈپ ئوۋ قىلىشقا ئامراق ئادەم ئىدى»㉝. بولۇپمۇ جەنۇبىي سىبىرىيە ئورمانلىقىدا ياشايدىغان قەبىلىلەر ئۈچۈن ئوۋچىلىق تېخىمۇ مۇھىم ئىدى.

ئۇيغۇر خاقانلىقى گەرچە چارۋىچىلىققا تايىنىپ دۆلەت شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يايلاقتىكى چارۋىچىلارنىڭ ھەر خىل زىرائەت ۋە كۆكتاتقا بولغان ئېھتىياجى ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ جەھەتتە ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزىگە لازىملىق بۇ نەرسىلەرنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كىرگۈزۈپ تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن يايلاقتىمۇ تەدرىجىي يوسۇندا بىر قىسىم يېزا ئىگىلىكىنى بارلىققا كەلتۈردى. موڭغۇل دالاسى ئىنتايىن قۇرغاق بولغاچقا، ئومۇمەن ئالغاندا بۇ جاي تېرىقچىلىق قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمەيتتى. بىراق سېلىنگا ۋە ئورقۇن دەرياسى

ۋادىسىدىكى يەرلەر بىر تالاي تارماق ئېقىنلارنىڭ نەملىك پەيدا قىلىشى تۈپەيلى، سۇيى ئەلۋەك، ئوت-چۆپلىرى مول يەرلەردىن بولۇپ قالغانىدى، دەريا جىلغىسىدىكى يەرلەرمۇ ناھايىتى مۇنبەت ئىدى. مۇشۇلار تۈپەيلى، يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىقى بۇ رايوندا خېلى نىسبەتنى ئىگىلەيتتى. ئەڭ ئومۇملاشقان زىرائەت بۇغداي، ئارپا ۋە تېرىق ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئارپا ئاساسلىق بولۇپ، ئۇ يەڭگىلرەك چۈشكەن قىروغا ئوبدان ماسلىشالايدىغان زىرائەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. دېھقانچىلىق ئاساسەن شەھەر-قەلئەلەرنىڭ ئەتراپىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى (قارا بالغاسۇن) نىڭ ئەتراپىغا مەركەزلەشكەنىدى. ھازىرغا قەدەر پايتەخت خارابىلىرىنىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى كۆپ يېزا-قىشلاقلاردىن ۋە سۇغىرىش سىستېمىلىرى بولغان ئېتىز-ئېرىق خارابىلىرى بىلەن يارغۇنچاق، ساپانلارنىڭ پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىكى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئاھالىنىڭ پۈتكۈل خاقانلىقتا ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇلارنى ئاساس قىلاتتى. ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى خەنزۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋاقتىدا پاناھلىق تىلەپ كەلگەنلەر ياكى بولمىسا ئۇرۇش جەريانىدا ئەسىرگە چۈشۈپ، بۇلاڭ-تالاڭ ئارقىلىق كېلىپ قالغان ئەسكەرلەر بىلەن دېھقانلار ئىدى. ئۇلار يايلاققا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ناھايىتى كۆپ ئادەملەر داۋاملىق تۇردە تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى يايلاققا ئېلىپ كېلىپ، بوز يەر ئاچتى، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلدى ۋە ياسىدى، يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى ياسىدى، بۇ ئارقىلىق ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى بىلەن سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدا كەڭ كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلارنى پەيدا قىلدى. ھېلىھەم

بۇ ئىككى دەريا ساھىلى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونىدۇر. يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى نوپۇسنىڭ نىسبەتەن زىچلىقىدىن ئىبارەت بولغاچقا، بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونىدا زور تۈركۈمدىكى شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنىڭ بارلىققا كېلىش قەدىمىنى تېزلەتتى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىدا سودا ئىشلىرى گۈللەندى. چوڭ تىپتىكى سودا بولۇپمۇ خەلقئارا سودا ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن سوغدىلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ خاقانلىق بىلەن تاڭ سۇلالىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى شۇنداقلا شەرقىي شىمالدىكى قىتان، تاتار قاتارلىق قەبىلىلەر ئارىسىدىكى سودا-سېتىقتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سوغدىلار ئۇيغۇرلارغا سودا تىجارىتىدىكى ئەپلىك چارە ۋە سودىغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەتتى، ئۇلارنىڭ سودىغا بولغان قىزىقىشىنى ۋە سودا ماھارىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى قول سانائەت ئاساسلىقى شەھەر-بازارلارغا، بولۇپمۇ پايتەختكە مەركەزلەشكەنىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەلئە خارابىلىرى ۋە قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ماددىي بۇيۇملارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەخسۇس رودا قېزىش ۋە مېتال تاۋلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقى، شۇنداقلا خۇمدانچىلار، تۆمۈرچىلەر ۋە زەرگەرلەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدە يەنە ئاساسلىق قىلىپ تۈگمەن تېشى ياسايدىغان، ھەر خىل قەبرە ئابىدىلىرىنى، ئادەم سۈرەتلىرىنى ئويىدىغان تاشچىلار ۋە ئويمىكەشلەر بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سۆڭەككە خەت ئويىدىغانلار، رەسساملار، ئارخىتېكتورلار ۋە توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇستىلارمۇ بار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قول-سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئاساسلىقى ھەر خىل قورال-ياراغلار (ئوقيا، قىلىچ، خەنجەر، پالتا ھەمدە تۆمۈردىن ياسالغان قالقان)، ئىگەر-يوپۇق (تۆمۈر، ياغاچ ۋە خۇرۇمدىن ياسالاتتى)، تۈگمەن تېشى،

قاچا-قومۇچ (ياغاچتىن ياسالغان ئېگىز تەگلىك تەخسە، تەگنە، قازان، يىگنە) ۋە پەرداز بۇيۇملىرى (زىبۇزىننەتلەر، يۇمىلاق تاش ئەينەك، ياغاچتىن ياسالغان ئائىلە سايمانلىرى، بەلباغ، كولدۇرما، قىرلىق كۆك رەڭلىك قاشتېشى ۋە تاش ئويما قاتارلىقلار) دىن ئىبارەت ئىدى[31]. تاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن خەنزۇ ئۇستىلار ۋە سوغدىلار ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىدىكى قول سانائىتىنى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزدى. ئۇلار ئۆزى بىلەن بىللە باشقىلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ماھارەتنىلا ئېلىپ بېرىش بىلەن قالماي، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ ئېلىپ باردى. بۇلارنىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەلئەلىرىدىن قېزىپ چىقىلغان قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ قالدۇقلىرىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شەھەر-بازارلاردىكى قول سانائەتتىن سىرت، چارۋىچىلار ئىچىدىمۇ ئەنئەنىۋى كۆن-خۇرۇم ياساش، ياغاچچىلىق، كىگىز بېسىش، بورا توقۇش، داكا رومال توقۇش، يىپ ئىگىرىش ۋە پايپاق توقۇش قاتارلىق ھۈنەرلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. لېكىن بۇلار پەقەت ئائىلىۋى قول-سانائەت بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئۈزۈل-كېسىل ئايرىلىپ چىقمىغانىدى.

## 3. ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى

ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدە مۇنداق ئىككى يۇرۇش سىستېما بار ئىدى: بىرى، ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ كونا تۈزۈمىنى قوللاندى. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: (646) يىلى تۇمىد ئۇلۇغ ئىلتېبىر ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ھەكىمە ئەمەلدارلىرىنىڭ نامى پۈتۈنلەي تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولدى» دەپ خاتىرىلەندى. بىراق، ئەمەلىيەتتە كۆپىيىش-ئازىيىش جەھەتتىكى ئۆزگەرگەن جايلارمۇ

ناھايىتى كۆپ ئىدى. يەنە بىرى، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىدىكى ئەمەل نامىنى ۋە ئەمەل دەرىجىسىنى قوبۇل قىلدى. بۇ بىر يۈرۈش ئەمەلنىڭ يولغا قويۇلۇشى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋاقتىدىن باشلاندى. تاڭ سۇلالىسى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماقتا ئايرىپ، «مەھكىمىدە ۋالىي، ئايماقتا ئايماق بېگى تەيىن قىلدى. مەھكىمە بىلەن ئايماقلاردا دورغاب، ئەمىرلەشكەر قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى»[35]. بىز تۆۋەندە ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ئەمەل ناملىرىنى كونكرېت تونۇشتۇرىمىز.

خاقان: ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى پادىشاھلار خاقان نامى بىلەن ئاتالاتتى. خاقانلىقنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، خاقانلارنىڭ ھەممىسى ئون ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ياغلاقار ئۇرۇقىدىكىلەردىن ۋارىسلىق قىلىش يولى بىلەن بارلىققا كېلىپ تۇرغاندى. جېنيۈەننىڭ 11-يىلى (795) تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇتلۇق بىلگە خاقان (ئاپرىنچۇر) ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئوغلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتېئىزلار قەبىلىسىدىن بولغان قۇتلۇق، ئۇنىڭ ئاسراندى ئوغلى سۈپىتىدە تەخت ۋارىسى بولدى. چاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (821) دىن كېيىنكى بىر قانچە خاقانلارنىڭ ئازارلاردىن كېلىپ چىققان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن[36]. خاقانلىقتا ۋارىسلىق قىلىشتىمۇ كىچىك ئوغۇل ئالدى بىلەن ۋارىسلىق قىلىش ياكى ئاكىسى ئۆلۈپ كەتسە ئىنىسى ئورنىغا ئولتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بەزى ۋاقىتلاردا تۇنجى خوتۇندىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنىمۇ قوللاندى. ئوخشاش بولمىغان ۋارىسلىق تۈزۈمىنى قوللايدىغان ئادەملەر ياكى گۇرۇھلار ئارا كەسكىن كۈرەشلەرمۇ يۈز بەردى، قۇتلۇق كۆلبىلگە خاقان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك

ئوغلى موينچۇر تەختكە ئولتۇردى، شۇ مەزگىلدە دۆلەت ئىچىدە ناھايىتى زور بىر توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى، بۇ توپىلاڭنىڭ باشلىقى چوڭ بىلگە ۋالىي بولۇپ، ئۇ بىر چاغلاردا يابغۇ بولغانىدى. بۇ يابغۇ ئېھتىمال قۇتلۇق كۆلبىلگە خاقاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ كىچىك ئىنىسىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشىغا قارشى چىقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كونا ماكانى بولغان سېلېنگا دەرياسى بويىغا كەتتى. ئالايلى: بايانچۇر خاقاننىڭ چوڭ ئوغلى ۋەلىئەھدى بولۇپلا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككى پايتەختىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ قالتىس زور تۆھپىلەرنى ياراتتى، لېكىن كېيىنچە گۇناھقا داخىل بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى ئوغلى بۆكۈ تېكىن خاقان بولدى. بۇ كىچىك ئوغۇلنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تۈزۈمنىڭ ئاسان يوقالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. بۇنىڭدىن كېيىن دادىسى ئۆلسە ئوغلى ۋارىسلىق قىلغانلاردىن تۆت نەپەر خاقان ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھېچ بولمىغاندا ئىككىسى كىچىك ئوغۇللاردىن ئەمەس ئىدى، يەنە ئىككىسى تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن تۇنجى ئايالدىن بولغان چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئاكىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىغا ئىنىسى ئولتۇرغان خاقانلاردىن ئۈچ كىشى ئۆتتى. ئوخشاش بولمىغان ۋارىسلىق تۈزۈمىدىكى زىددىيەتلەر، خاقانلار بىلەن تاغىلىرى، جىيەنلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلاردىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇردى، بۇنىڭدا ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى قۇتلۇق بىلگە خاقان ئۆز تاغىسى بىلەن ئورۇن تالىشىپ، بىر-بىرىنى قىرغىن قىلدى ۋە يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ئىككى نەپەر خاقاننىڭ بېشىغا چىقتى[37]. ئۇيغۇر خاقانلىرىمۇ تاڭ سۇلالىسىدىكى پادىشاھلار ۋە تۈرك خاقانلىرىغا ئوخشاش، خاقانلارنىڭ ھوقۇقى ئىلاھتىن كەلگەن، شۇڭا ئۇلار ئالەمدە بىردىنبىر ۋە تەڭداشسىز بولىدۇ دېگەنلەرنى تەرغىب

قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسى دەۋردە ئۆتكەن خاقانلىرىنىڭ نامى ئالدىغا «تەڭرىدە»، «ئاي تەڭرىدە»، «بىلگە» قاتارلىق سۈپەتلەش سۆزلىرى قوشۇلغان بولاتتى. بۇنىڭ مەنىسى «تەڭرى تەرىپىدىن تىكلەنگەن»، «دانىشمەن ئۇلۇغ ئەۋلىيا» دېگەندەك سۆزلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى دەۋردىكى خاقانلىرى ئومۇمەن تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئوتتۇغات قىلىناتتى. تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇغات نامى بەرگەن بۇ خاقانلارنىڭ ئاتىلىشىمۇ بىر نەچچە تۈرگە ئايرىلاتتى. ئۇنىڭ بىر خىلى باھادىر، ئەقىل-پاراسەتلىك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى. مەسىلەن، «يىراق جايلارغا ھەيۋە كۆرسىتەلەيدىغان باتۇر»، «قەھرىمان، ساداقەتمەن تۆھپىكار»، «جەڭگىۋار، سادىق، يېڭىلمەس» دېگەنلەردەك ئىدى. يەنە بىر خىلى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقنى ئىپادىلەيتتى. مەسىلەن، «سۆيۈنگىل»، «ساداقەتمەن»، «سادىق»، «ئىشەنچلىك»، «ئادالەتپەرۋەر»، «ئەخلاقلىق»، «ئوچۇق-يورۇق»، «ئىناۋەتلىك» دېگەنلەرنى بىلدۈرەتتى. بۇلار تاڭ سۇلالىسىدىكى پادىشاھلارنىڭ يايلاق ھاكىمبەگلىرىنى گەپ ئاڭلايدىغان، قولىقى يۇمشاق مۆمىن بەندىلەرگە ئايلاندۇرۇش مەقسىتىنى ئىپادىلەيتتى.

تۈركان خاتۇن: خاقانلارنىڭ ئايالى تۈركان خاتۇن نامى بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇيغۇر خاقانلىقىدا خاتۇن ئاتالغانلار بۆكۈ قەبىلىسى بىلەن قارلۇق قەبىلىسىدىكى قىزلار ئىدى، ئۇلاردىن باشقا يەنە تاڭ سۇلالىسىدىكى نىڭگو مەلىكە، شاۋنىڭگو مەلىكە، شۆەنئەن مەلىكە ۋە تەيخې مەلىكە قاتارلىقلار ئىدى. خاتۇنلارنىڭ ئايرىم چېدىرلىرى، ئۆز ئالدىغا بىر يۇرۇش مەھكىمە ئەمەلدارلىرى ۋە مۇلازىملىرى بولاتتى، ئۇلاردا مۇئەييەن دەرىجىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. خاقانلىقتا نوقۇل خاتۇنلار قەلئەسىنىڭ بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ

مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەھۋال كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جەمئىيەتتىكى ئاياللارنىڭ ئورنىنىڭ خېلى ئۈستۈن بولغانلىقى بىلەن مۇناسىپ كېلەتتى، يەنە بىر جەھەتتىن، كۆپىنچە ئەھۋالدا، ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى خاتۇنلارنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى. بۆكۈ قەبىلىسى خاقانلىقتا ئەمەلىي كۈچى ناھايىتى زور بىر قەبىلە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قەبىلىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق ئىدى. قارلۇقلار بېقىندى قەبىلىلەر ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك قەبىلە بولغاچقا، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە چۇ دەرياسى ۋادىسى قاتارلىق ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تالاي جاي ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن تۆت نەپەر مەلىكە ئىچىدە، ئۈچ نەپىرى پادىشاھلارنىڭ ئۆز قىزى ئىدى. بۇ خاتۇنلارنىڭ خاقانلىقتىكى شەرت-شارائىتى ۋە ئۇلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە، ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتى ياكى قەبىلىسىنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقىغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەتتى.

يابغۇ: ئۇيغۇر خاقانلىقىدا خاقان بىلەن تۇركان خاتۇندىن قالسا، يابغۇلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ يۇقىرى ئىدى. سۈيىنگىل خاقان خاقان بولۇشتىن ئىلگىرى، قارلۇقلارنىڭ قەبىلە باشلىقى بىلەن بىر قاتاردا سول قانات يابغۇ، ئوڭ قانات يابغۇ دەپ ئاتالغانىدى. يابغۇلار ئادەتتە ۋەلىئەھدىلەردىن ياكى خاقان جەمەتىدىكى ئەڭ يېقىن تۇغقانلاردىن بولاتتى. مەسىلەن، بايانچۇر خاقاننىڭ ۋەلىئەھدىسى يابغۇ بولغانىدى. بۆكۈ قەبىلىسىدىكى بارغۇت خويۇننىڭ ئوغلى خاتۇننىڭ ئىنىسى بولغاچقا، ئۇمۇ يابغۇ بولغانىدى. ئۇيغۇرلار يەنە تاڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق دوھان بېگى لى چېڭسەيىنىمۇ يابغۇلۇققا تەيىنلىدى، چۈنكى ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ قىزى لى چېڭسەيگە خانئايىم بولغانىدى. ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى يابغۇلارنىڭ ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى بولغىنى

بىلەن، خاراكتېرى جەھەتتە تۈرك يابغۇلىرىغا ئوخشىمايتتى، ئۇيغۇرلاردىكى يابغۇ پەقەت بىر خىل ئەمەل نامى (مەرتىۋە) ئىدى، ئۇلاردا ئەمەلىي ھوقۇق بولمايتتى.

شاد: شاد يابغۇلاردىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى ۋە ئوڭ شاد، سول شاد دەپ ئايرىلاتتى. شاد ئەمەلىي ھوقۇق بولۇپ، ئۇلاردا ئەسكىرىي ھوقۇق بار ئىدى. مەسىلەن، باۋيىڭنىڭ 2- يىلى (762) ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن سانغۇن شى چاۋيىنى جازالاشقا ياردەم بېرىشكە قاتناشقاندا، بارغۇت خويۇن بىلەن سول قانات شاد «ھەممىنىڭ ئالدىدا قوشۇن باشلاپ» ماڭغانىدى. شادلارنىڭ ئورنى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئادەتتە خاقانلارنىڭ قارارگاھىدىن يىراق جايلاردا ۋەزىپە ئۆتەيتتى ۋە ھەر قايسى قەبىلىلەرنى باشقۇراتتى. شادلار خاقانلارنىڭ ئوغلىدىن تەيىنلىنەتتى.

تۇتۇق (ۋالىي): ۋالىي ئەمەلىي ھوقۇق بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەنىدى. يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مەزگىلىدە ئۇيغۇر ئاقساقاللىرى خانگاي مەھكىمىسىدە ۋالىي بولغانىدى. ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى چاغلاردا، خاقانلىقنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە چوڭراق قەبىلىلەردە «ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن ۋالىي» قويۇلدى ۋە ئۇلارنىڭ سانى 11گە يەتتى. ۋالىيلار قەبىلە باشلىقى بولاتتى. كېيىنچە خاقانلىقنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ۋالىيلارنىڭ سانىمۇ 11دىن ئېشىپ كەتتى.

باش ۋەزىر: ئەمەلىي ھوقۇق بولۇپ، بۇ ئاتالغۇمۇ تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەنىدى. ئۇيغۇرلاردا ئىچكى ۋەزىر ئۈچ نەپەر، تاشقى ۋەزىر ئالتە نەپەر ئىدى. ئىچكى ۋەزىر پەقەتلا ئون ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن، ئالايلۇق ياغلۇقار ۋە ئازار ئورۇقىدىن تەيىنلىنەتتى. ۋەزىرلەر ئادەتتە خاقانلىقنىڭ قارارگاھى ئىچىدە خىزمەت قىلاتتى. مەسىلەن، خاتۇنلارنىڭ

ئورۇن ئېلىش، ۋارىسلىق قىلىش مۇراسىملىرىنى توققۇز ۋەزىر رىياسەتچى بولۇپ باشقۇراتتى. ۋەزىر يەنە ئەلچىلىككىمۇ چىقاتتى. مەسىلەن، يۈڭتەينىڭ تۇنجى يىلى (765)، ئۇيغۇرلار جىڭياڭ قەلئەسىدە تاڭ هۆكۈمىتىنىڭ سانغۇنى گوزىيى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندە، بەش نەپەر ۋەزىر قەسەمياد قىلىشقا قاتناشتى. ۋەزىر يەنە ئەسكەرلەرگە باش بولۇپ سىرتقىمۇ باراتتى. مەسىلەن، كەيچېڭنىڭ 4-يىلى (839) چۆل تۈركلىرىنىڭ قوشۇنىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ خاقانغا بىرلىكتە هۇجۇم قىلغان ئادەم دەل ۋەزىر كورلەمۇر ئىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، خاقانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، توققۇزغۇزلاردىن ۋەزىر بولغانلارمۇ چىقتى. مەسىلەن، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە (خوتېكىن) خاقان ۋاقتىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان ئەن يۇنخې ئىدى. ۋەزىر ئىچىدە چوڭ ۋەزىرنىڭ هوقۇقى ۋە ئورنى هەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. مەسىلەن، جېنيۈەننىڭ 6-يىلى (790) دۆلەتتىكى هەممە قوشۇننى يېتەكلەپ تىبەتلەر بىلەن بېشبالىقنى تالاشقان كىشى چوڭ ۋەزىر ئىلىك چاس بولۇپ، ئۇ قۇتلۇق بىلگە خاقانىنىڭ چوڭ دادىسى ئىدى. ئۇنىڭ هەتتا خاقانىنى قالدۇرۇۋېتىش هوقۇقىمۇ بار ئىدى. بۆكۈ خاقانىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى ئالىپ قۇتلۇق بىلگە خاقان دەپ جاكارلىغان تۇنباغا خاقان، بۆكۈ تېكىننىڭ «دادىلىرى» دىن بولۇپ، ئۇمۇ چوڭ ۋەزىر ئىدى. جېنيۈەننىڭ 11-يىلى (795) «قۇتلۇق بىلگە خاقان ئۆلۈپ، يۇقرالار ئۇنىڭ ۋەزىر قۇتلۇقنى خاقانلىققا كۆتۈردى». قۇتلۇق خاقانىنىڭ ئاسراندى ئوغلى ئىدى، تارىخىي كىتابلار ئۇنى «پاراسەتلىك ۋە جىگەرى بار ئادەم ئىدى، ئالىپ قۇتلۇق بىلگە خاقان دەۋرىدە ئەسكەر بېگى بولدى، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە [38] قەبىلە باشلىقلىرى ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى» دەپ خاتىرىلىگەنىدى. روشەنكى، قۇتلۇقمۇ چوڭ ۋەزىر ئىدى. بۇنىڭدىن، ئۇيغۇر

خاقانلىرىنىڭ كۆپ ھاللاردا چوڭ ۋەزىرلەردىن سايلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

سانغۇن: بۇ ئەمەلنىڭ نامى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەردىن كەلگەنىدى. يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋاقتىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە باشلىقى تۇمىد ئۇلۇغ ئىلتىبىرۋە ئوغلى بايانخان ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ سانغۇن ۋە سول قول شىرمەت چەۋەنداز ئۇلۇغ سانغۇن دەپ بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار سانغۇن دېگەن ئاتاقنى داۋاملىق ئىشلەتتى. لېكىن سانغۇن پەقەت ئەمەلنىڭلا نامى ئىدى، ئۇلاردا ئەمەلىي ھوقۇق بولمايتتى. مەسىلەن، ۋەزىر قۇت بىلگە سانغۇننىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى ۋەزىر بولۇپ، ئەمەل نامى سانغۇن ئاتىلاتتى.

تارقان: بۇ نام خەنزۇ تىلىدىكى داگۇەن ( 达官 ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن تۈرك تىلىدىن ئاھاڭ بويىچە خەنزۇ تىلىغا ئاغدۇرغاندا داگەن ( 达干 ) بولۇپ قالغان. تارقاننىڭ ئورنى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئۇ سانغۇن بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئۇستۇن، ئوخشاشلا ئۇمۇ ئەمەل نامى، ئەمەلىي ھوقۇق ئەمەس. مەسىلەن، ۋۇيىچېڭگوڭ كېخەن ( 武义成功可汗 ) يەنى ئادالەتپەرۋەر يېڭىلمەس خاقان، خاقانلىق ئورۇنغا چىقىشتىن بۇرۇن تارقان ئىدى. تارقانلار جەڭ ۋاقتىدا قوشۇمچە قوشۇندىكى ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتەيتتى. تىنچ چاغلاردا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئەلچىلىك قىلاتتى. مەسىلەن، شاڭيۇەننىڭ تۇنجى يىلى (760) ئۇيغۇرلار «ئەمەلدارلار كۇلۇبى تارقان قاتارلىقلارنى ئوردىغا كىرىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە ئەۋەتكەنىدى» ㊴. شيەنئەن مەلىكە ياتلىق بولىدىغان چاغدا «ئۇيغۇر ئەلچىسى ھەقكۆل تارقاننىڭ مەلىكە بىلەن لىنديې سارىيىدا كۆرۈشۈشكە يارلىق چۈشۈرۈلگەنىدى» ㊵

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ: تارقاننىڭ مەنىسى «بەگ»

لەردىكى بىر خىل ئەمەل نامى دېيىلگەنىدى⑷①.

پەرمانبەگ: بۇ سۆز خەنزۇچىدىكى «بۇيرۇق» مەنىسىدىن كەلگەن، ئادەتتە «پەرمانچى»، «پەرمانبەگ» ئورنىدا ئىستېمال قىلىناتتى. پەرمانبەگلەر كۆپىنچە خاقانىنىڭ ئەتراپىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلاتتى، تارقان قاتارلىق قىممەتلىك ئادەملەرنىڭ ئولتۇرۇش رېتىنى تۈزگۈزاتتى ۋە خاقانىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزەتتى⑷②.

ئەمىرلەشكەر: بۇمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەردىن قوبۇل قىلىنغان نام. ئەمىرلەشكەر ئەمەلىنىڭ ئىسمى، لېكىن ئەمەلىي ھوقۇق ئەمەس. مەسىلەن، «بۇيرۇقى ئەمىرلەشكەر» يەنى ئەمىرلەشكەر دەرىجىلىك پەرمانچى. ئەمىرلەشكەرنىڭ ئورنى نىسبەتەن تۆۋەن، شۇڭا تارىخىي كىتابلاردا ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

تېكىن: بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «قۇل» دېگەنلىكتۇر. كېيىنچە ئۇ خاقانىنىڭ پەرزەنتلىرى مەخسۇس قوللىنىدىغان ئىسمغا ئايلاندى. تېكىنىنىڭ ئورنى شاد بىلەن باراۋەر ئىدى. بىراق، شاد قوشۇنلارنى باشقۇرالايدىغان ئەمەلىي ھوقۇق، تېكىن بولسا پەقەتلا ئەمەل نامى. تېكىنلەرنىڭ ئىچىدىمۇ خاقانلىق ئورۇنغا چىققانلار بار. مەسىلەن، خۇتېكىن (ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۆچلۈك بىلگە) خاقان، ھازار تېكىن (ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇچ بىلگە) خاقان، ئۇگى تېكىن (ئۇگى خاقان) قاتارلىقلار. ئۇلاردىن باشقا ئەمەل تۇتقانلارمۇ بار. مەسىلەن، سوت تېكىن، بايانچۇر تېكىنلەردىن ئىبارەت.

شۇكەم: بۇ تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىكى «تۇدۇن» دېگەن ئەمەلنىڭ ئۆزى. شۇكەملەر ئۇيغۇر خاقانلىقى ھەر قايسى بېقىندى قەبىلىلەرگە ئەۋەتكەن ۋەكىل ياكى ھۆكۈمرانلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى خاقانىنىڭ جەمەتىدىن ياكى ئون ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىدىن تەيىنلىنەتتى. ئۇيغۇرلار مۇتلەق كۆپ ساندىكى

بىقىندى قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە شۆكەملەرنى تۇرغۇزدى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئالايلۇق: «قۇمۇقلار، قىتانلار ئۇيغۇرلارغا بىقىندى ئىدى، ھەممىسىدە شۆكەم بار ئىدى»[43]. شۆكەملەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان كۆپ ساندىكى بىقىندى دۆلەت ۋە قەبىلىلەر ئۇلارنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى جان دەپ ئاڭلايتتى، بەزى شۆكەملەر ھەتتا شۇ جايدىكى قەبىلىنىڭ قەبىلە باشلىقلىقىنىمۇ ئۆزى ئىگىلىۋېلىپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان ھۆكۈمرانلاردىن بولۇپ قالغانىدى[44]. لېكىن بەزى مۇستەقىللىكى كۈچلۈكرەك بولغان بىقىندى قەبىلىلەردە، شۆكەملەر پەقەت «ئالۋان-ياساقنىلا نازارەت قىلاتتى»، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرگۈدەك كۈچى يوق ئىدى.

چۇر (بەگ): بۇ ۋەزىپىنى خاقان جەمەتىدىكىلەر ئۈستىگە ئالاتتى. مەسىلەن، بايان خاقان بىر چاغلاردا مويۇنچۇر ئىدى. ئومۇمەن تارىخىي كىتابلاردا «چۇر» خاتىرىلەنگەن جايلا بولىدىكەن، بۇ كۆپ ھاللاردا قوشۇن باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولاتتى، شۇڭا چۇر بىر قاراشقىلا لەشكەر باشقۇرالايدىغان ئەمەلىي ھوقۇق ئىدى. مەسىلەن، خۇيچاڭنىڭ 2-يىلى (842) «خاۋۇ چۇر تېكىن قىتانلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، جەڭدە ئۆلدى»[45] دېگەنلەردىن ئۇنىڭ ئەمىلىنىڭ تېكىن ئىكەنلىكىنى، ۋەزىپىسىنىڭ چۇر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، چۇرلارنى خاقانلىقنىڭ قارارگاھى ئەتراپىدا ئەسكەر باشقۇرىدىغان بەگ دېيىشكىمۇ بولاتتى. مەسىلەن، خۇيچاڭنىڭ 2-يىلى، تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سانغۇنى جاڭ جۇڭۋۇ بىلەن جەڭ قىلغان بايانچۇرنىڭ قولىدا 7000 ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى، دېمەك ئۇ خاقاننىڭ قارارگاھى ئەتراپىدىكى قەبىلىدىن ئىدى. يەنە مەسىلەن، خۇيچاڭنىڭ 3-يىلى يىپىنچۇر بىلەن ۋەزىر مىچەنجىر بىرلىشىپ ئۇگى خاقانني ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى

ئىنالنى خاقانلىققا تىكلىگەنىدى. دېمەك، چۇرنىڭ خاقانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رولى چوڭ ئىدى㊻.

ئىلتېبىر: ئىلتېبىر تۈركچە «يىغىلغان، يىغىلغان سۆز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قارلۇق قەبىلىسىنىڭ كاتتىبېشى كۆلتېكىن ئىدى، بۇ «ئەقىل-پاراسىتى كۆلگە ئوخشاش ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى㊼. ئىلتېبىر ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەمەل نامى بولۇپ، ئادەتتە بۇ ئەمەلنى قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. مەسىلەن، تۈرك خاقانلىقى مەزگىلىدە، ئۇيغۇر، بۇكۇ، خۇن قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بىرى قالماي ئىلتېبىر بولغانىدى. ئۇيغۇر قەبىلىسى كۈچەيگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ئىلتېبىر دەپ، ئەمىلىنى بىر دەرىجە ئۆستۈردى. كېيىن يەنە «تىرىك ئىلتېبىر» يەنى ئالپ ئىلتېبىر دەپ ئاتىدى. كېيىنچە ۋالىي (تۇتۇق) دەپ ئومۇملاشتى. ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا پەقەت ئىلتېبىر دېگەن ئاتاقلا تېگىدىغان بولدى. مەسىلەن، قىرغىزلار قەبىلىسى «يارامىلىق 80 مىڭ ئەسكىرى بار» بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئاراغا پەقەت «بىلگەتون ئىلتېبىر» دېگەن ئەمەلنىلا بەرگەنىدى㊽.

ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى مۇتلەق كۆپ مەرتىۋە ۋە ئەمەلدە، تۈرك خاقانلىقى مەزگىلىدىكى مەنسەپ نامى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئالاھىدىلىك بار ئىدى، يەنى «ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قالىدىغان بۇ ئەمەلدە خادىملارنىڭ چەكلىمىسى بولمايتتى»㊾.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسى ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلى ئاساسىي جەھەتتىن قەبىلىلەرنى قاتلاممۇ قاتلام بۆلۈپ باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىدى. خاقانلىقتىكى ئاساسىي قەبىلە ئۈچكە بۆلۈنەتتى، بىرى خاقانغا بىۋاسىتە قارايدىغان رايونلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان ئورقۇن دەرياسىدىن سېلېنگا دەرياسىغىچە بولغان

خاقانلىقنىڭ مەركىزىي رايونلىرى ئىدى. بۇ يەردە 13 چوڭ قەبىلە، 100 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بار ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار كېيىنكى مەزگىلدە ئۆگى تېكىن بىلەن بىرلىكتە جەنۇب تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەنلەر ئىدى. قالغان ئىككىسى ئايرىم ھالدا سول شاد بىلەن ئوڭ شادقا ئايرىپ بېرىلگەن رايونلار ئىدى. سول شاد «تولشاد» رايونىنى يەنى خاقانلىق قارارگاھىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلاتتى. ئۇ يەردە ئاساسلىقى بۆكۈ، ھۇن، بايىرغۇ، چۆبە قاتارلىق قەبىلىلەر ياشايتتى. ئوڭ شاد «تاردۇش» رايونىنى يەنى خاقانلىق قارارگاھىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلاتتى. ئۇ يەردە ئاساسلىقى توڭرا، ئىزگىل، باسمىل، ئوڭ باسقاق، قارلۇق قەبىلىسى قاتارلىقلار ياشايتتى.

خاقانلىقتىكى سول شاد بىلەن ئوڭ شادتىكى باشقۇرۇش رايونلىرى ئىچىدىمۇ، قەبىلە، ئۇرۇق قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچىلار گۇرۇھىنى بىرلىك قىلىپ، قاتمۇقات بۆلۈپ بېرىش، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەل-مەرتىۋە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۆلۈپ بېكىتكەن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقى ئادەتتە قوشۇن بىلەن ھاكىمىيەتنى بىرلەشتۈرۈش خاراكتېرىدە بولدى. خاقانلىق ئىچىدە مەركىزىي ئورگان بولۇپ، ئۇ يابغۇ، ۋەزىر، چۇر ۋە تېكىن، تارقان، سانغۇن قاتارلىق مەنسەپ نامى ئالغان ئادەملەردىن تەشكىللەندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يابغۇنىڭ نام-ئورنى ھەممىدىن چوڭ بولۇپ، دائىملىق تەسىس قىلىنمىغاندەك ئىدى، ئۇ پەقەت خاقانلىقنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدىلا بار ئىدى. مۇشۇلار تۈپەيلى، خاقانلىقنىڭ ئىچىدىكى مەركىزىي ئورگاندا ئاساسلىقى ئېل ئۆگەسى يەنى ۋەزىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى. دائىمىي قوشۇن — ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئايرىم ئىش تەقسىماتى بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. مەركىزىي ئورگاندىكى ھۆكۈمەت بۇيرۇقى پەقەت خاقان بىۋاسىتە

باشقۇرۇۋاتقان رايون ئىچىدىلا ئاقاتتى. سول شاد ۋە ئوڭ شادنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلاردا، پەقەت خاقان ئۆزى بىۋاستە بارغاندىلا قوماندانلىق قىلالايتتى. شۇڭا، يەرلىك بىلەن مەركەزنىڭ بىر-بىرىدىن بۆلۈنۈپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى دائىم مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئەھۋال بىر تەرەپتىن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئەنئەنىۋى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى بىلەن ھەربىي، مەمۇرىي ھاكىمىيەتنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ بىرلەشكەنلىكى تۈپەيلى كېلىپ چىققان كېسەل ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي جەھەتتە خاقان بىۋاستە باشقۇرىدىغان رايوننىڭ تېرىقچىلىق، شەھەردە ئولتۇراقلىشىش ۋە سودىنى ئالاھىدىلىك قىلغان ئىقتىسادى كۈنسايىن راۋاجلانغان بولسا، ئەكسىچە سول، ئوڭ شادنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلار باشتىن-ئاخىر دېگۈدەك كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش بىلەنلا توختاپ قالغانىدى. ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىك سىياسىي جەھەتتىكى ھەر خىل توقۇنۇشلارغا سەۋەب بولماقتا ئىدى، بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىغاندا، بۇ ھوقۇقنى مەركەزگە يىغىۋېلىش بىلەن ھوقۇقنى يەرلىككە تەقسىم قىلىپ بېرىش ئارىسىدىكى زىددىيەت ئىدى.

خاقانلىقتىكى ئاساسىي قەبىلە رايونىدىن باشقا، بېقىندى قەبىلە رايونلىرىدىمۇ بۆلۈپ بېرىش ياكى نازارەتچى بەگلەرنى ئەۋەتىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. خاقان ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان جەمەتلىرى ياكى ئون ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىكى باشقا ئاقسۆڭەكلەرگە بېقىندى قەبىلىلەر تۇرۇشلۇق رايونلارنى بۆلۈپ بېرەتتى. بۇ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى-دىن بەزىلەر بېقىندى قەبىلىلەرگە ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس قالدۇرىدىغان قەبىلە باشلىقى بولۇۋالاتتى، بىرنەچچە ئەۋلادتىن كېيىن ئۇلار تەدرىجىي ھالدا بۇ يات فامىلىلىك قەبىلىلەر بىلەن سىڭىشىپ كېتەتتى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى فامىلىسىلا

ساقلىنىپ قالاتتى. مەسىلەن، مىلادى 982-يىلى يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابتىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتىسۇ ۋادىسىدا ئولتۇراقلىشىپ، كېيىنچە بۇگۇنكى شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن ياغمىلارنىڭ ئاقساقاللىرى تاكى X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىمۇ يەنىلا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىدى[50]. يەنە مەسىلەن، يۇقىرىدىكى كىتاب NJUL . B دېگەن بىر يەرنى (ئېھتىمال ئاقسۇ بولۇشى مۇمكىن) تونۇشتۇرۇپ كېلىپ: بۇ يەر «قارلۇق دۆلىتىنىڭ دائىرىسىدە ئىدى، لېكىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ پادىشاھى توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) لارغا ۋەكىللىك قىلاتتى، ھازىر قىرغىزلار تەرىپىدىن ئىگىلەندى» [51] دەپ يېزىلغانىدى. روشەنكى، بۇ قارلۇق رايونى ئىچىدە ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن زېمىن ئىدى.

بەزى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى زور تۈركۈمدىكى ئۇرۇق-جەمەتىنى باشلاپ بېرىپ، ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەردە توپلىشىپ ماكانلاشتى ۋە بۇ يەردىكى يېقىندى قەبىلىلەرگە قارىتا ۋاسىتىلىك ھالداھۆكۈمرانلىق قىلدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، بۇ ئۇيغۇرلار يەرلىك يېقىندى قەبىلە خەلقى بىلەن سىڭىشىپ كەتتى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار بىر چاغلاردا يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىز، توباس رايونلىرىغا زور تۈركۈمدە كۆچۈپ بارغانىدى. ئۇ يەردە ھېلىھەم ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق ناھايىتى كۆپ قەلئە خارابىلىرى بار. كېيىنچە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى توباس ۋە قىرغىزلارنىڭ ئىچىگە سىڭىشىپ كەتتى. مۇشۇلار تۈپەيلى، ئادەملەر تاھازىرغا قەدەر شۇ جايدىكى يەرلىك ئاھالە بولغان تۇۋالارنى توباسلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قاراپ كەلدى. نازارەتچى بەگ سالاھىيىتى بىلەن يېقىندى قەبىلىلەر رايونىغا بارغان ئۇيغۇر

ئاقسۆڭەكلىرى، كۆپ ھاللاردا بىر تالاي مۆلازىملارنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ ماڭاتتى[52]. ئۇيغۇر خاقانلىقى بىتچىت بولغاندىن كېيىن، بۇ ئادەملەر ياكى قوغلاپ چىقىرىلدى، ياكى يوقىتىلدى، ياكى شۇ جايدا مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىپ، بېقىندى قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى.

سۇيۇرغال بولۇپ بېقىندى قەبىلە رايونلىرىغا بارغان ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى، ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىۋاسىتە ئىتائەت قىلاتتى، ئادەتتە ئۇلار ئالۋان-ياساقنى سۈرۈشتۈرەتتى، خاقانغا قەرەللىك ھالدا باج-خىراج يەتكۈزۈپ بېرەتتى، دۈشمەن دۆلەتلەرنى نازارەت قىلاتتى ۋە خاقاننى ئاخبارات بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇرۇش قىلغان چاغلاردا، بېقىندى قەبىلىنى باشلاپ خاقانلىق ئۈچۈن جەڭ قىلاتتى. بېقىندى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ مۆھۈر-مەكتۇپلىرىنى ئۇيغۇر خاقان ئۆزى تارقىتاتتى. ئالايلۇق تارىخىي خاتىرىلەردە: «قىتانلار ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ مۆھۈرىنى ئىشلەتتى» دەپ يېزىلغاندى[53].

## 4. جەمئىيەت خاراكتېرى

ئۇيغۇر خاقانلىقى كېيىنكى تۈرك خاقانلىقى ئاساسىدا قۇرۇلدى، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەپ قوملۇقنىڭ شىمالىغا ھاكىمبەگ بولۇشى ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتە باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدىكى ئىنقىلابتىن دېرەك بەرمەيدى. شۇڭا ئۇمۇ كېيىنكى تۈركلەرگە ئوخشاش قۇللار تۈركۈملەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پاترىئارخاللىق فېئوداللىق جەمئىيەت بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى بۇ خىل فېئوداللىق تۈزۈم ئىپتىدائىي ئىدى ھەمدە ئۇنىڭدا يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بار ئىدى. گەرچە ساپ قانداش ئۇرۇقلار

ئاللىبۇرۇن تۈگىگەن بولسىمۇ، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتتىكى ئەنئەنە قالدۇقلىرى زور مىقداردا مەۋجۇت ئىدى. ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ تەشكىللىنىش شەكلى، نام-ئاتالغۇلىرى ھەتتا نەسەبنامىلىرىمۇ ئاساسەن ساقلاپ قېلىندى شۇنداقلا فېئوداللار تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىندى. زېمىن كەڭرى، نوپۇس ئاز بولغان بۇ يايلاقلاردىكى تارقاق، تۇراقسىز كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى، خاقانلىقتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىگە ئوخشاش مۇقىم يەرلىك ئەمەلدارلارنى بەلگىلىشىگە يول قويمىدى، شۇڭا ئۇلار پەقەت ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتتىن مىراس قالغان ھېلىقى پاترىئارخاللىق مۇناسىۋەتكىلا تايىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇرۇقداش قەبىلىلەردىكى تۇغقانچىلىق ياكى تۇغقان بولمىغان مۇناسىۋەتلەرگە ۋە ئۇنىڭ شەكلىگە ئاساسەن شەكىللەندى. ياغلىقارلار ئۇرۇقى پادىشاھ جەمەتى بولغاچقا، خاقانلىقنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى خاقانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۇرۇقتىن چىقتى. خاقانلىقتىكى توققۇز ۋەزىرنىڭ ئىچىدە ئىچكى ۋەزىر ئۈچ نەپەر بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئاقسۆڭەكلەردىن تەركىب تاپتى. بۇنىڭدىن باشقا يابغۇ، شاد، تېكىن قاتارلىقلارمۇ ياغلىقارلار ئۇرۇقىدىن ياكى تۇغقانچىلىق، قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار باشقا ئاقسۆڭەكلەردىن بولدى. مانا بۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىدى. ئۇن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن تاشقىرى، بۆكۈ قەبىلىسى خاقانلار بىلەن قۇدىلاشقان بولغاچقا، ئۇلارمۇ ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى. بۇلاردىن قالسا ھۇن، بايىرغۇ، تۇڭرا، ئىزگىل، چۆبە قاتارلىقلار ئەسلىدە قەدىمكى توققۇز ئوغۇز گۇرۇھىغا مەنسۇپ بولغاچقا، بۇ قەبىلىلەردىنمۇ بەزىلەر مەركىزىي ئورگاندىكى خېلى يۇقىرى ئەمەلگە تەيىنلىنىدىغان بولدى. ھالبۇكى، باسمىللار

بىلەن قارلۇقلار كېيىن قوشۇلغان مېھمان قەبىلىلەردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش لاياقىتى يوق ئىدى.

بۇ چاغدا ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ تاشقى پوستى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. قانداشلىقتىكى بىرلىك زېمىن بىرلىكىگە ئايلاندى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پۇقرالارنى ئىدارە قىلىش مۇناسىۋىتى ئۇرۇق ئەزالىرى ئارىسىدىكى تەڭ باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۇرۇقلاردىكى مال-مۈلۈككە بولغان ئومۇمىي ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ جەمەتلەردىكى خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگىرىپ كېتىشى بىلەن تەڭ باشلاندى.

«ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەردە تېخى مىلادى Ⅳ ئەسىردىلا قاڭقىللار قەبىلىسىنىڭ مال-ۋارانلىرى خۇسۇسىي مۈلۈككە ئايلىنىپ بولغانىدى، «ئات، كالا، قوي پادىلىرى مىڭلاپ، يۈزلەپ توپقا ئايرىلاتتى، قوتاندىن چىقىپ ئاي-داللاردا ئوتلاپ يۈرگەندە، ھېچكىم ئۆزى خالىغانچە ئېلىپ كېتەلمەيتتى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. دېمەك، مال-چارۋا ۋە باشقا مال-مۈلۈك ئەرلەر ئۇرۇقداشلىقىدىكى جەمەتلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ بولغانىدى. خوتۇن-قىزلارمۇ ئەرلەر ئۇرۇقداشلىقىقا باغلانغان ئائىلە باشلىقلىرى تۈزۈمىدە شەكىللەنگەن جەمەتلەرنىڭ مۈلكى بولۇپ كەتكەنىدى. «ئۇلار تۇپەيلى، مەيلى گاداي مەيلى باي بولسۇن، قۇدا-باجا بولىدىغان چاغدا تويلۇق ئېلىش كېرەك ئىدى. «تويدا قوي، ئات تويلۇق سېلىناتتى، بايلار يۈزلەپ، مىڭلاپ تاپشۇراتتى» [54]. «نامراتلار بۇغا تېرىسى ياكى ئوت-چۆپ يىلتىزىنى تويلۇق قىلاتتى» [55]. ئائىلە باشلىقلىرى كۆپ خوتۇن ئالاتتى، بۇ بىر مۇنچە خوتۇن ۋە توقاللارنىڭ بەزىلىرى ئېلىم-سېتىم نىكاھى ئارقىلىق، بەزىلىرى مال-ۋارانغا تېگىشىش

ئارقىلىق كېلەتتى. بەزىلىرى ئۇرۇش قىلغاندا بۇلاش بىلەن ئېلىپ كېلىنەتتى. شۇڭا، بەيبېشەدىن باشقا توقاللارنىڭ سالاھىيىتى ناھايىتى تۆۋەن بولاتتى. بۇ خوتۇنلار ئاساسەن ئايرىم تۇراتتى، ھەممىسىنىڭ ئايرىم ئۆيى ۋە ماللىرى بار ئىدى. كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىنىڭ ئائىلە باشلىقىغا ئىقتىسادىي جەھەتتە يەتكۈزىدىغان پايدىسى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، چۈنكى بۇ ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى ئائىلە باشلىقىنى زور مىقداردىكى ئائىلىۋى ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىن ئېتەتتى ۋە ئۇنىڭ بايلىقىنى ئاشۇراتتى. دەل مانا مۇشۇنداق كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىدىكى ئەرلەر ئۇرۇقداشلىقىدىكى ئاتىغا باغلانغان ئائىلە باشلىقلىق جەمەتلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ھۆجەيرىسىنى شەكىللەندۈردى.

خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش ياكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر دەرىجىدىكى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بايلار «سۆسەر تېرىسىدىن كىيىم كىيىدىغان بولدى. نامراتلار قۇشنىڭ پېيىنى قۇراشتۇرۇپ، ئۇنى كىيىم ئورنىدا ئىشلىتىدىغان بولدى» (56). بايلارنىڭ قولىدىكى مال-ۋاران «نەچچە ئونمىڭغا يەتتى»، نامراتلار «سامساقگۈلنىڭ يىلتىزى بىلەن جان باقتى» (57). پۇقرالارنىڭ نامرات ۋە باي دەپ بۆلۈنۈشى، چارۋىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر قىسىم چارۋىچىلارنى شۇ ئۇرۇقتىكى باي جەمەتلەرگە يۆلىنىپ ياشايدىغان ئىجارىكەش بولۇشقا مەجبۇرلىدى. نەتىجىدە چېتىپ قويۇش تۈزۈمى بارلىققا كەلدى. بۇ تۈزۈم تۈرك خاقانلىقى مەزگىلىدە ئەۋجىگە چىققانىدى (58). باي ئائىلىلەر ئىجارىكەشلەرگە كىيىم-كېچەك، ئاش-تاماق ۋە ئازغىنا مال-مۈلۈك بېرىپ، بۇ ئارقىلىق زور مىقداردىكى ئەرزان ئەمگەك كۈچىگە ئىگە بولاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارمۇ قەبىلە باشلىقلىرى

بىلەن باي ئائىلىلەرگە قۇل ئېلىپ كېلەتتى. مەسىلەن، تۈرك «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا خاتىرىلەنگەنگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار تۈرك خاقانلىقىنىڭ قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلىپ، كۆلتېكىننىڭ ئۆز ئانىسى، ئۆگەي ئانىلىرى، ھەدە-سىڭىللىرى، ئايالى ۋە قىزى ھەممە ناھايىتى كۆپ ئادەملەرنى بۇلاپ، ئۇلارنى قۇل ۋە دېدەك قىلىۋالغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دىمۇ، دۈشمەن قەبىلىلەرنى يەڭگەن چاغدا «ئۇلارنىڭ يىلقىلىرىنى، مال-مۈلكىنى، خوتۇن-قىزلىرىنى بۇلاپ كەلدىم» دېگەنلەر بىرنەچچە جايدا تىلغا ئېلىنغان ھەممە «كۆك تەڭرى ۋە يەر-زېمىن مېنىڭ قۇل-دېدەكلىرىمنى ۋە خەلقىمنى ئامان قىلغاي» دېگەن سۆزلەر ئىككى جايدا يېزىلغانىدى⑲. شۇنداق قىلىپ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى، چېتىپ قويۇش تۈزۈمى ۋە ئائىلىدە قۇل ئىشلىتىش تۈزۈمى ئاز ساندىكى جەمەتلەرنىڭ بايلىقىنى تېز سۈرئەتتە بىر يەرگە جۇغلىدى. ئۇلار باي (bay) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. كۈچى بار باي جەمەتلەر باشقا ئۇرۇقنىڭ ئەزالىرىنى ناھايىتى ئوڭايلا تىزگىنلەيدىغان ۋە قۇل قىلىدىغان بولدى. قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىقى باي ئائىلىلەرنىڭ قولىغا چۈشتى، قەبىلە باشلىقلىقى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قالىدىغان تۈزۈم باي ئائىلىلەرنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. تېخى VII ئەسىرنىڭ بېشىدىلا، ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان سۈكۈن ئۇيغۇر قەبىلىسىگە ئېركىن بولغانىدى، تا ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنكى 100 يىل مابەينىدە، ياغلاقار ئۇرۇقىدىكىلەر ئىزچىل رەۋىشتە ئەۋلادمۇئەۋلاد دېگۈدەك ئۇيغۇرلارغا ئېكىن ۋە ئىلتىبىر بولدى، ھەتتا خاقانلىقتا خاقانمۇ بولدى. ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. مەسىلەن، سىرتاردۇشلار قەبىلىسىدىكى ۋارىس ئاقساقال يىلىچ، قىرغىزلاردىكى ۋارىس ئاقساقال ئارا بولۇپ، بۇ قەبىلە باشلىقلىرى يەنە «بەگ» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇنداقلارنىڭ جەمەتى

ھەر قايسى قەبىلىلەردە ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ قالاتتى. ھالبۇكى، ئادەتتىكى ئۇرۇق ئەزالىرى ئۇلارنىڭ قارام خەلقى ئىدى. ئۇرۇش ۋە بۇلاڭچىلىق ئارقىلىق، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ مىقداردا مال-مۈلۈككە ۋە قۇللارغا ئىگە بولاتتى. قارام خەلق ۋە قۇللاردىن ھەر قايسى قەبىلىدە تۇرۇشلۇق بەگلەرنىڭ پۇقرالىرى شەكىللىنەتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى تۇرغان ھەر بىر تارماق، ئاتا-بوۋىلىرىدىن بىر ئۈلۈش مال-مۈلۈك ۋە پۇقرالارنى مىراس ئېلىپ شۇنداقلا ئۇزۇلدۇرمەي بۆلۈش، قوشۇۋېلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، قولىدىكى بايلىقنى كۆپەيتەتتى، مەسىلەن، ئۇلار يېڭىدىن ئىشغال قىلىنغان رايونلارغا ئادەم كۆچۈرۈپ، يەرلىكلەرنى ئۆزىگە قۇل قىلاتتى. «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى»دا: «مېنىڭ ئادەملىرىم تۈرك خەلقىنى شەرقتە ھىنگان تاغلىرىنىڭ سىرتىغىچە كۆچۈرۈپ، ئۇ يەردىكىلەرنى ئەيۋەشكە كەلتۈردى؛ تۈرك خەلقىنى غەربتە سوغدىيانا، دامەنگىچە كۆچۈرۈپ، ئۇ يەردىكىلەرنى ئەيۋەشكە كەلتۈردى؛ شۇ كۈنلەردە، قۇل بولغانلارنىڭمۇ قۇلى بولدى، دېدەكلەرنىڭمۇ دېدەكلىرى بولدى. ئىنىسى ئاكىسىنى تونۇمايدىغان، ئوغلى دادىسىنى تونۇمايدىغان ھالغا باردى. مېنىڭ ئادەملىرىم قولغا ئالغان ۋە ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن ئەللەرنىڭ قانۇن-نىزامى شۇنداق ئىدى» دەپ يېزىلدى[60]. بۇ خىل شەكىل ئارقىلىق يېڭى ئۇرۇق، يېڭى قەبىلىلەر بارلىققا كەلدى. لېكىن بۇ خىل ئۇرۇقلار ئىپتىدائىي قانداش ئۇرۇقلار گۇرۇھى بولمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ئەزالىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ جەمەتى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى قارام خەلقنى شۇنداقلا قۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ شەكىللەندى. ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەرنىڭ نامى ھۆكۈمرانلار يەنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ فامىلىسى بىلەن ئاتالدى. مەسىلەن، چۆبە، دۇن، بۆكۈ قەبىلىلىرى ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ فامىلىسىنى قەبىلە نامى قىلغانىدى.

مۇشۇنداق تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىدا، ئىپتىدائىي قانداش ئۇرۇقلار پارچىلاندى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىدىن يەنى باشقا جەمەتتىن بۇلاپ كەلگەن ياكى پاناھلىق تىلەپ كەلگەن قۇللار، قارام خەلقلەر شۇنداقلا شۇ جەمەتنىڭ نامراتلىرىدىن تەشكىللەنگەن يېڭى «ئۇرۇق» چىقتى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە ئوبدانلا نام-ئابرويى بار نورغۇن «فامىلە»لەر ئاجىزلاپ، ئۆزىدىن كۈچلۈك باشقا ئاقسۆڭەكلەرگە بېقىندى. ئۈزلۈكسىز پارچىلىنىش، قايتا تەشكىللىنىش ھەرىكىتى جەريانىدا، بىر نەچچە ئەڭ كۈچلۈك ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى مەيدانغا كەلدى. ناھايىتى كۆپ ئاجىز ئۇرۇقلار، قەبىلىلەر بارا-بارا پارچىلىنىپ ۋە تارقىلىپ، باشقا بىر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارام خەلقى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ھەر قايسى ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەر، ماھىيەتتە ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى (ئالىيجاناب فامىلە) ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھ ئىدى. بۇ يەردە خوجايىنلارنىڭ پۇقرالارنى «ئىدارە قىلىش» مۇناسىۋىتى، ئۇرۇق ئەزالىرى ئارىسىدىكى تەڭ باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىغا ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى. مۇشۇلار تۈپەيلى، جەمئىيەت ھۆكۈمران سىنىپ يەنى ئاقسۆڭەكلەر، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ يەنى قارام خەلق ۋە قۇللار دەپ ئىككىگە ئايرىلدى.

ئۇيغۇر خاقانلىقى دەل مۇشۇنداق بىر ئىجتىمائىي ئاساستا قۇرۇلدى، خاقانلار ھەر قايسى قەبىلىدىكى بەگلەرنى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلىدى، ھالبۇكى بۇ ئەمەللەر ھەر قايسى قەبىلىلەردىكى ئاقسۆڭەك جەمەتلەردىن مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. خاقانلار جەمەتىدىكى ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ پەرزەنتلىرىگە دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن يەر بۆلۈپ بېرىلدى. مەسىلەن، بايانچۇر خاقاننىڭ تۆھپىلىرى پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاشتا «مېنىڭ مىڭ ئادىمىم 〈qįk〉 چىك خەلقىنى

هەيدەپ كەلدى، . . . ئۇ يەردە مەن كۆك تەڭرىگە سەجدە قىلدىم، (qik) چىك خەلقىگە ۋالىي ئەۋەتتىم، (ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە) سىپارلارنى ۋە تارقانلارنى بەلگىلىدىم» ، «مەن تاتارلار بىلەن چوڭ جەڭ قىلدىم، ئۇلارنىڭ خەلقىنىڭ يېرىمى ماڭا ئەل بولدى»، «ئىككى ئوغلۇمغا يابغۇ ۋە شاد نامىنى بەردىم، ئۇلارنى تاردۇشلار بىلەن تولىسلارنىڭ يۇرتىغا ھۆكۈمران قىلىپ ماڭدۇردۇم» (61) دەپ يېزىلغانىدى. مۇشۇ خىلدىكى سۇيۇرغال قىلىش ئارقىلىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بالا-چاقىلىرى دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ، دۆلەت دائىرىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلاندى، ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىكى باشقا فامىلىدىكىلەر بارا-بارا غايىب بولدى. يەنە بەزىلىرى مەسىلەن، ھازار، كۆرلەمور، بۆكۈ، ھۇن قاتارلىقلار پەيدىنپەي كۈچلۈك ئاقسۆڭەكلەردىن بولۇپ قالدى. ھەر خىل فامىلە، ھەر خىل قەبىلىلەردىكى چوڭ-كىچىك ئاقسۆڭەكلەر خاقانلىقتىكى ھۆكۈمران سىنىپنى شەكىللەندۈردى. قانداشلىق مۇناسىۋىتى بۇ ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى، باشقا قانداش ئۇرۇقلارنىڭ ئەزالىرى چېچىلىپ كەتتى. ئۇلار بۇرۇنقى ئۇرۇقتىكى قانداشلىقنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، تەدرىجىي ھالدا زېمىنىنى چۆرىدەپ شەكىللەنگەن ئۇيغۇر نامىدىكى بىر كوللېكتىپ توپ بولۇپ تەشكىللەندى. گەرچە بۇ كوللېكتىپ توپلار يەنىلا ئۇرۇق ۋە قەبىلە شەكلى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، ھەتتا ھېلىھەم ئۆزلىرىنىڭ نامىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ھۆكۈمران سىنىپ يەنى فېئوداللار سىنىپى ئاساسەن ھەر خىل ئەمەلدارلىق سالاھىيىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان چوڭ-كىچىك چارۋىدارلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەت ئەزالىرىدىن تەركىب تاپتى. بۇ چاغدىكى كۆز قاراشلار

بويىچە، پۈتۈن خاقانلىق خاقاننىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە تەئەللۇق ئىدى، خاقان پۈتۈن دۆلەتتىكى يەرنى، ئوتلاقنى ئۆز جەمەتىگە ۋە يات قاملىلىدىكى ئاقسۆڭەك ئەمەلدارلارغا دەرىجە بويىچە سۈيۈرغال قىلىپ بېرەلەيتتى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا «سۈيۈرغاللىق يېرى» بار ئىدى، بۇ چوڭ-كىچىك فېئوداللار شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قەبىلە شەكلى بىلەن بۇ يەرلەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چارۋىچىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. چارۋىچىلارنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك مال-ۋارانلىرى بولسىمۇ، لېكىن چارۋا مەيدانلىرى فېئوداللارنىڭ بولغاچقا، چارۋىچىلار پەقەت هاشار ئارقىلىقلا بۇ چارۋا مەيدانلىرىدىن پايدىلىنىش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى، بۇ يەردىكى ئاساسلىق هاشار فېئوداللارنىڭ مېلىنى بېقىپ بېرىش ئىدى. مۇنداق هاشار بولمىغاندا، فېئوداللارنىڭ زور كۆلەمدىكى چارۋا ئىگىلىكىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇ چارۋىچىلار قەرەللىك هالدا ئۇلارغا باج-خىراج تاپشۇراتتى. مەسىلەن، قىرغىزلار «باج ئۈچۈن سۆسەر تېرىسى ۋە سېسىق كۈزەن تاپشۇراتتى» [62]. چارۋىدارلارنىڭ قولىدىكى بايلىق ناهايىتى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا: «مەندە 1000 تۇياق ئات، 10 مىڭ تۇياق قوي بار» [63] دەپ يېزىلغانىدى. بىلگە خاقاننىڭ ئىنىسى كۆلتېگىننىڭمۇ زور مىقداردا «ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا بايلىقلىرى، 4000 ئايغىرى بار» [64] ئىدى. «يوك تۇران مەڭگۈ تېشى» دا قەبرە ئىگىسىنىڭ «6000 مىڭ تۇياق ئېتى بار» لىقى تىلغا ئېلىنغانىدى [65]. فېئودالار سىنىپى ئىچىدە چارۋىدارلاردىن باشقا يەنە زور كۆلەمدىكى سودىگەرلەر قاتلىمى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن سوغدىلار ئىدى، ئۇلار يەنە توققۇز غۇز دەپمۇ ئاتىلاتتى. توققۇز غۇزلار قەدىمى يىراق جايلارغا يەتكەن، كۆرگەن-بىلگەنلىرى

كۆپ، مال-دۇنيا توپلاشقا ماھىر بولغاچقا، تۈرك خاقانلىقى مەزگىلىدە ئۇلارنى تۈرك خاقانلىرى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن، خېلى كۆپلىرىنى چوڭ ئەركان، تېكىن قاتارلىق چوڭ مەنسەپلەرگە تەيىنلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توققۇز ئوغۇزلارمۇ موڭغۇل دالاسىدا كۇنسايىن تەرەققىي قىلىپ، ناھايىتى كۆپ ساندىكى غوز مەھەللىلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇلار بىر دىنلا ئۇيغۇر خاقانلىرى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، يالغۇز چارۋىچىلارنى قاقتى-سوقتى قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى سودا ۋە جازانىخورلۇق شەكىللىرى ئارقىلىق ئاقسۆڭەكلەرنى، چارۋىدارلارنىمۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. ئۇلار ھەتتا ئۇنتۇرا تۈزلەڭلىكتىمۇ جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللاندى. تەيخېنىڭ 5-يىلى (831) بىر نەپەر ئۇيغۇر مانى سودىگىرى تاڭ سۇلالىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن بىرىنىڭ ئوغلىغا 11مىڭ 400تىزىق يارماق قەرز بەرگەن، ئۆسۈمى تولىمۇ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەچكە دەتالاش پەيدا بولغان، بۇ ئىش ئاخىرىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىنىمۇ بىسەرەمجان قىلغانىدى[66]. بۇنىڭدىن يۇقىرىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ناھايىتى باي ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇلار ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى خەلقئارا سودىغىمۇ چات كىرىۋېلىپ، پۈتۈن خاقانلىقنىڭ ئىقتىسادىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. مۇشۇلار تۈپەيلى، ئۇيغۇر خاقانلىرى «ئوت-چۆپ ئىزدەپ كۆچۈپ يۈرىدىغان» كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي يوسۇندا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ سودا ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھالەتكە يۈزلەندى. ئۇيغۇر خاقانلىرى توققۇز ئوغۇزلارغا تايىنىپ سودىنى راۋاجلاندۇردى، توققۇز ئوغۇزلار بولسا ئۇيغۇر خاقانلىرىغا يۆلىنىپ سىياسىي ھوقۇققا ئىگە بولدى. خاقانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، توققۇز ئوغۇزلاردىن خاقانلىقنىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەنلەرمۇ بولدى. ئۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئىقتىسادى

كۆندىن-كۈنگە تېخىمۇ قويۇق سودا تۈسىگە كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خاقانلىقتىكى يېقىندىن باش كۆتۈرگەن بۇ سودا قاتلىمى بىلەن چوڭ چارۋىدارلار ئارىسىدا كەسكىن زىددىيەتلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

خاقانلىقتىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلار ئاساسلىقى بۇدۇن، قارا بۇدۇن ۋە قۇللار ئىدى.

بۇدۇن: ( budun ) يەنى خاقانلىقنىڭ ئاساسىي قەبىلىسى ئىچىدىكى ئادەتتىكى چارۋىچىلاردۇر. ئۇلار جىسمانىي ئەركىنلىككە ئىگە، ئۆزىنىڭ مال-چارۋىلىرى بار، ئۆي-جاي قاتارلىق مال-مۈلكى بار چارۋىچىلار ئىدى. ئادەتتە ئۇلار ئەمەلدارلارغا باج-خىراج تاپشۇراتتى، چارۋىدارلارنىڭ مېلىنى بېقىپ بېرەتتى؛ ئۇرۇش بولۇپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ ئاتلىرىنى، قورال-ياراغلىرىنى، يېمەك-ئىچمىكىنى ئېلىپ خاقانلىق ئۈچۈن جەڭ قىلاتتى. ئۇرۇشتا قولغا چۈشۈرگەن غەنىيمەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ۋە خاقانلىققا تاپشۇراتتى. بۇدۇنلار خاقانلىقتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلەپ چىقارغۇچىلار ۋە جەڭچىلەر ھېسابلىناتتى.

قارا بۇدۇن: ( karabudun ) ئاساسلىقى بېقىندى قەبىلىلەردىكى چارۋىچىلار ئىدى. خاقانلىقتا، ھەر قايسى بېقىندى قەبىلىلەردىكى چارۋىچىلارنىڭ ئورنى ئاساسىي قەبىلىدىكى چارۋىچىلارغا قارىغاندا تۆۋەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار قارا بۇدۇن دېيىلەتتى. مەسىلەن، قىتان، تاتار، قۇمۇق قاتارلىق قەبىلىلەر ئۇيغۇرلارغا «چارۋىچى قۇل» ئىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقىغا زور مىقداردا كالا، قوي قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىئانە قىلىپ بېرىشى شەرت ئىدى. ئۇيغۇرلار بەزىدە ئۇلارنىڭ مال-ۋارانلىرىنى، خوتۇن-قىزلىرىنى بۇلايتتى. يەنە مەسىلەن، ئۇيغۇرلار بېشبالىقنىڭ يېنىدىكى ساتار، قارلۇق، ئاق يەكتەكلىك تۈرك

قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ «ھەر قانداق نەرسىسىنى (مال-مۈلكىنى) زوراۋانلىق بىلەن تارتىۋېلىپ»[67] بۇ قەبىلىلەرنى «جېنىدىن جاق تويدىغان» يامان كۈنگە چۈشۈرۈپ قوياتتى. بېقىندى قەبىلىلەرمۇ بەزىدە خاقانلىق ئۈچۈن جەڭگە قاتنىشاتتى، لېكىن ئۇلار ئاساسىي قوشۇن بولالماي، پەقەت يان تەرەپتىلا ماڭاتتى.

قۇللار: ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى قۇللار ئائىلە قۇللىرىنى ئاساس قىلاتتى. قۇللار ئاساسلىقى ئۇرۇش ئارقىلىق قولغا كېلەتتى، شۇنداقلا ئاددىي پۇقرالاردىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ياكى قەرزگە بوغۇلۇپ قۇللۇق گىردابىغا چۈشۈپ قالىدىغانلارمۇ بار ئىدى[68]، قۇل-دېدەك ۋە مال-مۈلۈك بۇلاش ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى ئىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قوشۇن تارتىپ، ئۆتكۈلۈك-سۈيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا تاڭ ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىشتىن بۇرۇن، ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈزدى ۋە «شەھەرنى توپىلاڭچىلاردىن قايتۇرۇۋالغاندا، زېمىن، ئىبادەتخانىلار تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولىدۇ، ئالتۇن-كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇن، قىز-چوكانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارغا قالىدۇ» دەپ بېكىتتى[69]. مۇشۇ سەۋەبتىن، لوياڭنى قايتۇرۇۋالغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆز قوشۇنىنى شەھەر ئىچىگە قويۇۋەتتى، ئۇلار شەھەرنى ساق ئۈچ كۈن بۇلىدى. ئادەتتە ئۇيغۇرلار پۇلغا سېتىۋالغان خەنزۇ قىز-چوكانلىرىنى تاغارغا سېلىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ئوغرىلىقچە ئېلىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرەتتى. ئېلىپ قاچقان بۇ قىز-چوكانلار ياكى دېدەك بولاتتى، ياكى توقال بولاتتى. ئەمەلىيەتتە توقاللارنىڭ سالاھىيىتى دېدەكلەرنىڭكىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتمەيتتى، چۈنكى توقالدىن تۇغۇلغان قىز-ئوغۇللارمۇ قۇل ياكى دېدەك بولاتتى. بۇلاپ كېلىنگەن كىچىك بالىلار ئاسراندى بولاتتى. يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە بالا ئاسرىۋالىدىغان تۈزۈم ئىزچىل رەۋىشتە

داۋاملاشتى، چۈنكى بالا ئاسرىۋېلىشتىكى مەقسەت، ئاساسلىقى ئائىلىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى تولۇقلاشنى كۆزدە تۇتاتتى. يەنە بىر ياقتىن پەرزەنتى يوق ئائىلىلەر قېرىغاندا ئۆزىنى كىملەرنىڭ بېقىشىنى ۋە مىراسىنى كىمگە قالدۇرۇشنى ئويلانمىسا بولمايتتى. شۇڭا بالا ئاسرىۋېلىش قوش خاراكتېرلىك بىر مەسىلە ئىدى. ھەممىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە قۇللىرىنىڭ شەرت-شارائىتى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىدى(70). ئىككىنچىدىن، ئاسرىۋېلىنغان بالىلار نامدا ياكى ئەمەلىيەتتە ئاسرىۋالغۇچىغا ئوغۇل ھېسابلىناتتى، ھەتتا ئۇلار مىراسخور بولالايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆي-ئوچاقلىق بولۇشىغا، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر قىسىم مال-مۈلكى بولۇشىغا، ھەتتا ئۆزىنىڭ قۇل-دېدەكلىرى بولۇشىغا يول قويۇلاتتى. ئەگەر خوجايىنلىرى ھۆرلۈك بەرمىسە، ئۇ ئۆز خوجايىنى ئۈچۈن ئەبەدىلئەبەد ھەقسىز ئەمگەك قىلىش ۋە خوجايىنى ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا مەجبۇر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجايىنىنىڭ جەمەتىدىن ئەبەدىلئەبەد ئايرىلالمايتتى.(71) ئاز ساندىكى ئاسراندى بالىلار ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىغىچە كۆتۈرۈلدى، ھەتتا ئۇلاردىن خاقان بولغانلارمۇ بار بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ خوجايىنىنىڭ جەمەتىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە كۈچى يەتمەيتتى. مەسىلەن، جېنيۈەننىڭ 8-يىلى (792) 7-ئايدا ئۇيغۇر خاقانىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى بولۇپ بارغان ئاسراندى ئوغلى ياغلۇقار لىڭ ئەسلىدە خەنزۇ ئىدى. «لىڭ تاڭ زېمىنىدىن بولۇپ، فامىلىسى لۈي ئىدى، ئۇيغۇرلار زېمىنىغا كەلگەندىن كېيىن خاقانغا ئاسراندى بالا بولدى. ئارقىدىن خاقانىنىڭ فامىلىسى بويىچە ياغلۇقار لىڭ دەپ ئاتالدى ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا قاتناشتى»(72). يەنە مەسىلەن، تارىختا خۇەي شىن خاقان دەپ ئاتالغان بىرى «ئەسلى ئاتېئىز ئۇرۇقىدىن بولۇپ،

كىچىكلا يېتىم قالغاچقا»[73] خاقان تەرىپىدىن ئاسىرىۋېلىنغانىدى، خاقانىنىڭ ئۆز پۇشتىدىن ئوغلى يوق بولغاچقا ئۇ، خاقانلىق ئورۇنغا چىقتى، لېكىن ئۇ «ئۆز مەيلىچە ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىشقا پېتىنالمىدى»، «ئەكسىچە ئۆزىنى ياغلىقار فامىلىسى بىلەن ئاتىدى»[74]. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى ئەسىرلەر ياكى نامرات چارۋىچىلار ئىچ كۆيئوغۇل بولۇش شەكلى بىلەنمۇ قۇل بولاتتى. دېمەك، ئۇيغۇر خاقانلىقىدا ھەر خىل سالاھىيەتتىكى قۇللارنىڭ سانى خېلى كۆپ ئىدى، لېكىن ئۇلار ئاساسلىق ئىشلەپ چىقارغۇچىلاردىن بولالمايتتى، بەلكى ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۆز خوجايىنلىرى تۇرۇشلۇق جەمەت ياكى ئۇرۇقنىڭ ئەزاسى دېگەن سالاھىيەت بىلەنلا يۈرەتتى. بۇ خىل سالاھىيەت كۆپىنچە ئائىلە قۇللىرىنىڭ خاراكتېرىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، بۇ ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەردىكى قۇللار بىلەن روشەن پەرق قىلىدىغان بىر يېرى ئىدى. قاتتىق نازارەت قىلىش قۇللارنىڭ ئەمگىكىنى پايدىلىق رەۋىشتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئوت-چۆپ قوغلىشىپ كالا-قوي پادىلىرىنى باقىدىغان چارۋىچىلارنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش تەسكە توختايدىغان ئىش ئىدى، مۇشۇلار تۈپەيلى، چارۋىچىلىق ئاساسىدىكى قۇللۇق تۈزۈمى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جەمئىيەتتە ئاسان راۋاج تاپالمايتتى. بۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىدىمۇ شۇنداق بولدى.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئۇيغۇر خاقانلىقىدا ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى: بىرىنچى، دۆلەت ۋە چوڭ چارۋىدارلار ئاددىي پۇقرالارغا بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئاساسلىقى باج-خىراج ۋە ھاشار، جەڭگە قاتنىشتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق يولغا قويدى. ئىككىنچى، ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ بېقىندى

قەبىلىلەرگە بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىسى، ئوخشاشلا باج ۋە ئىنئام ئېلىش شەكلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن بونداق ئەھۋال ئاساسىي قەبىلىدىكى ئاددىي پۇقرالارغا بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر بولدى. ئۈچىنچى، ئاقسۆڭەكلەر ۋە باي ئاددىي پۇقرالار (ئەركىن پۇقرالار) مۇ قۇللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە دەسلەپكى ئىككى خىل ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى ئاساسلىق ئىدى. خاقانلىقتىكى سىنىپىي زىددىيەتتە، ئاددىي پۇقرالار بىلەن فېئودال چارۋىدارلارنىڭ زىددىيىتى ئاساسلىق ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنى ئېپتىدائىي، پاترىئارخاللىق فېئوداللىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت دېيىشكە بولىدۇ. خاقانلىقتىكى سودا ۋە تېرىقچىلىق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خاقانلىقتا سودىگەرلەر قاتلىمىمۇ راۋاجلاندى، ئۇلار يالغۇز چارۋىچىلارنىلا ئەمەس، بەلكى چارۋىدارلارنىمۇ قاقتى-سوقتى قىلدى. مۇشۇ تۈپەيلى، سودىگەرلەر قاتلىمى بىلەن چوڭ چارۋىدارلار ئوتتۇرىسىدىمۇ توقۇنۇشلار يۈز بەردى. سودا ئىقتىسادى بىلەن ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق ئىقتىسادىدىكى بۇ زىددىيەتلەر، پۈتۈن خاقانلىقنىڭ باش-ئاخىرىغا قەدەر سىڭىپ كىردى.

## 5. نوپۇس ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىك

بەزىلەر تاڭ تەيزوڭنىڭ قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار «1 مىليوندىن كۆپرەك تۇتۇن» [75] دېگەن سۆزى «ئەمەلىي ئەھۋالدىن ئانچە يىراق ئەمەس» [76] دەپ قارىدى. مۇشۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا، تاڭ دەۋرىدە قوملۇقنىڭ شىمالىدىكىلەر ھېچ بولمىغاندىمۇ، 5 مىليون نوپۇس بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، بۇ مۆلچەر كۆپتۈرۈۋېتىلگەن بولغاچقا، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىگە ئاساسەن، VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاڭ سۇلالىسى قۇملۇقنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغدا، قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ھەممىسى بولۇپ 13چوڭ قەبىلە بار ئىدى. تاڭ تەيزۇڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىنى ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماققا بۆلدى، بۇ مەھكىمە-ئايماقلارنى 13قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى باشقۇردى. بۇ 13قەبىلىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ۋە نوپۇسى توغرىسىدا، نىسبەتەن كىچىك بولغان ھۇن قەبىلىسى بىلەن ئىزگىللارنىڭ غەيرىي قەبىلىلەردىن باشقىلىرىنىڭ سانى ئېنىق خاتىرىلەنگەنىدى. بۇلاردىن ئۇيغۇرلاردا «100مىڭدىن كۆپ ئادەم بار ئىدى»، بۆكۇلەرنىڭ «يارامىلىق ئەسكىرى 10مىڭدىن ئارتۇق ئىدى»، تۇڭرا قەبىلىسىدە «15مىڭ تۈتۈن بار ئىدى»، تۆلەنگۈتلارنىڭ «يارامىلىق ئەسكىرى 10مىڭ ئىدى»، بايىرغۇلارنىڭ «يارامىلىق ئەسكىرى 10مىڭدىن كۆپ ئىدى»، ئىزگىللار بىلەن قۇمۇقلاردا «ئىككى قەبىلىنىڭكىنى قوشقاندا 20مىڭ ئەسكەر بار ئىدى»، قوشۇلارنىڭ «7000 ئىدى»، ئاتېئىزلاردا «يارامىلىق ئەسكەر 1700»، چۆبەلەردە «3000 ئەسكەر»، ئاقشىدلاردا «يارامىلىق 3000 ئەسكەر» بار ئىدى[71]. ئەگەر ھەر ئۈچ نەپەر ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن ئەسكەر بولىدۇ دەپ، ياكى ھەر بىر تۈتۈندە بەشتىن نوپۇس بار دەپ ھېسابلانسا، يۇقىرىدىكى 11قەبىلىنىڭ ئادەم سانى 460مىڭ بولاتتى. ناۋادا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ھەمدە كىتابلاردىكى خاتىرە ۋە ھېسابلاشتىكى خاتالارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى نوپۇسنى تەخمىنەن 500-600 مىڭ دېسەك، بۇ خېلى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان بولاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېرقىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە، تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق، تەپسىلىي بايانلار كەمچىل، لېكىن پارچە-پۇرات تارىخىي ماتېرىياللار ۋە قوشۇمچە پاكىتلار يەنىلا ناھايىتى كۆپ.

جۇڭگودىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلار (تۇرالار) نى مۇڭغۇل ئىرقىدىن ئىدى دېگەننى ئورتاق ئېتىراپ قىلدى⑱. ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان هۇنلارمۇ مۇڭغۇل ئىرقىدىن ئىدى⑲. ئۇيغۇرلار بىلەن بىر ئىرققا ياتىدىغان تۇركلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە جۇڭگودىكى ۋە چەت ئەللەردىكى تارىخىي كىتابلاردا نىسبەتەن ئېنىق بايانلار بار. XI ئەسىردە ئۆتكەن پىرسىيىلىك ئۇتابى تۇركلەرنى «يۇزى ياپىلاق، كۆزلىرى كىچىك، بۇرنى پاناق، ساقىلى ئاز كېلىدۇ»⑳ دەپ تەسۋىرلىدى. يەنە بىر پىرسىيىلىكمۇ «ئۇلارنىڭ ساقىلى ناھايىتى شالاڭ» دەپ يازدى㉑. تاڭ دەۋرىدىكى بىر پارچە تارىخىي ماتېرىيالدا ھەتتا: «تۇركلەردىن ئاشىنا سىمۇ كىرىپ كەلگەندە، خاقان ئۇنى يۇقىرى ئۆتۈپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئاشىنا سىمۇنىڭ چىرايى غۇزلارنىڭكىگە ئوخشايتتى، تۇركلەرگە يېقىن كەلمەيتتى. مۇشۇ تۈپەيلى، چۇلۇك (خاقان) ئۇنى ئاشىنا ئۇرۇقىدىن ئەمەس ئوخشايدۇ دەپ گۇمانلاندى. چۇلۇك خاقان، قاراخان خاقان دەۋرىدە ئۇ ئاران جەبى تېكىن بولالىدى، ئەسكەر باشلاپ ماڭالايدىغان شادلىق ئۇنىڭغا تەگمىدى»㉒ دەيدىغان خاتىرە بار. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدىكى تۇركلەر بىلەن ياۋروپا ئىرقىدىكى غۇزلارنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى پەرق ئىنتايىن ئېنىق ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە، ئېنىق ۋە يازما تارىخىي ماتېرىياللار ئاز بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكىي دەۋردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تام سۈرەت ماتېرىياللىرىدا يەنىلا ناھايىتى مول پاكىتلار بار. گېرمانىيىلىك تۈركشۇناس گاباتىن خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ تام سۈرەتلىرىنى مەخسۇس تونۇلغان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىپ چىققانىدى. ئۇ مۇشۇ سۈرەتلەردىكى «غەربلىكلەر . . . نىڭ كۆزى كالىنىڭكىدەك يوغان، لېكىن

ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چىرايى بەجايىكى تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ، ئۇلار بۇركۇت بۇرۇن كېلىدۇ، كۆزى ئۆرۈك مېغىزىدەك، بەئەينى موڭغۇللارنىڭكىگە ئوخشايدۇ»⑧③ دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ يەنە «خەنزۇلار مىللەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتە تۈرك، ئۇيغۇرلار بىلەن ئانچە پەرقلەنمىسە كېرەك، بىز بۇنى پەقەت ئۇلارنىڭ رەسىمدىكى كىيىنىش شەكلى بىلەن ئىزاھلانغان يېزىقلاردىنلا پەرقلەندۈرەلەيمىز» دېدى⑧④. يەنە ئىككى نەپەر تۈركشۇناس لىككوك بىلەن تىخنوپىمۇ گابائىن خانىم بىلەن ئاساسەن ئوخشايدىغان كۆز قاراشتا بولدى.

ئەگەر بىز بۇ تام سۈرەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن بولغان پەرقىنى ئەلۋەتتە ئايرىپ چىقالايمىز. يەنى ئۇلارنىڭ يۈزى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ يۈزىدىن چوڭ ھەم كەڭ، بۇرنى قاڭشارلىق ۋە نىسبەتەن تار كېلىدۇ. بۇ شىمالىي ئاسىيا موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ياتىدۇ. ھالبۇكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار يىراق شەرق موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

---

ئىزاھات:

① ② «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

③ لەنچى: «تۈرك گاسارلار»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» نىڭ 1987-يىل 4-سانىغا بېسىلغان.

④ «سۇينامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە».

⑤ گېشلوپ: «جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە زابايقال كۆلى رايونىدىكى قەدىمكى شەھەر تۇرمۇشىغا ئائىت يېڭى ماتېرىياللار»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1960-يىل 2-سانىدا بېسىلغان.

⑥ مىنۇسكىنىڭ تەرجىمە ئىزاھى: «تامىم. بىننى بەھرال مۇتتاۋىنىڭ ئۇيغۇر يۇرتىدىكى ساياھىتى»، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈرك، ئىران ۋە كاپكاز»

خاتىرىلىرى.

⑦ «كىتابلار جەۋھىرى. بايىرقۇلار»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑧ «كىتابلار جەۋھىرى. بۆكۈ»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑨ «ئاسايىش ئالەم ھېكايىلىرى. تۆڭرالار»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑩ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑪ «قانۇنلار قامۇسى. قوشۇرلار».

⑫ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑬ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200-جىلد.

⑭ «قانۇنلار قامۇسى. ئاقشىدلار».

⑮ «كونا تاڭنامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە».

⑯ «قانۇنلار قامۇسى. چۆبە يۇركلار».

⑰ «قانۇنلار قامۇسى. ئابالار».

⑱⑲⑳㉑㉒ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉓ «كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉔ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 202-جىلد.

㉕㉖ «كونا تاڭنامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە».

㉗ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉘ «قانۇنلار قامۇسى»، 197-جىلد.

㉙㉚ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉛ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، 98-جىلد.

㉜㉝ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉞ «ئىشىيىپ. «ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى»، «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئىسى»، 1987-يىل 3-سانغا بېسىلغان (سوۋېت ئىتتىپاقى).

㉟ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㊱ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇچ بىلگە خاقان (832—825) ئەسلى ئىسمى

ھازار تېكىن. خەنزۇ تارىخىدا «جاۋلى خاقان».

㊲ گېلاڭ شىمىن تەرجىمىسى: تۈرك يېزىقىدىكى «مويۇنچۇر ئابىدىسى»، «قەدىكى تۈرك يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر تاللانمىسى» 1-قىسمىغا قارالسۇن.

㊳ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 233-جىلد.

㊴ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 235-جىلد.

㊵ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㊶ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㊷ مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» 1-توم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى. 568-بەت.

㊸ «تۈركى تىللار دىۋانى» 1-توم ئۇيغۇرچە. 490-بەت.

㊹ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 246-بەت.

㊺ ۋاڭ جىلەي تەرجىمىسىدىكى «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ 12—13-بابلىرى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى 1983-يىل باسقان نۇسخىغا قارالسۇن.

㊼㊻ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㊽ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم ئۇيغۇرچە نەشرى، 146-بەت.

㊾ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㊿ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

(51) ۋاڭ جىلەي تەرجىمە قىلغان «ھودۇدۇلئالەم» باب 13-پاراگرافقا قارالسۇن.

(52) «ھودۇدۇلئالەم» 15-باب، 13-پاراگرافقا قارالسۇن.

(53) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 246-جىلد.

(54) «كونا تاڭنامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە».

(55) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

(56) «قانۇنلار قامۇسى. دوپۇلار».

(57) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «قانۇنلار قامۇسى. دوپۇرلار».

(58) «قانۇنلار قامۇسى. دوپۇرلار».

(59) جاڭ جېي. «كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتى». «ئىلمىي خەۋەر» نىڭ 1-توم 8-سانىغا بېسىلغان. (1950-يىل).

⑥⓪ گېلاق شىمىن تەرجىمە قىلغان «مويۇنچۇر خاقان ئابىدىسى»گە قارالسۇن. «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر تاللانمىسى» 1-قىسىم.

⑥① خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «بىلگە خاقان ئابىدىسى»، «تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي ماقالىلەر تاللانمىسى» 1-قىسىم.

⑥② گېلاق شىمىن تەرجىمە قىلغان «مويۇنچۇر خاقان ئابىدىسى»گە قارالسۇن. «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن تاللانما» 1-قىسىم.

⑥③ «ئاسايىش ئالەم خاتىرىلىرى» 199-جىلد «قىرغىزلار».

⑥④ گېلاق شىمىن تەرجىمە قىلغان «مويۇنچۇر ئابىدىسى»گە قارالسۇن، «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن تاللانما» 1-قىسىم.

⑥⑤ خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «كۆلتېكىن ئابىدىسى»گە قارالسۇن. «تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي ماقالىلەر تاللانمىسى».

⑥⑥ «يەنسەي تۈركلىرى ھەققىدە ھۆججەتلەر» موسكۋا. 1952-يىل نەشرى. 19-بەت.

⑥⑦ «كىتابلار جەۋھىرى» 999-جىلد. «بازار».

⑥⑧ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑥⑨ «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑦⓪ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 220-جىلد.

⑦① (ياپونىيە) يامادا نوبۇئو: «ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن دىدەكلەر ۋە ئاسراندىلارغا ئائىت پۈتۈكلەر»، «دابەن ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات بۆلۈمىدىكى مۇھىم ئىشلار خاتىرىسى» نىلق 16-سىگە قارالسۇن. 165—267-بەتلەر. 1972-يىل.

⑦② گېلاق شىمىن: «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە توختامنامە ھەققىدە ئىزدىنىش»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي گېزىتى» نىلق 1978-يىل 2-سانىغا قارالسۇن.

⑦③ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑦④ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑦⑤ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 235-جىلد.

⑦⑥ «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە».

⑦⑦ ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خاقانلىقى» 57-بەت.

⑱ ئۇيغۇر، ئېزگىل، قۇمۇقلارنىڭ سانى توغرىسىدا «يېڭى تائىنامە» 217-جىلدقا قارالسۇن. قالغان قەبىلىلەردىكى ئادەم سانى «قانۇنلار قامۇسى» نىڭ 199-جىلدىدا ئۇچرايدۇ.

⑲ خەن كائىشىلىڭ قاتارلىقلار «قەدىمكى جۇڭگودىكى ئىرقىي تەركىبلەر تەتقىقاتى»، «ئارخېئولوگىيە گېزىتى» نىڭ 1984-يىل 2-سان. گېشلۇپ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» 1-قىسىم 57-بەت.

⑳ پەن چىفىلىڭ: «مىڭە سۆڭىكى ماتېرىياللىرىدىن هۇنلارنىڭ ئىرقىغا نەزەر»، «جۇڭگو ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى» 2-توم. ئىلىم-پەن نەشرىياتى 1986-يىل نەشرى.

㉑ بارتولد: «موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلغان چاغدىكى تۈركىستان» لوندون. 1958-يىل ئىنگلىزچە نەشرى. 273-بەت.

㉒㉓ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 191-جىلد. گابائىن: «ئۇيغۇر رەسىملىرى»، «تۈرك تىلى تەتقىقات خەۋەرلىرى» 9-سانىغا قارالسۇن.

㉔ «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى»، «مىللەت تەتقىقات تەرجىمە مەجمۇئەسى» گە قارالسۇن. 6-سان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت تەتقىقات ئورنى باسقان.

# تۆتىنچى باب

# خاقانلىقنىڭ ئىقتىسادى ۋە ھەربىي ئىشلىرى

## 1. گۈللىنىۋاتقان چارۋىچىلىق


ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى موڭغۇل دالاسى ئۈچۈن 100 يىلغا يېقىن بىرلىك ۋە مۇقىملىق ئاتا قىلدى. بۇ مەزگىلدە گەرچە خاقانلىقنىڭ قوشۇنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە جەڭگە ئاتلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەڭلەرنىڭ ھەممىسى يايلاقنىڭ چېگرا جايلىرىدا ۋە بېقىندى قەبىلىلەر رايونىدا ئېلىپ بېرىلدى؛ خاقانلىقتىكى ئاساسىي قەبىلىلەر رايونى يەنى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى پايانسىز يايلاقلار ئىزچىل ھالدا تىنچ ۋەزىيەتتە ئۆتتى. بۇ ئەھۋال يايلاقتىكى چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ياخشى بىر مۇھىت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر خاقانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىزچىل ھالدا نىسبەتەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولدى. ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئىشلىرى توسالغۇسىز يۈرۈشۈپ تۇردى. مۇنبەت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ چارۋا مەھسۇلاتىنى غايەت زور بازار بىلەن تەمىنلىدى ۋە ئۇلارغا مول يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى، قول سانائەت بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان بازار ئېچىپ بېرىپ، يايلاقتىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى رىغبەتلەندۈردى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ھەربىر قەبىلە، ئەزەلدىن تارتىپ «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ، ئوت-چۆپ ۋە سۇ بار جايلارنى قوغلىشىپ»، «تېرىنى كىيىم، گۆشنى تاماق قىلىپ، چېدىر ۋە كەپە ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ» كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىقى ئەزەلدىن تارتىپلا ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. يايلاقتىكى چارۋىلار، ئاساسلىقى ئات-كالا، قوي ۋە تۆگە ئىدى. جەنۇبىي سىبىرىيە رايونىدا بۇغا باقىدىغان قەبىلىلەرمۇ بار ئىدى. تەبىئىي مۇھىتتىكى پەرقلەر تۈپەيلى، خاقانلىقنىڭ ئىچىدىكى چارۋىلار زىچلىق ۋە تۈر جەھەتتە ئۆزئارا پەرق قىلاتتى. بۇلاردىن ئورقۇن دەرياسى بىلەن سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا-يۇقىرى ئېقىنى يەنى بۈگۈنكى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ جەنۇبى خانگاي ئۆلكىسى، زابخان ئۆلكىسى، بايان ھونگور ئۆلكىسىدىكى چارۋىلار ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، بۇ خاقانلىقتىكى چارۋىچىلىق ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايونلار ئىدى. سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا-تۆۋەن ئېقىنى قويۇق ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان بولغاچقا، بۇ جايلار ئوۋچىلىق قىلىدىغان رايون ھېسابلىناتتى، ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىكى بوش جايلاردا ئېچىلغان ئېتىز-ئېرىقلار بار ئىدى. خاقانلىقنىڭ جەنۇبى بىلەن شەرقىي جەنۇبى چۆل- جەزىرە ۋە يېرىم جەزىرە بەلباغ بولۇپ، بۇ يەردىكى چارۋىلارنىڭ زىچلىقى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ھەر خىل چارۋىلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىمۇ تەكشى ئەمەس ئىدى. چۆل-جەزىرە رايونلاردا نىسبەتەن كۆپرەكى تۆگە بولۇپ، كالا ناھايىتى ئاز ئىدى. خاقانلىقنىڭ شەرقىدىكى بۆكۈ، قۇمۇق، بايىرغۇ قاتارلىق قەبىلىلەر جايلاشقان ئىنان دەرياسى، كۇرۇلۇن دەرياسى قاتارلىق رايونلاردا يەر تۈز بولغانلىقتىن، كالا پادىسى ئەڭ كۆپ ئىدى. خاقانلىقنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە سېلىنگا، ئورقۇن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلاردا تۆگە ناھايىتى ئاز بېقىلاتتى. بۇ رايونلاردا ۋە خاقانلىقنىڭ غەربىدىكى

ئالتاي تاغلىق رايونلىرىدا «كالا بىلەن قوي كۆپ، ئات ئاز بېقىلاتتى» ①. سىبىرىيەنىڭ دەرياسى ۋادىسىدا «يەر شورلۇق بولغانلىقتىن، چارۋىلارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ تۇياقلىق قويلار» ئىدى②. قوي، ئۆچكە ۋە ئات ھەممە يەردە تېپىلاتتى. يىلقىلار ئورقۇن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنىدا، توغلا دەرياسى بىلەن كورۇلۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا ھەممىدىن كۆپ ئىدى، چۆل-جەزىرە ۋە قاقاسلىق رايونلاردا ئاز ئۇچرايتتى.

ھەر خىل چارۋا ئىچىدە قويىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ ئىدى، لېكىن ئەڭ ئەتىۋارلىقى ئات ھېسابلىناتتى. ئاتنىڭ سۈتى ۋە گۆشىنى ئىستېمال قىلىشقا بولاتتى، بولۇپمۇ چارۋىچىلار ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۈچۈن، ھەرقانداق بىرەر چارۋا ئاتنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات تاڭ سۇلالىسى بىلەن قىلىدىغان سودىدا ئۇلارغا سېتىپ بېرىدىغان مۇھىم مال بولغاچقا، ھۆكۈمرانلار ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قارايتتى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، تارىخىي كىتابلار خاقانلىقتىكى ئاتلارنىڭ تۈرى، ئۈستىدىكى تامغىلىرى ۋە بېقىلىدىغان يەرلەر توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغانىدى. بىز «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» گە ئاساسەن، بىر قىسىم قەبىلىدىكى ئاتلارنىڭ تامغىسى ۋە ئۇلارنىڭ بېقىلىدىغان جايلىرىنى مۇنداق كۆرسىتىمىز:

| قەبىلە نامى | ئاتنىڭ تامغىسى | ئات بېقىلىدىغان جايلار |
| --- | --- | --- |
| تونگرا |  | توغلا دەرياسىنىڭ شىمالى، خۇگنو دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي، چۇيىۋ تېغىنىڭ شىمالى، يۇلىن تېغىنىڭ شەرقى. |
| بۆكۈ |  | توغلا دەرياسىنىڭ شىمالى، يۇلىن تېغىنىڭ جەنۇبى. (چىلىڭ دەۋرىدىكى توشاتخان قىسمىغا قاراشلىق يەرلەر) |

| | | |
|---|---|---|
| ئاتبېشىز |  | بوگۇنكى قارا دەريا رايونى، باغاقخان تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبى (جېتيەن ئايمىقى) |
| بەگرۇزي |  | دەشتىنىڭ جەنۇبى، گانمولۇش تېغىنىڭ شىمالى (تىلىن ئايمىقى) |
| ئۇيغۇر |  | ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالى (سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىنلىرى) |
| كولۇبېي |  | بۇگۇنكى چىتا (روسىيە) نىڭ شەرقى، يابولنۇق تاغلىرىنىڭ جەنۇبى. |
| ئاشىدا |  | چوغاي تاغلىرىنىڭ شىمالى |
| ئىزگىل |  | ۋېگجىن دەرياسىنىڭ غەربىي، ئومان تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبى، ياغۇندا قۇدۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، گانمۇلۇش تاغلىرى. |
| قۇمۇق |  | كېنتاي تېغىنىڭ شىمالى (مېنشا دەرياسى) جىفۇشەن تېغىنىڭ جەنۇبى، قۇلانچى تۇزلەڭلىكىنىڭ شىمالى |
| قۇشۇ |  | توغلا دەرياسىنىڭ شىمالى |
| نۇراي |  | توغلا دەرياسىنىڭ شىمالى (بەيدىڭ ئايمىقى) |
| هۇن |  | توغلا دەرياسىنىڭ شىمالى (جۇنجى ئايمىقى) |

«تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» قاتارلىق كىتابلار شۇ چاغدىكى 40 تىن ئارتۇق قەبىلىنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى خېلى تەپسىلىي يېزىپ قالدۇرغانىدى③. مۇشۇ خاتىرىلەرگە ئاساسەن، ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى شۇنداقلا يىقىندى دۆلەت، يىقىندى قەبىلىلەردىكى ئاتلارنى ئىگىز ۋە قاۋۇل، ئوتتۇراھال ھەمدە كىچىك دەيدىغان ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولاتتى.

ئىگىز ۋە قاۋۇللار تىپىغا ياتىدىغان ئاتلارغا قۇرىقان ئاتلىرى بىلەن كانگىيە (سوغدىيانا) ئاتلىرى ۋەكىللىك قىلالايتتى. تارىخىي ماتېرىياللار قۇرىقاندىن «داڭلىق ئارغىماقلار چىقىدۇ، بېشى تۆگىنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، قاۋۇل كېلىدۇ. ياخشىلىرى بىر كۈندە نەچچە يۈز چاقىرىم يول باسالايدۇ» دەپ خاتىرە قالدۇرغانىدى④. تاڭ تەيزۇڭ ئەڭ قەدىرلەيدىغان ئون ئارغىماقنى دەل شۇ قۇرىقانلار تەقدىم قىلغانىدى. كانگىيە ئاتلىرى «فەرغانە تىپىدىن بولۇپ، ناھايىتى زور ئاتلاردىن ئىدى، ۋۇدې دەۋرىدە سوغدىيانا دۆلىتى 4000 تۇياق ئات تەقدىم قىلدى، بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلدارلار مىنىۋاتقان ئاتلار دەل شۇلاردىن ئىدى» ⑤. قىرغىز ئاتلىرى، باسمىل ئاتلىرى ۋە قارلۇق ئاتلىرىمۇ ئىگىز ۋە قاۋۇل ئاتلار تىپىغا كىرەتتى. بۇ بىر نەچچە قەبىلىنىڭ ئېتى «ھەددىدىن زىيادە قاۋۇل» بولغىنىغا قارىماي، قۇرىقان ئاتلىرىغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا «سەل تەڭلىشەلمەيدىغان» تەرىپى بار ئىدى. دېمەك، ئىگىز ۋە قاۋۇللا تىپىغا ياتىدىغان بۇ ئاتلار ئاساسەن موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىي، غەربىي تەرەپلىرىگە، بولۇپمۇ جەنۇبىي سىبىرىيە رايونىغا تارقالغانىدى.

ئوتتۇراھال ئاتلارغا تۈرك ئاتلىرى ۋەكىللىك قىلاتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردا: «تۈرك ئاتلىرى ئىنتايىن چەبدەس، ئۇستىخىنى كېلىشكەن كېلىدۇ، ناھايىتى يىراققا بارالايدۇ، ئوۋ

قىلغاندا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلەيدىغان ئات يوق»⑥ دەپ خاتىرىلەندى. ئوتتۇراھال تىپقا ياتىدىغان ئاتلاردىن يەنە ئىزگىل ئاتلىرى، بەگرۇي ئاتلىرى، چۆبە ئاتلىرى، قۇمۇق ئاتلىرى، قۇشۇ ئاتلىرى، نۇراي ئاتلىرى ۋە ھۇن ئاتلىرى بار ئىدى. بۇ ئاتلار ئاساسلىقى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا تارقالغانىدى.

ئېگىز ۋە قاۋۇللار تىپىغا ياتىدىغان ئاتلار بىلەن ئوتتۇراھاللار تىپىغا ياتىدىغان ئاتلارنىڭ ئارىسىدا قالغان يەنە بىر خىل ئاتلار بولۇپ، بۇ ئاتلار ئۇيغۇر، توڭرا، تاردۇش، بۆكۆ، ئاتېئىز، بايىرقۇ، چۆبە، كۇلۇبېي ئاتلىرى ئىدى. بۇ ئاتلار ئاساسەن بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى خاقانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلاردا بېقىلاتتى.

كىچىك تىپقا ياتىدىغانلار ئاساسلىقى بېقىندى قەبىلىلەردىكى قىتان ئاتلىرى بىلەن قۇمۇق ئاتلىرى ئىدى. قىتان ئاتلىرى «ئىنتايىن ئەۋرىشىم ئىدى، ئۇستىخىنى تۈرك ئاتلىرىغا قارىغاندا كىچىك بولغاچقا، ئورمانلىقتا يۈگۈرۈشكە بەك مۇۋاپىق كېلەتتى»⑦. قۇمۇق ئاتلىرى «چىداملىقلىقتا قىتان ئاتلىرىدىن ئېشىپ چۈشەتتى، باشقا جەھەتلەردە قىتان ئاتلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى»⑧.

ھەر خىل ئاتلارنىڭ ئىقتىدار جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى ئوچۇق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈرك ئاتلىرى بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرى يايلاقتا جەڭ قىلىشقا ئەڭ باب كېلەتتى. ھالبۇكى باسمىل قاتارلىق قەبىلىنىڭ ئاتلىرى ناھايىتى قاۋۇل، كېلىشكەن ئاتلاردىن بولغىنىغا قارىماي، ئۇلارنى پەقەت «قوشقا قېتىپ، زىرائەت تېرىشتىلا ئىشلەتكىلى بولاتتى»، «بۇ ئاتلارنى ھېچكىم مىنمەيتتى، ئۇنىڭ سۈتىنى ئىچمەيتتى، گۆشىنى يېمەيتتى، خالاس»⑨. ئاتلارنىڭ ئىقتىدارى ھەرقايسى قەبىلىدىكى

قوراللىق كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھۆكۈمرانلار تېخىمۇ پىششىق بىلەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپى يىلقا ۋازارىتى تەسىس قىلىنغاندا، ئۆزىدىكى ئاتلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، زور مىقداردىكى تۈرك ئاتلىرىنى كىرگۈزگەنىدى⑩. تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەردە ئاتنىڭ تۈرىلا ياخشى، مىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىشقا مۇۋاپىق بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ قەبىلىلەردىكى چارۋىچىلارمۇ ئەڭ مۇنەۋۋەر چەۋەنداز ۋە ئات كۆندۈرگۈچى، يىلقىچىلاردىن ئىدى⑪.

ئۇيغۇر خاقانلىقى مەزگىلىدە، يايلاقتىكى 100 يىلغا يېقىن داۋام ئەتكەن تىنچ مۇھىت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق جەھەتتە مىسلىسىز گۈللەپ ياشنىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. چارۋىنىڭ بولۇپمۇ ئاتنىڭ سانى ھەيران قالىدىغان دەرىجىدە كۆپ ئىدى. يالغۇز باسمىل قەبىلىسىدىلا «300 مىڭ تۇياق ئات بار ئىدى»⑫. تارىختا ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە «ھەر يىلى 100 مىڭ تۇياق ئات ساتاتتى، تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بەدىلىگە 1 مىليون تەپكىدىن كۆپ يىپەك تۆلەيتتى» دەپ يېزىلغانىدى⑬. گەرچە بۇ سان ئازراق كۆپتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 20 مىڭ تۇياق ئات سودىسى قىلىش ئادەتتىكى ئىش ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەلىكىلىرى بىلەن توي قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بېرىدىغان تويلۇق مېلىمۇ چارۋىنى ئاساس قىلاتتى. مەسىلەن، تەيخې مەلىكە ياتلىق بولغاندا، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە بىر قېتىمدىلا «20 مىڭ تۇياق ئات، 1000 ئۆركەش تۆگە» بەرگەنىدى⑭. ئۇيغۇر خاقانلىقى مەزگىلىدە يايلاقتا بار بولغان چارۋىلارنىڭ سانى كونكرېت خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتىكى ساۋات بويىچە ئۇنى تەخمىنەن ھېسابلاپ

چىققىلى بولاتتى. بەزى كىشىلەر مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، موڭغۇل دالاسىدىكى بەش نوپۇسى بار بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇش قامدىشى ئۈچۈن، بۇ ئائىلىدە ئەڭ تۆۋەن ئېھتىياجدىمۇ 13 تۇياق كالا، 90 تۇياق قوي، ئۈچ ئۆركەش تۆگە ۋە 14 تۇياق ئات بولۇشى لازىم دەپ قارىغانىدى⑮. ئەگەر ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاساسىي قەبىلىسىدە 100 مىڭ ئائىلە بار دېيىلگەندە، ئۇلاردا ھېچ بولمىغاندا 1مىليون تۇياقتىن كۆپ ئات ۋە كالا، 300 مىڭ ئۆركەشتىن ئارتۇق تۆگە ۋە 10 مىليوندىن ئارتۇق قوي بولۇشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، چارۋىنىڭ ئەمەلىي سانى بۇنىڭدىن كۆپ بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

## 2. جەڭگىۋار ئاتلىق ئەسكەرلەر

موڭغۇل دالاسىدىكى تارقاق، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ھەر نۆۋەت بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت بولۇپ ئۇيۇشقاندا، گۈللەپ ياشنىغان يىلقىچىلىق دەرھاللا جەڭگىۋار ھەربىي كۈچكە ئايلىناتتى. دېمەك، ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى يىلقىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى جەڭگىۋار، قەيسەر بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى زور كۆلەمدە بىرلىككە كەلگەن تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئۆگلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇش ۋە يىپەك يولىنى قوغداش قاتارلىق ئۇرۇشلاردا ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە قەيسەرلىكى 100 يىلدىن كۆپ ۋاقىت جەريانىدا، پۈتۈن شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

ئوتتۇرا ئەسىردە، ئاتلىق ئەسكەرلەر جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن ئۈستۈن بولغان ئەسكىرىي تۈرگە كىرەتتى. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدە «ساماني كېزىشتە ھېچ نەرسە

ئەجدىھاغا يەتمەيدۇ، زېمىننى كېزىشتە ھېچ نەرسە ئاتقا يەتمەيدۇ، ئات دېگەن ئەسكەرنىڭ دەسمايىسى، دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى... قوشۇن تارتقانلار شۇنىڭغا تايىنىپ غەلىبە قىلىدۇ» ⑯. «بىر ئاتلىق ئەسكەر سەككىز ئەسكەرگە تېتىيدۇ» ⑰ دەيدىغان گەپلەر بار ئىدى. سۇن بىنمۇ ئاتلىق جەڭنىڭ «ئون پايدىسى» ھەققىدە سۆزلەپ، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەنىدى⑱. كۆيدۈرگۈچ قوراللار پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئاتلىق ئەسكەرلەر باشقا ئەسكىرىي تۈرلەرگە قارىغاندا، تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئاتلىق ئەسكەرلەردىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى قوشۇننى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ: «تۈركلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ئۇلارنىڭ ئات ئويىنىتىپ ئوقيا ئىشلىتەلىگەنلىكىدە... (تاڭ قوشۇنلىرى) ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندا، ئاسانلىقچە يېڭەلمەيدۇ» ⑲ دېگەنىدى. چېن يەنكې تاڭ دەۋرىدىكى تۈرك، ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە باھا بەرگەندە: «تاڭ دەۋرىدىكى ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ شان-شۆھرىتى تارىخنىڭ بېتىدىن ئۆچمەيدۇ، لېكىن ئۇلار ئىشلەتكەن قوشۇننىڭ ئاساسىي كۈچى بەيئەت قىلغانلار بولدى. بەيئەت قىلغانلارنى مۇھىم دەپ سۆزلىگەندە، ئالدى بىلەن قەبىلىلەرنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى كۆزدە تۇتىمىز. ئات مىنىش ماھارىتىنى ئەسلىدە ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەرىكەتتىكى تېزلىكى ۋە چاققانلىقى، پىيادىلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق. جۇڭگونىڭ ئاتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىدەك ياخشى ئەمەس، بۇ ھەقتە تارىختا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇلغان... تاڭ

دەۋرىدىكى ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇيغۇر زېمىنىدىن چىققان ئاتلار ۋە خەنزۇلار رايونىغا ئاربىلىشىپ قالغان ئۇيغۇر ئاتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بۇ ھەقتە ئارتۇق سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇقيادىن پايدىلىنىش، ئات ئۈستىدە ساداق ئۈزۈشتىن گەپ ئاچقاندا، چوقۇم ئۇيغۇرلارنى ئۇستاز تۇتۇش كېرەك»⑳ دەپ كۆرسەتكەنىدى.

ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدا، شۇ ئاتلىقلارنىڭ سۈپىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر كىچىكىدىن تارتىپلا ئات مىنىشنى، ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلاتتى. مەسىلەن، تۈرك يېزىقىدىكى «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» دا: «كۆلتېكىن ئون يېشىدىن باشلاپلا چوڭ ئادەملەردەك تەربىيىلەندى. ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە، چوڭ قوشۇننى باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى» دېيىلگەنىدى. ھالبۇكى، بىلگە خاقان ئون تۆت ياش ۋاقتىدىلا «تاردۇش مىللىتىگە شاد بولغان»، ئاتلىق ئەسكەرلەرنى يېتەكلەپ «شەرقتە خىڭگەن تېغى ۋە تاغنىڭ شەرقىدىكى تۈزلەڭلىككە قەدەر، غەربتە تۆمۈر قوۋۇققا قەدەر يۈرۈش قىلغان»㉑ ئىدى. كىچىكىدىن تارتىپلا ئات ئۈستىدە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىش ماھارىتى ۋايىغا يېتەتتى. شۇڭا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ: ئوۋ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ھەرگىز قېچىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئالدىغا قاراپ ئوق ئۈزگەندە ۋە ئارقىغا قارىتىپ ئوق ئۈزگەندە ئوخشاشلا دەل جايىغا تەگكۈزىدۇ دەپ يازغانىدى㉒.

قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئاتلىقلارنىڭ سۈپىتى، يالغۇز ئۇلارنىڭ ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش ماھارىتىدىلا ئەمەس، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ ئاچلىق ۋە تەشنالىققا تاقەت قىلىش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداش قابىلىيىتى جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنەتتى.

ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تامىقى ئاتنىڭ سۈتى بىلەن گۆشى ئىدى، لېكىن يېمەك-ئىچمەك كەمچىل بولغان چاغلاردا، ئۇلار ئوت-چۆپ يىلتىزى، ياۋايى ھايۋان قاتارلىقلار بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ مېڭىۋېرەتتى، ھەتتا «سۆڭەكنى تالقان قىلىپ، ئۇنى ئاش ئورنىدا يەيتتى»㉓. ئۇلار ھەربىي سەپەردە بىرەر-ئىككى كۈن ئېغىزىغا بىر نەرسە سالمايمۇ، كېچە-كۈندۈز يول يۈرەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىنتىزامى ناھايىتى قاتتىق ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە بىساتىنى مۇسادىرە قىلىپ، جەڭچىلەرگە بۆلۈپ بېرىش»㉔، «ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەنلەرنى مۇشۇ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش»㉕ دەيدىغان بەلگىلىمىلەر بار ئىدى. بۇ خىل ھەربىي ئىنتىزاممۇ ئەسكەرلەرنىڭ قەھرىمانلىق روھىغا ئىلھام بېرەتتى.

ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى جەڭگە چىققاندا، ھەربىر ئادەم «بىردىن ئاتقا مىنىپ، يەنە بىر ئاتنى يانداپ ئېلىپ ماڭاتتى» «بەزىدە ھەتتا «بىر ئەسكەر تۆت ئات ئېلىپ ماڭاتتى»㉖. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇزۇن يوللۇق ھەربىي سەپەردە ئېلىپ ماڭغان ئاتلىرىنى نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇپ مىنىپ، «ياكى بوران سوققاندەك، ياكى چاقماق چاققاندەك تېز سۈرئەت بىلەن» ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئاتلىق جەڭدە ئاتقا كېلىدىغان زىيان-زەخمەتمۇ ناھايىتى چوڭ بولاتتى. مەسىلەن، «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»دا، چۆل تۈركلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق جەڭدە، كۆلتېكىننىڭ ئۈچ ئېتى ئۆلدى دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇلار جەڭ ئاتلىرىغا «ئات قۇياق» دەپ ئاتىلىدىغان ساۋۇتلارنى كىيگۈزەتتى، ئوقيانى ئاساسىي قورال قىلاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار تارىخىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغاندەك «يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ، ساداقتىن ئاۋاز چىقىراتتى، يا بىلەن ئاتقا تايىناتتى». يا بىلەن ئوق ھەرخىل بولاتتى. يا ئاساسەن چوڭ-كىچىكلىكى ۋە نىشان ئارىلىقىنىڭ يىراق-يېقىنلىقىغا قاراپ

ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ئوقمۇ ئاۋازلىق ئوق، يەڭگىل ئوق، مەشق ئوقى دەپ بىرقانچىگە ئايرىلاتتى. ئاۋازلىق ئوق دەستىسىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىنى كاۋاك قىلىپ، ئۇچ تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىش ئارقىلىق ياسىلاتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا باشاق ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوق ئۇچۇپ ماڭغاندا ۋىڭىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى. يەڭگىل ئوقلارنىڭ نىشان ئارىلىقى نىسبەتەن يىراق بولاتتى. مەشق ئوقى تۆمۈر باشاقنىڭ ئورنىغا يۇمىلاق ياغاچ باشاق بېكىتىپ ياسىلاتتى[27]. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقيالىرىنىڭ قۇدرىتىنى، تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا خاتىرىلەنگەن جەڭ ھەققىدىكى بايانلاردىن بىلەلەيمىز: «ئۇلار بىر ئادەمنى نىشانلاپ ئوق ئۈزگەندە، قاتار تۇرغان ئىككى ئادەمنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى». «بىر ئوق ئىككى ئادەمنىڭ بەدىنىنى تېشىپ ئۆتەتتى»[28]. ئۇلار ئوقيادىن باشقا، ئۇزۇن ساپلىق نەيزە، قىسقا تىغلىق خەنجەر ياكى شەمشەرلەرنىمۇ ئىشلىتەتتى. تۈرك يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن ناھايىتى كۆپ مەڭگۈ تاشلاردا، ئۇلارنىڭ خەنجەر، نەيزە ئىشلىتىدىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار ئىدى. مەسىلەن، «كۆلتېكىن ئاق ئاتنى مىنىپ جەڭگە ئاتلاندى، ئۇزۇن ساپلىق نەيزە بىلەن ئالتە ئادەمنى ئۆلتۈردى، قوچاقلاشما جەڭ بولغاندا، خەنجەر بىلەن يەتتىنچى ئادەمنى ئۆلتۈردى»[29] دەپ يېزىلغانىدى. ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى بېشىغا پولات دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا پولات ساۋۇت كىيەتتى. مەسىلەن، مويۇنچۇرخاقان مەڭگۈ تېشىدا «مېنىڭ... ساۋۇت-دۇبۇلغا بىلەن قوراللانغان 500 دىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنۇم ۋە پىيادە ئەسكەرلىرىم...» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى[30]. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»دا: «ئۇنىڭ ساۋۇت-دۇبۇلغىسىغا ۋە يېپىنىۋالغان چاپىنىغا يۈز نەچچە تال ئوق سانجىلىپ قالدى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى جەڭگە چۈشكەندە تۇغ كۆتۈرۈپ ماڭاتتى، ئۇلارنىڭ

تۇغلىرى ئاق رەڭلىك ئىدى㉛. ئۇلار يەنە بۇرغا-سۇناي ۋە جەڭ
دۇمبىقى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇراتتى㉜. بەزى
ئەسكەرلەر باتۇرلۇقنىڭ بەلگىسى ئورنىدا بىر پارچە يىپەك رەخت
ياكى قوتاز قۇيرۇقىنى بېشىغا ئېسىۋالاتتى㉝. بۇنىڭدىن باشقا،
ئۇلاردا يەنە دەريادىن ئۆتكەندە لازىم قىلىدىغان سال دېگەن تۇلۇم
بار ئىدى. تيەنباۋنىڭ 9-يىلى (750)، بايانچۇر خاقان
قارلۇقلارنى قوغلاپ ماڭغاندا، سال بىلەن تۇلۇمغا ئولتۇرۇپ
ئىرتىش دەرياسىدىن ئۆتكەنىدى㉞.

ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىقنى
ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قىلغانىدى. بۇ خىل
ئىشلەپچىقىرىش شەكلى تەبىئىي رەۋىشتە ئۇلاردا ئۇرۇشقا
نىسبەتەن يېزا ئىگىلىك مىللەتلىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن كۆز
قاراشلارنى پەيدا قىلدى. خۇددى ئېنگېلس كۆرسىتىپ
ئۆتكەندەك: «بۇلاڭ ۋە تارتىۋېلىش ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئىجادىي
ئەمگەككە قارىغاندا تېخىمۇ ئوڭاي ھەتتا تېخىمۇ
شەرەپلىك ئىش... ئۇرۇش ئۇلارنىڭ دائىملىق كەسپى بولۇپ
قالدى»㉟. ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت
ئىچىدە، ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا جەڭ
قىلدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى جەڭلەر ئادەم ۋە بايلىق بۇلاش
مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ خىل جەڭلەر، ئاساسلىقى
شەرقتىكى قۇمۇقلار، قىتانلار، شىمالدىكى قىرغىز ۋە پامىر
تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى شەھەر-قەلئە دۆلەتلىرىگە قارىتىلدى.
بەزىدە ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىمۇ ئاز-تولا بۇلاپ تۇردى.
مەسىلەن، «مويۇنچۇر خاقان مەڭگۈ تېشى»، ئۇيغۇرلارنىڭ
دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى چاغلاردا شەرق بىلەن غەربتىكى
قەبىلىلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقىنى خاتىرىگە ئالغانىدى.
ئۇنىڭدا: «مەن ئۇلارنىڭ يىلقىسىنى، مال-مۈلكىنى،
قىز-چوكانلىرىنى بۇلىدىم»، «مىڭلاپ ئات، ئون مىڭلاپ قوينى

قولغا چۈشۈردۈم» دېيىلگەنىدى. ئادالەت قۇچقان خاقانىنىڭ قىرغىزلارغا ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىگە قىلغان يۈرۈشلىرىنى خاتىرىلىگەن ئابىدىلەردە: «نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئالدىم، قولۇمغا چۈشكەن مال-يىلقىلار ھەددى-ھېسابسىز» [36] دېگەن سۆزلەر بار ئىدى. ئۇيغۇرلار قوشۇنغا قاتنىشىپ جەڭ قىلىشنى، بايلىققا ئىگە بولۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى دەپ قارايتتى. شۇڭا تاڭ زېمىنىدىكىلەرمۇ ئۇلارنى «بۇلاڭ-تالاڭ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ» [37] دېگەنىدى. بۇمۇ دەل ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا كۆتۈرەڭگۈ-روھلۇق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىدا، گەرچە بالاغەتكە يەتكەن بارلىق ئەرلەر ئاتقا مىنىپ، جەڭگە ئاتلىنالايدىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي رەۋىشتە دائىم جەڭگە چىقىدىغانلار پەقەت ئون ئۇيغۇر قەبىلىسى بىلەن توققۇز ئوغۇز قەبىلىسىدىن تەشكىللەنگەن 100 مىڭ ئەتراپىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى. بۇلار خاقانلىقتىكى قوشۇننىڭ يادروسى ۋە ئاساسلىق كۈچى بولۇپ، ئايرىم ھالدا خاقان قارارگاھىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ۋە بەزىبىر مۇھىم قەلئە-بازار، قاتناش لىنىيىلىرىدە تۇراتتى. مەسىلەن، مىلادى 821-يىلى موڭغۇل دالاسىغا ساياھەتكە بارغان ئەرەب ساياھەتچىسى — تامىم. بىنىنى. بەھرال مۇتتاۋى ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە: ئىسسىقكۆلنىڭ يېنىدىكى بىر قەلئە-بازىرىدا تولۇق قورallanغan ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى 20 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەن، خاقاننىڭ قارارگاھىنىڭ چۆرىسىدە يۈرگەن «مۇھاپىزەتچى ياساۋۇللار 12 مىڭدىن ئاشىدۇ» [38] دەپ يازغانىدى. ھالبۇكى، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، خاقانلىققا بىۋاسىتە قارايدىغان رايونلار جۇملىدىن پايتەختنىڭ ئۆزىدە، جەڭگە قاتنىشالايدىغان «قىران ئەرلەر» جەمئىي «50 مىڭ

ئىدى»㊴. چاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (821) تاڭ سۇلالىسىدىن مەلىكە تەيخې ئۇيغۇر خاقانلىرىغا ياتلىق بولۇپ ماڭغاندا، ئۇيغۇرلار «مەلىكىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، بېشبالىقتىن 10 مىڭ ئاتلىق، ئەنشى (كۇسەن) دىن 10 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ، تىبەت خاقانلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى توسقانىدى»㊵. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار يەنە تەڭرى خاقان يولىدا، جۇيىەن دەرياسىنىڭ يېنىدىكى مەلىكە قەلئەسى بىلەن قىرغىز قەبىلىسىنىڭ ئەتراپىدىمۇ زور قوشۇن تۇرغۇزغانىدى. خاقانلىقتا بىۋاستە قارايدىغان رايونلارنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان ھەرقايسى تارماق قوشۇنلار خاراكتېر جەھەتتە كېيىنچە قۇرۇلغان موڭغۇل خاقانلىقىدىكى تۇرغاۋۇتقا باراۋەر ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۇرغاۋۇت دەپ ئاتالغان قوشۇننىڭ دەسلەپكى ھالىتى بولۇپ، بۇ نام ئەسلىدە تۈرك تىلىدىكى «تارمىچ» ياكى «دومىچ»㊶ تىن كەلگەنىدى. تۈرك خاقانلىقى بىلەن سىرتاردۇشلار خاقانلىقىدىمۇ بىر خىل ۋەزىپە بار ئىدى ھەمدە ئۇ مەرتىۋىسى ناھايىتى يۇقىرى باش قوماندانلاردىن ھېسابلىناتتى㊷.

ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى قوشۇننىڭ تەشكىلى تۈرك خاقانلىقىدىكى سول، ئوتتۇرا ۋە ئوڭ قاناتتىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە ئون سان بويىچە سەپلەش ئۇسۇلىغا ئوخشايتتى. ئوتتۇرا قوشۇن خاقان قارارگاھىنىڭ چۆرىسىدە بولۇپ، ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدا تۇراتتى. سول قانات بىلەن ئوڭ قاناتتىكىلەر خاقانلىقنىڭ سول شاد بىلەن ئوڭ شاد قوماندانلىقىدا غەرب ۋە شەرق ئىككى تەرەپتە تۇرۇۋاتقان ھەرقايسى قوشۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن خاقانلىقنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، تىبەتلەر، قارلۇقلار، قىرغىزلار بىلەن بولغان دە-تالاش تۈپەيلى، سول قانات بىلەن ئوڭ قاناتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسەن ئېلىپ تاشلاندى.

ئاساسىي كۆچ پۈتۈنلەي دېگۈدەك غەرب تەرەپ بىلەن غەربىي شىمال تەرەپكە قارىتىلدى. شۇنداقتىمۇ ئەمەلىي دالا ئۇرۇشىغا سەپ تۈزۈلگەندە، كۆپىنچە يەنىلا مەيمەنە، قەلب، مەيسەرەدىن ئىبارەت ئۈچ يول بويىچە ئىش قىلىناتتى. بۇنداق سەپ تۈزۈش شەكلى ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ھالدا قورشاپ ئوۋ قىلىش شەكلىدىن كەلگەن بولغاچقا، بۇنىڭغا كۆچمەن چارۋىچى مىللەت قوشۇنلىرى ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. مەسىلەن، باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى (762) «ئاقساقال لوتارقان 2000 دىن ئارتۇق ئاتلىقنى باشلاپ» تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سانغۇنى گوزيىغا تەسلىم بولغاندا «ئۇيغۇرلار سول ۋە ئوڭ قانات بولۇپ، ھەرقايسىسى بىرنەچچە يۈز ئادەم بىلەن ئاستا-ئاستا كىرىپ كەلگەنىدى»㊸. ئون سان بويىچە سەپلەش ئۇسۇلى قوماندانلىق ئەترەتلىرىنىڭ ئون بېشى، يۈز بېشى، مىڭ بېشى مەسئۇل بولۇش قۇرۇلمىسى ئاساسىدا تەشكىللەنگەنلىكىنى كۆزدە تۇتاتتى. بۇ يەردىكى تۈمەن بېشى ئېھتىمال شادقا تەڭ بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردىكى بايانچۇر خاقان بىر چاغلاردا مىڭ بېشى بولۇپ باققانىدى.

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بارگاھ قۇرۇپ توختىغان چاغدا، كۆپىنچە ئايلانما گازارما تەييارلايتتى، بۇ موڭغۇللاردىكى كۈلتىڭگە ئوخشايتتى. تامىم. بىنىنى. بەھرال مۇتتاۋى ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ئايلانما گازارمىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى تەپسىلىي تەسۋىرلىگەنىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خاقان ياكى ئاقساقاللارنىڭ چېدىرى ئۆيى قاق ئوتتۇرىدا بولاتتى، قالغان چېدىرلار يۇمىلاق چەمبەر شەكلىدە تۆت تەرەپنى قورشايتتى. بۇ خىل ئايلانما گازارما ئادەم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ يا كىچىك، يا چوڭ بولاتتى. خاقان تۇرۇشلۇق جايدىكى ئايلانما گازارما 10 مىڭدىن كۆپ ئادەمدىن تەركىب تاپاتتى، ئات ۋە باشقا چارۋىلارنىڭ ھەممىسى ئايلانما گازارما ئىچىدە بېقىلغاچقا، قېچىپ كېتەلمەيتتى㊹.

بۇ قوشۇن ئاساسەن ئاددىي پۇقرالاردىن تەشكىللىنەتتى، لېكىن ئۇنىڭدا ئاز ساندىكى قۇللارمۇ بولاتتى. خوجايىنلار جەڭگە ئاتلانغاندا، بۇ قۇللار ئۆز ئىگىلىرى بىلەن بىللە مىنىپ، خوجايىنىنى قوغداشقا مەسئۇل بولاتتى، مال-چارۋىدىن خەۋەر ئالاتتى، ئەگەر خوجايىنلار جەڭدە ئۆلۈپ-تارتىپ قالسا، قۇللار «ئۇنىڭ جەسىتىنى ئارتىپ ئېلىپ كېتەتتى». ئۇيغۇرلار يۈرۈش قىلغاندا، كۆپىنچە ھاللاردا «خوتۇن-بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭاتتى». مەسىلەن، باۋيىگىنىڭ تۇنجى يىلى، ئۇيغۇرلاردىن بۆكۈ خاقان جەنۇبقا قوشۇن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ماڭغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئىشلىرى نازارەتچىسى ياۋزىياڭ «ئۇلارنىڭ قىران ئەرلىرىنى ئوغرىلىقچە ساناپ، ئۇلارنىڭ 4000 ئىكەنلىكىنى، قېرى-ياش، قىز-چوكانلارنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا 10 مىڭدىن ئارتۇق كېلىدىغانلىقىنى، جەڭ ئاتلىرىنىڭ 40 مىڭ ئىكەنلىكىنى، كالا-قويلارنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى» بىلگەنىدى ㊺. ئەگىشىپ ماڭغان قېرى-ياش قىز-چوكانلار مال-چارۋىدىن ۋە گازارمىدىن خەۋەر ئالاتتى، ئېلىپ ماڭغان كالا-قويلار ھەربىي تەمىنات ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، تاڭ زېمىنىدىكىلەر ئۇلارنى «ئوت-چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىدۇ، قوي ۋە ئاتلارنى ھەربىي تەمىنات قىلىدۇ. . . كېچە-كۈندۈز جىسەكچىلىك قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولمايدۇ، قاشا سوقۇپ، ئاش توشۇيمەن دەپ جاپا چەكمەيدۇ» دېگەنىدى㊻.

ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ ماھارىتى ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ چەبدەسلىكى ۋە چاققانلىقىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى. ئۇلار جەڭ قىلغاندا ئاجايىپ ماھارەتلەرنى كۆرسىتەتتى. يەنى ئاز ساندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ دۈشمەن قوشۇنى ئىچىگە ئېتىلىپ كىرەتتى، دۈشمەننىڭ سېپىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەندىن كېيىن، چوڭ قوشۇن يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى-دە،

دۈ[illegible]لەرنى تارمار قىلاتتى، ئاندىن ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ يوقىتاتتى. كەييۈەنىنىڭ 4-يىلى (716) ئۇيغۇرلار تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا كېيىنكى تۈركلەر بىلەن جەڭ قىلغاندا، مۇشۇ خىل تاكتىكىدىن پايدىلانغانىدى㊼. جېنگۇەنىنىڭ تۇنجى يىلى (627)، ئۇيغۇرلارنىڭ سەركەردىسى پۇساد 5000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن تۈركلەرنىڭ 100 مىڭ ئادىمىنى يەڭگەن چاغدىمۇ، مۇشۇ خىل ئارام ئالغۇزماي قوغلاش تاكتىكىسىنى قوللانغانىدى. يەنە مەسىلەن، باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى، ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى لوياڭدا توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى شى چاۋيىنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇنى تاكى خېبېيغىچە 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق قوغلاپ، «كاللىسىنى ئېلىپ، ئاندىن قايتىپ كەلگەنىدى»㊽. بۇ خىل تاكتىكىنى كېيىنچە موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى داۋاملىق قوللاندى. «قارا تاتارلارنىڭ ئايرىم ئىشلىرى» دا، بۇ خىل جەڭ ئۇسۇلى نىسبەتەن تەپسىلىي خاتىرىلەندى㊾.

ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ يەنە بىر تاكتىكىسى ئاۋۋال جىم تۇرۇپ، ئاخىرىدا ئەدىبىنى بېرىش ئىدى. دۈشمەنلەر ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي كۈچى ئايلىنىپ بېرىپ دۈشمەنىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ياكى ئۇلارنىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز زەربە بېرەتتى. مەسىلەن، جىندېنىڭ 2-يىلى (757) تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرغاندا، چاڭئەننىڭ يېنىدىكى شياڭجى ئىبادەتخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭ بىلەن كېيىنچە ئېلىپ بېرىلغان شىندىيەندىكى جەڭ دەل مۇشۇ خىل تاكتىكىنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ㊿. يەنە مەسىلەن، باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى (762) دىكى خېيالىڭ جېڭىدە، تاڭ قوشۇنلىرى ئۇدۇل تەرەپتىن سەپ بولۇپ، «ئۆزىنىڭ لەپىلدەپ تۇرغان تۇغ-ئەلەملىرى بىلەن سەپنى توسۇۋالدى»، ھالبۇكى، ئۇيغۇر

ئاتلىق ئەسكەرلىرى «جەنۇبىي تاغنىڭ قاپتىلىدىن ئۆتۈپ سەپنىڭ كەينىدە پەيدا بولدى، ئىككى قوشۇن توغ-ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ بىر-بىرىگە ئېتىلدى، ئۇيغۇرلار سەپنىڭ ئىچى-تېشىدىن تەڭ زەربە بېرىپ، بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئۇلارنى تۇگەشتۇردى، دۈشمەنلەردىن نەچچە ئون مىڭ ئادەم ئۆلدى» ⑤① .

ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ يەنە بىر تاكتىكىسى ئۆز دۈشمەنلىرىگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ئىدى. مەسىلەن، تيەنباۋنىڭ 10-يىلى (751) ئۇيغۇرلاردىن بايانچۇر خاقان قىرغىزلارنىڭ ئىتتىپاقداش قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاۋۋال جىم تۇرۇپ، كېيىن ئەدىبىنى بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانماقچى بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن قوشۇننى باشلاپ شىمالغا قاراپ ماڭدى، ئىرتىش دەرياسىدىن تۇيدۇرماي ئۆتۈپ، قىرغىزلارغا تۇيۇقسىزلا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى يەڭدى⑤② . ئۇيغۇرلار كېيىنكى تۈركلەر ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا، تۈركلەرنىڭ قارارگاھىغا پات-پات تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار مەلۇم بىر قېتىمدا، تۈركان خاتۇننى ۋە بىرقانچە مەلىكىنى ئەسىر ئېلىشقا تاس-تاس قالغانىدى⑤③ .

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى جەڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن دائىم دېگۈدەك چاققان ئايغاقچىلارنى ۋە ئالدىنقى پىدائىي قىسىملارنى ئالدىدا مېڭىشقا ئەۋەتەتتى. ئۇلار ھەتتا دۈشمەن قەبىلە ۋە رايونلاردا ئايغاقچى ئىشلىتەتتى ۋە دۈشمەن ئەھۋالىدىن ئۇدۇللۇق خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى⑤④ .

ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىمۇ شىمالدىكى باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە ئوخشاش، كۈز ۋە قىش پەسلىنى قورال كۈچى ئىشلىتىدىغان «ئوبدان پەسىل» قىلىپ تاللايتتى. يايلاقتىكى ئاتلار كۈز پەسلىدىن كېيىن تازا كۈچلىنەتتى، ئەتىيازدىن كېيىن بولسا ئاجىزلىشىپ،

جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۇيغۇرلار سوغۇققا چىدامىلىق، ئەكسىچە ئىسسىققا چىدىمايدىغان» بولغاچقا، ئۇلار كۆپىنچە كۈز پەسلىدە جەڭگە چىقاتتى، ئەتىياز كېلىشى بىلەن تەڭ جەڭنى توختىتاتتى. ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى دالا جېڭىگە ماھىر ئىدى، قەلئە-خەندەكلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئانچە ماھىر ئەمەس ئىدى، تېز ھۇجۇمغا ماسلىشالايتتى، لېكىن ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان جەڭدە قىيىنلىپ قالاتتى. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ جەنۇبتىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىشقا چەكلىمە پەيدا قىلىپ قويسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يايلاقتىكى ئۇچرىغانلا دۈشمەننى كۆكۈم-تالقان قىلىۋېتىدىغان جەڭگىۋارلىقىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەرەب ساياھەتچىسى تامىم. بىننى. بەھرال مۇتتاۋى: «بارلىق تۈركىي قەبىلىلەر ئىچىدە ھېچقايسى قەبىلە ئۇلاردەك كۈچلۈك ئەمەس. ئۇلار قارلۇقلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندا، 100 ئادەم بىلەن قارلۇقلارنىڭ 1000 ئادىمىگە تەڭ كەلدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇلار ھەرقانداق جەڭدە غەلىبە قىلماي قالمايدۇ» دېگەنىدى⑮.

## 3. گۈللەنگەن سودا

X Ⅵ ئەسىردە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز قاتناش لىنىيىسى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، ئىككى تەرەپنىڭ بېرىش-كېلىشى قۇرۇقلۇقتىكى قاتناشنى ئاساس قىلدى. جۇڭگودىن ئوتتۇرا ئاسىياغا، غەربىي ئاسىياغا، تاكى ياۋروپاغا قەدەر بولغان بۇ يول، چوقۇم ياۋروپا-ئاسىيادىكى چوڭ يايلاقنىڭ بىر قىسمى ياكى پۈتۈن قىسمىدىن ئۆتۈشى لازىم ئىدى، شۇ

سەۋەبتىن موڭغۇل دالاسىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش-كېلىشنىڭ ۋاستىچىسى سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. بۇنداق ۋاستىچىلىك رول يالغۇز ئۇلار تۇرغان جۇغراپىيىلىك ئورۇنغىلا ئەمەس، بەلكى بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگىمۇ باغلىق ئىدى. كۆچمەن چارۋىچىلىق نىسبەتەن ئىپتىدائىي، نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئىدى. مەھسۇلاتتىكى نوقۇللۇق «كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى دائىم مال ئالماشتۇرۇشقا، سودىگەرلەرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا زورلايتتى». ئۇلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تېرىقچى مىللەتلەردە بولىدىغان تېرىقچىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، سودىنى چەكلەيدىغان ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ ئەكسىچە «سودا روھى ۋە سودا كاپىتالىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالاھىدىلىكلىرى بار ئىدى»[56]. شۇ سەۋەبتىن «پۇل فورماتسىيىنى ئەڭ بۇرۇن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر راۋاجلاندۇردى»[57]. ئۇلار مال ئالماشتۇرۇش ۋە ۋاستىلىك سودا بىلەن، يالغۇز مال-بايلىققا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى غايەت كۆپ پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىشتى. قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئات ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، سودا بولماي تۇرۇپ گۈللىنىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىختىن بۇيانقى يايلاقتا ھۆكۈم سۈرگەن خاقانلىقلار سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئۇيغۇر خاقانلىقىمۇ تەبىئىيكى بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى.

ئۇيغۇرلار ئۆز ئەتراپىدىكى دۆلەت ياكى قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن سودا ئالاقىسى ئورناتتى. تېخى تۈرك خاقانلىقى مەزگىلىدىلا قىتان ۋە قۇمۇق قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن موڭغۇل دالاسى ئارىسىدا بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغان كارۋان بار ئىدى، ئۇيغۇر خاقانلىقىغا كەلگەندە، بۇ خىل بېرىش-كېلىش ئەلۋەتتە

توختاپ قالمايتتى. گەرچە مال ئالماشتۇرۇش تەپسىلاتى تارىخىي كىتابلاردا كەم يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن پارچە-پۇرات تارىخى ماتېرىياللاردىن قوغۇن-تاۋۇز، ئۇيغۇر پۇرچاقلىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن قىتانلارغا تارقالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى(58). «قىتانلار مەززە قىلىپ يەيدىغان (چوڭ بېلىق، بايقال كۆلىدىن چىقاتتى» (59). قىتانلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خىراج قىلىپ تاپشۇرىدىغان «ئاق داكا» غەربىي يۇرتنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى، بۇلار ئەلۋەتتە موڭغۇل دالاسى ئارقىلىق توشۇپ كېلىنەتتى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىدا تۆمۈر تاۋلاش كەسپى ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى، خاقانلىقنىڭ پايتەختىگە بارغان تامىم. بىننى. بەھرال مۇتتاۋى بۇ شەھەردە غايەت زور 12 تۆمۈر دەرۋازىنىڭ بارلىقىنى يازغانىدى(60). ئۇيغۇرلار قۇرغان شەھەر خارابىلىرىدىن، ھېلىھەم تۆمۈر تاۋلاش مانۇفاكتۇرلىرىنىڭ ئىزناسىنى ۋە ساپان، قىلىچ، نەيزە قاتارلىق تۆمۈر قوراللارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ تۆمۈر تاۋلاش كەسپىگە لازىملىق خام-ئەشيالارنىڭ خېلى بىر قىسمى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تۆمۈر كېنىدىن ۋە كۆسەن، بۇغدا تېغى، ئىسسىقكۆل قاتارلىق جايلاردىن چىقاتتى. ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن ئىلگىرى بۇ رايوندىن چىقىدىغان تۆمۈر قۇملۇقنىڭ شىمالىغىچە ئېلىپ بېرىلغانىدى. مەسىلەن، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا «يامغۇر ياغقان چاغلاردا تۆمۈر تاپقىلى بولاتتى، ئۇنى كاسا دەيتتى، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن ئۆتكۈر قورال ياساشقا بولاتتى، دائىم دېگۈدەك تۈركلەرگە سېتىلاتتى» (61). تەڭرىتېغىنىڭ غەربىدىكى ئىسسىقكۆلدىن تۆمۈر چىقىدىغان بولغاچقا «تۆمۈر دېڭىزى» دەپ ئاتىلاتتى. غەربىي يۇرتتىكى كۆسەن، قۇجۇدىكى شىمالىي تاغنىڭ ھەممىسى تۆمۈر چىققانلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى ھەممىدە «ھەر يىلى تۈركلەرنى تۆمۈر بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى» (62). ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تۆمۈر تاۋلاش كەسپى

تۈركلەرنىڭكىدىن قېلىشمايتتى، شۇڭا بۇ رايوندىكى تۆمۈر ۋە تۆمۈر رۇدىلىرى، تەبىئىيكى سودا شەكلى بىلەن ئۇيغۇرلارغا يېتىپ كېلەتتى. قىرغىزلاردىن چىقىدىغان تۆمۈر موڭغۇل دالاسى ئارقىلىق قىتانلار بىلەن تاتارلارغىچە توشۇلاتتى[63]. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە سۇنىدىغان بۇيۇملىرى ئىچىدە، كۆپىنچە ئاق قات (ئاق ماتا) ۋە سۆسەر تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلار بولاتتى. ئاق ماتا غەربىي يۇرتتىن چىقاتتى، سۆسەر تېرىسى ئاساسلىقى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى توباسلار، پومارلار ۋە قىرغىزلاردىن چىقاتتى. تازىك (ئەرەب ئىمپېرىيىسى) تىن چىقىدىغان پارس دۇردۇنى قاتارلىق بۇيۇملارمۇ يايلاققا ئېلىپ بېرىلاتتى[64]. بۇلار پەقەت پارچە-پۇرات خاتىرىلەر بولۇپ، ئەمەلىي سودا ئەھۋالى مۇقەررەر يوسۇندا بۇنىڭدىن مول ئىدى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاساسلىق سودا ئوبيېكتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بولۇپ، بۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارمۇ خېلى تەپسىلىي ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇيغۇرلارغا كىرگۈزۈلىدىغان توپ ماللار ئاساسلىقى يىپەك، ئاشلىق، تۆمۈر قورال-سايمان، ئالتۇن-كۈمۈشتىن سوقۇلغان بۇيۇملار ۋە چاي قاتارلىقلار ئىدى؛ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىدىغانلىرى ئات، كالا، قوي، تۆگە ۋە سۆسەر تېرىسى قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلاتتى. سودا ئاساسەن بازار، سوۋغا-سالام، تويلۇق سېلىش ۋە ئىنئام قىلىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن ئاۋامنىڭ ھەممىسى سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى، لېكىن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ سودىسى ئاساس ئىدى. ئۇيغۇرلار گەرچە ئات ئۈستىدىكى مىللەت ھەمدە سودىدىكى تەجرىبىسى كەمچىل مىللەت بولسىمۇ، بىراق خاقانلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن زور تۈركۈمدىكى توققۇز غۇزلار بار ئىدى. توققۇز غۇزلار سودىغا ئىنتايىن ماھىر

بولغاچقا، ئۇيغۇر خاقانلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئۇلارغا ئىشىنىپ، سىرتقا قارىتا ئېلىپ بارىدىغان سودىدىكى چوڭ ھوقۇقنى ئۇلارغا بەرگەن ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنى بۇ خىل سودا ئىشلىرىدا پاسسىپ ۋە زىيان تارتمىدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئۇيغۇرلار توققۇز غۇزلارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىلىق، سودىگەرچىلىكنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندى ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ پايدا ئالدى. يالغۇز چاڭئەنگە يىغىلغانلارنىڭ ئۆزىلا نەچچە مىڭ ئادەم ئىدى. بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۆچى غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناشتا موڭغۇل دالاسىدىكى بىرلا يول قالغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىلىك سودىنى ئۆزى مونوپولىيە قىلدى. ئۇيغۇر سودىگەرلەر غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان قاشتېشى، دورا-دەرمەك، ئاق ماتا، كاھىش، نۈشۈدۈر قاتارلىق ماللارنى توشۇپ سېتىپ تازا بېيىدى. ئۇلار چاڭئەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە «مەبلەغ كۆپەيتىپ، (تەكىيخانا) مېھمانخانا ئاچتى، دۇكان سالدى. پايدا-مەنپەئەتنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشتى»⑥⑤. ئۇلارنىڭ سودا كاپىتالى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، ھەتتا بەزىلەر چاڭئەندە ھەددىدىن زىيادە چوڭ جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللاندى⑥⑥. بەزى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئادەملەردەك كىيىنىپ»، «قىز-چوكانلارنى ئازدۇردى»، بالا-چاقىلىق بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆي-ئوچاقلىق بولدى ۋە ئۇزۇنغىچە قايتىپ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ ئادەم سانى كۆپىيىپ كەتكەن ۋە تەسىرى زورايغان بولغاچقا، تاڭ ھۆكۈمىتى ئاشكارا بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى چەكلەشكە مەجبۇر بولدى⑥⑦.

ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىدە ئات بىلەن يىپەك سودىسىنىڭ تەسىرى ھەممىدىن چوڭ

ئىدى. بۇ سودىنىڭ كۆلىمى ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە داۋاملاشقانلىقى، ئوتتۇرا ئوزلەڭلىك بىلەن شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بېرىش-كېلىش تارىخىدا مىسلىسىز بولدى. ئات بىلەن يىپەك سودىسىنىڭ گۈللىنىشىدە، كۆپ تەرەپلىمىلىك سەۋەبلەر بار ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سودىگەر مىللەت بولغان توققۇز غۇزلار موڭغۇل دالاسىدا ئىزچىل رەۋىشتە توختىماي باردى-كەلدى قىلدى، ئۇلار تۈرك خاقانلىقى مەزگىلىدە يايلاقنىڭ مەركىزىي جايلىرىغا كۆپ تۈركۈمدە ئورۇنلاشتى⑱. تيەنباۋنىڭ 10-يىلى (751) تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توققۇز غۇز شەھەر-قەلئە دۆلەتلىرى ئەرەب ئىمپېرىيىسى (ئابباسىلار) تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. ئەرەبلەرنىڭ ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىشى، بۇلاش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش سىياسىتى توققۇز غۇزلارنى شەرقكە قاراپ قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. توققۇز غۇزلار موڭغۇل دالاسىغا يۆتكىلىپ كەلدى، نەتىجىدە ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى توققۇز غۇزلار بۇرۇنقى دەۋرلەرگە قارىغاندا خېلى كۆپەيدى، بۇ ئەھۋال خاقانلىقتىكى سودىگەرلەر گۇرۇھىنىڭ تەسىرى زورىيىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى كېلىپ چىقتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى، بېشبالىق ۋە خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى قوشۇنلىرى شەرقكە يۆتكەلدى، تىبەتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تارىم ئويمانلىقى ۋە كەڭسۇدىكى لۇڭيۇ رايونلىرىغا كىردى. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى سودا يولى ئۈزۈلۈپ، يىپەك يولى شىمالغا بۇرۇلدى، سودىگەرلەر ئۇيغۇر خاقانلىقى ئارقىلىق جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا بارالايدىغان بولۇپ قالدى. دېمەك، ئۇيغۇرلار كارۋان يولىنى تىزگىنلەپ، يىپەك سودىسىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن خاقانلىقتىكى سودىگەرلەر گۇرۇھى تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى ۋە يىپەك يولىنىڭ

شىمالغا بۆرۈلۈشى، ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئات، يىپەك سودىسىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن باشقا ئات، يىپەك سودىسىنى كېڭەيتىشتە تاڭ سۇلالىسى تەرەپتىمۇ بەزى سەۋەبلەر بار ئىدى.

ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن ئىلگىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتچىلىقى تازا راۋاجلانغانىدى. لىندې يىللىرى (664—665) بېقىلىۋاتقان ئاتلار ھەممىسى بولۇپ «706 مىڭ تۇياقتىن كۆپ ئىدى». كېيىنچە ئۇرۇش-جېدەللەرنىڭ خورىتىشى بىلەن ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن بىر يىل بۇرۇن «بېقىلىۋاتقان يىلقىلار 325 مىڭ 709 تۇياقتا، كارغا كېلىدىغان ئاتلار 200 مىڭ 80 تۇياقتا چۈشۈپ قالدى»[69]. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە، قوشۇندىكى ئەسكەرلەر بىلەن جەڭ ئاتلىرىنىڭ نىسبىتى ئادەتتە ئالتىدە بىردىن ئۈچتە بىرگىچە ئىدى. (ئات ئاز قالغان چاغلاردا ئالتىدە بىر، جەڭگە ئاتلىنىدىغان چاغدا ۋاقتىنچە ئۈچتە بىر) بولاتتى. ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن ئىلگىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ 600 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. ۋەزىپىدىكى جەڭ ئاتلىرى 150 مىڭ بولغاندا، ئاندىن قوشۇننىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى. لېكىن ئاتنى ئادەتتە تۆت ياشقا كىرگەندىن كېيىن مىنگىلى بولاتتى، ئون ياشتىن ئۆتكەندە بارا-بارا كۈچىدىن كېتىپ، جەڭگە يارىمايدىغان بولۇپ قالاتتى. شۇڭا بۇ ئاتلار تاڭ سۇلالىسىدىكى ئاتچىلىق تازا گۈللەنگەن چاغدا يېتەرلىك بولغىنى بىلەن، لىندې يىللىرىدىن كېيىن، ئاتچىلىقنىڭ ئاستا-ئاستا ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ تولۇق يەتمەيدىغان ھالەت يۈز بەردى. مۇشۇ سەۋەبتىن تۈرك، قىتان، تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىن ئات سېتىۋېلىش بىردەممۇ توختاپ قالمىدى[70]. جەڭگە چىقىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ قالغاندا، ئۇلار ناھايىتى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ ئات سېتىۋالىدىغان بولدى[71].

ئۆزلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن «ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىكى ئاتلار تۈگىدى، ئاتچىلىقنى نازارەت قىلىدىغانلار ۋە يەتتە ئورۇندىكى ئاتچىلىق مەيدانى ئەمەلدىن قالدى»⑫. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تاڭ سۇلالىسىگە لازىم بولىدىغان ئاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى سىرتتىن ئېلىپ كېلىنىدىغان بولدى. ھالبۇكى ئىچكى نىزا، تاشقى ئاپەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىشى، ئات بېقىش كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشى، ئاتقا بولغان ئېھتىياجنىڭ تېز سۈرئەتتە كۈچىيىشى، ئالدىنقى سەپتىكى ئات كەمچىل بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللار تارىخىي كىتابلاردا ناھايىتى كۆپ خاتىرىلەندى⑬. مۇشۇ ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئاتلىرىنى زور مىقداردا سېتىۋېلىپ، قوشۇننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر بولۇپ قالدى.

تاڭ سۇلالىسى قوشۇننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئاتلىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولدى، ھالبۇكى ئۇيغۇرلار يىپەك يولىنى ئىزگىنلىۋالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئېرىشمۇ كۆپ يىپەك ئېلىپ غەربكە يۆتكەپ سېتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇ خىل ۋەزىيەت باشتىن-ئاياغ ئۆزگەرمىدى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ زور كۆلەمدىكى ئات، يىپەك سودىسىمۇ 80 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. تاڭ سۇلالىسى ئىچكى جەھەتتە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ تۇرۇپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشقا، دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ، تىبەت خاقانلىقىغا تاقابىل تۇرۇشقا موھتاج ئىدى. ئىچكى-تاشقى شەرت-شارائىت تۈپەيلى، ئىككى تەرەپ سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا بىر-بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. لېكىن ھەمكارلىق ئانچە ئوڭۇشلۇق ئەمەس ئىدى، زىددىيەتمۇ باشتىن-ئاخىر مەۋجۇت ئىدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي

جەھەتتىكى زىددىيەتنى ئاساسلىقى ئات باھاسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىدىكى تالاش-تارتىشتا ئىپادىلىنەتتى.

ئۆتلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، تاڭ ھۆكۈمىتى «باج-خىراج تۆلەيدىغان تۇتۇنلەرنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى قىسقارتتى»[74]، لېكىن باقىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى، تاڭ مۇزۇڭ (821—824) نىڭ ۋاقتىدا ئەسكەرلەر 990 مىڭغا يەتتى[75]، ھالبۇكى يىپەك چىقىدىغان ئاساسىي رايونلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تەيرىقچىلىك قىلىۋاتقان قارام ئەل قەلئەلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى[76]. ھەر يىلى ئاتنىڭ باھاسىغا سۇندۇرۇپ چىقىم قىلىدىغان زور مىقداردىكى يىپەكتىن ئىبارەت بۇ يۈكنى تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۆتۈرەلىگۈچىلىكى يوق ئىدى. ئۇيغۇرلار بولسا توققۇز غوزلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا غەرب تەرەپكە يىپەك يۆتكەپ سېتىش سودىسىنى تازا ۋايىغا يەتكۈزدى ھەمدە ئىنتايىن كۆپ پايدا ئالدى، بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ئاتچىلىق ئۈكسۈمەي داۋاملاشتى. ئۇلار تېخىمۇ كۆپ يىپەككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئات، يىپەك سودىسىنى كېڭەيتتى، جەنۇب تەرەپتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىدىغان ئاتلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى، بۇنىڭغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ مالىيىسى بەرداشلىق بېرەلمىدى. مۇشۇ سەۋەبلەرگە ئاساسەن، ئىككى تەرەپ ئالماشتۇرىدىغان مالنىڭ مىقدارى ۋە ئاتنىڭ باھاسى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۇزۇنغىچە كېلىشەلمەي يۈردى. بۇ تالاش-تارتىشتا ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن ھەرگىز يانمىدى، لېكىن تاڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، مالىيىدىكى مەسىلىدىن باشقا، تېخىمۇ كۆپرەك باش قاتۇرمىسا بولمايدىغان ھەربىي، سىياسىي جەھەتتىكى ئاقىۋەتمۇ بار ئىدى. نەتىجىدە ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

زور كۆلەمدىكى ئات، يىپەك سودىسى تاڭ سۇزۇڭدىن باشلانغانىدى. تارىختىمۇ ئۇيغۇرلار «ھەر يىلى 100 مىڭ تۇياق ئات ئېلىپ كېلەتتى»[77]، «بىر تۇياق ئاتقا 40 تەپكە يىپەك تېگىشەتتى»[78] دەپ يېزىلغانىدى. ئەگەر ھەر يىلى 100 مىڭ تۇياق ئات ئېلىپ كېلىنسە، ئۇنىڭغا 4 مىليون تەپكە يىپەك تېگىشكىلى بولاتتى. بۇ سان بەك چوڭ سان ئىدى، روشەنكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇنچىۋالا نەرسىنى چىقىم قىلىشقا مادارى يەتمەيتتى. تارىخىي كىتابلاردىكى ھەر خىل خاتىرىلەرگە ئاساسەن تەھلىل قىلغاندا، ھەر يىلى بازارغا كىرىدىغان ئات 5000-6000 تۇياقتىن 10 مىڭ تۇياققىچە دەپ مۆلچەرلەشكە بولاتتى. 80 يىل ئىچىدە، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10-20 مىڭ تۇياق ئۆپچۆرىسىدە ئات سودىسى بولغانىدى[79]. بۇنچىلىك سان قوشۇنلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمىغان بولغاچقا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىدا ئات يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ئىزچىل رەۋىشتە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب ئىدى. سۇي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدە ئات بىلەن يىپەكنىڭ باھاسى مۇقىم ئەمەس ئىدى، باھا ئەزەلدىنلا تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلەتتى. سۇي سۇلالىسى دايېنىڭ 6-يىلى (610) سۇي ياڭدى كورىيىگە قوشۇن تارتىدىغان چاغدا، «ھاللىق ئائىلىلەر جەڭ ئاتلىرىنى سېتىۋالسۇن، ھەربىر تۇياق ئات 100 مىڭ پۇل دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن»[80] ئىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر تۇياق ئاتنىڭ نەرخى 100 تەپكە يىپەك بولغانىدى[81]. تاڭ سۇلالىسىنىڭ لىندې يىللىرىدا ئاتچىلىق تازا ئەۋج ئالدى، «شۇ چاغلاردا ھەممە يەردە دېگۈدەك بىر تەپكە شايىغا بىر تۇياق ئات تېگىشكىلى بولاتتى»[82]. كېيىنچە ئاتچىلىق ئاجىزلىدى، كەييۈەن يىللىرى تاڭ سۇلالىسى بىلەن

تۆركلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ئاتنىڭ نەرخى ئۆرلەپ 40 تەڭگە يىپەككە چىقتى[83]. دەيزوڭنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە (762—780) ئاتنىڭ نەرخى تۆۋەنلەپ ئون تەڭگە ئەتراپىدىكى يىپەككە چۈشۈپ قالدى[84]. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە 40 تەڭگىگە كۆتۈرۈلدى[85]. تاڭ سۇلالىسى ۋېندزوڭنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە (827—840)، ئاتنىڭ نەرخى يەنە بىر قېتىم چۈشۈپ 20 تەڭگە ئەتراپىدا بولۇپ قالدى[86]. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتچىلىقى ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كەلدى، ئات بازىرىدا تاللاپ ئېلىشقا بولىدىغان بولدى، مۇشۇ تۈپەيلى بىر ئاتنىڭ نەرخى يەنە بىر مەرتىۋە بىر تەڭگە يىپەككە چۈشتى[87].

ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى كەڭ بولغاچقا، ئاتمۇ ناھايىتى كۆپ چىقاتتى. ھالبۇكى تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يىپەك ماللىرى چەكلىك ئىدى، ھەر يىلى سېتىۋالىدىغان 10-20 مىڭ تۇياق ئاتنىڭ پۇلىنى تۆلەش تەس كەلگەچكە، دائىم دېگۇدەك قەرزدار بولۇپ قالاتتى، لېكىن ئۇيغۇرلار بۇنىڭغا قانائەت قىلمايتتى. ئۇلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېخىمۇ كۆپ يىپەك مالغا ئىگە بولۇشنى ئويلايتتى ھەمدە بىر ياقتىن تاڭ سۇلالىسىدىن تېخىمۇ كۆپ ئات سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلاتتى، يەنە بىر ياقتىن تاڭ سۇلالىسىنى ئاتنىڭ نەرقىنى ئۆستۈرۈشكە مەجبۇرلايتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىنى قوغداشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاتنىڭ باھاسىنى نورمال باھادىن ئارتۇق قىلىپ تۆلەيتتى، باھا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بىر تۇياق ئاتنىڭ باھاسى 50 تەڭگە يىپەك بولاتتى[88].

ئۇيغۇرلار ئات، يىپەك سودىسىدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە پايدا تاپتى. جىدېنىڭ تۇنجى يىلىدىن (756) غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇنقى 80 يىل ئىچىدە، ئۇلار تاڭ سۇلالىسىگە 1 مىليوندىن ئارتۇق ئات ساتتى، 20 مىليون

تەپكىدىن كۆپ يىپەك مالنى ئېلىپ كەتتى. ئۇيغۇرلاردا ئاز
ساندىكى ئاقسۆڭەكلەر يىپەك رەختتىن كىيىم كىيگەندىن باشقا،
ئادەتتىكى چارۋىچىلار «تېرە يېپىنىپ، گۆش يەپلا تۇرمۇش
كەچۈرەتتى». مۇشۇ سەۋەبلەر بىلەن، يۇقىرىدىكى يىپەك
ماللارنىڭ كۆپ قىسمى غەربتىكى ئەرەبلەر يۇرتىدا، ھىندىستاندا
سېتىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا ئايلىنىپ رىمغىچە باردى. شەرقىي خەن
ۋاقتىدا، جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى رىمنىڭ بازىرىدا ئالتۇن بىلەن
تەڭ باھادا سېتىلاتتى، يەنى بىر سەر ئالتۇنغا بىر سەر يىپەك
كېلەتتى. جۇڭگو يىپەكلىرىنىڭ بىرلىك مىقدارى 25 سەر
ئېغىرلىقتا ئىدى. ئۇنىڭغا 25 سەر ئالتۇن سېتىۋالغىلى بولاتتى.
مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ھەر يىلى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھېچ
بولمىغاندا 5000 كىلوگرامدىن كۆپرەك ئالتۇنى ئەرەبلەرگە ۋە
جۇڭگوغا ئېقىپ كېتەتتى[89]. گەرچە VI ئەسىردىن باشلاپ پىلە
بېقىش ھۈنىرى تەدرىجىي يوسۇندا غەرب ئەللىرىگە يېتىپ بارغان
بولسىمۇ، لېكىن يىپەكنىڭ باھاسىدا روشەن تۆۋەنلەش كېلىپ
چىقمىدى. VI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى شەرقىي رىمدا، ھۆكۈمەت
تەرەپ مەسئۇل بولۇپ قاراڭغۇ بازاردىكى باھادىن خېلى تۆۋەن
قىلىپ بېكىتكەن يىپەك باھاسى، يەنىلا ھەر ئالتە يانسقا 24
ئالتۇن ياقۇت كېلىدىغان دەرىجىدە ئۈستۈن بولدى. مۇنداقچە
ئېيتقاندا، بىر تەپكە يىپەك مال بىر كىلودىن تۆت كىلوغىچە
ئالتۇنغا يارايتتى[90]. بىر سەر ئالتۇن تاڭ سۇلالىسىدە ئون سەر
كۈمۈشكە تەڭ ئىدى، ھالبۇكى بىر سەر كۈمۈش بىلەن بىر تەپكە
يىپەكنىڭ قىممىتى ئاساسەن تەڭ كېلەتتى[91]. شۇنىڭ بىلەن
يىپەك ماللار رىمنىڭ بازىرىغا بارغاندا 200 ھەسسە
قىممەتلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ ھۆكۈمىتى
ئوتتۇرىسىدىكى ئات، يىپەك سودىسىدا، ئاتنىڭ نەرخى كۆپىنچە
نورمال باھادىن ئېشىپ كېتەتتى. شۇڭا تاڭ سۇلالىسىدىن غەرب
ئەللىرىگە يىپەك يۆتكەپ بارغان ۋاستىچىلەر نەچچە يۈز ھەسسە

كۆپ پايدا ئالالايتتى. ئەلۋەتتە بۇ پايدىنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەب، پارس قاتارلىق يول بويىدىكى سودىگەرلەرگە قالاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارغا كېلىدىغان پايدىمۇ ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە ئىدى.

## 4. قاتناش ۋە شەھەر-بازارلار

### 1. قاتناش

يىپەك، ئات سودىسى ۋە غەرب ئەللىرىگە يىپەك مال سېتىشتىن كەلگەن غايەت زور پايدا تەدرىجىي يوسۇندا سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى ۋە ئۇنى خاقانلىق ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكىگە ئايلاندۇردى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلار كارۋان يوللىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى ۋە قوغداشنى كۈچەيتتى، خاقانلىقنىڭ ئىچى ۋە خاقانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ئارا، تەرەپ-تەرەپكە تۇتىشىدىغان قاتناش تورىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ قاتناش تورى ئىچىدە، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كېلىدىغان كارۋانلار، ساياھەتچىلەر، خەۋەرچىلەر، يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئوتلاقتىن ئوتلاققا كۆچۈپ يۈرگەن چارۋىچىلار، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى، جەڭگە ماڭغان قوشۇنلار، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كەلگەن مەلىكىلەرنى ئۇزاتقۇچىلار ۋە كۈتۈۋالغۇچىلار قوشۇنى ھەرىكەت قىلدى. ئەلۋەتتە بۇ يولنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى قەدىمدىن تارتىپلا بار ئىدى، بەزىلىرى ھەتتا ئىرادىن بۇرۇنقى چاغدىلا مەۋجۇت ئىدى[92]. لېكىن ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن ئىلگىرى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنمىغانلىقتىن، بۇ يوللارنىڭ خېلى بىر قىسمىدىن پايدىلانغىلى بولمايتتى. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ يايلاقتىكى قاتناشنى بىر تۇتاش باشقۇرغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان

228

دوستانە مۇناسىۋىتى بۇ قاتناش تورىنىڭ باشتىن-ئاياغ توسالغۇسىز بولۇشىنى كاپالەتلەندۈردى. تەرەپ-تەرەپكە تۇتاشقان بۇ قاتناش تورى خاقانلىقنىڭ گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش چوڭ لىنىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش-كېلىشكىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، خېشى كارىدورى بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەنئەنىۋى يىپەك يولى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ۋە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش لىنىيىسى شىمالغا يۆتكىلىپ، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى بىلەن موڭغۇل دالاسىدىن ئۆتىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يايلاقتىكى ھېچكىمنىڭ كارى بولماي تاشلىنىپ قالغان بۇ يول، بىر دەمنىڭ ئىچىدە ۋاژىلداپ قايناپلا كەتتى. يايلاقتىكى بۇ يول دەل ئەنە شۇ مەشھۇر ئۇيغۇرلار يولى ئىدى. سودىنىڭ ئىقتىسادتىكى تۈۋرۈكلۈك ئورنى ئۇيغۇرلار يولىنى خاقانلىقنىڭ ھايات يولىغا ئايلاندۇردى. مۇشۇلار تۈپەيلى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن بۇ قاتناش لىنىيىسىنى قوغداش ۋە تىزگىنلەش ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى قاتناش تورى، ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار پايتەختىنى مەركەز قىلغان ھالدا ھەرقايسى تەرەپ بىلەن تۇتىشاتتى. جەنۇبقا ماڭىدىغان يول: تەڭرى خاقان يولىنى بويلاپ چۆمگەك بۇلاق ئارقىلىق چوغاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى ئۈچ تەسلىم شەھىرىگە، ئاندىن جېنۋۇ، تەييۈەن، پۇگۇەندىن ئۆتۈپ چاڭئەنگە باراتتى. يەنە بىر يول چۆمگەك بۇلاقتىن چىقىپ چوغاي تاغلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن غەربىي جەنۇبقا قايرىلىپ، قولان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قاپتىلىنى بويلاپ، تاڭ زېمىنىدىكى لىڭجۇ

ئايمىقى ئارقىلىق سەددىچىن سېپىلىغا كىرىپ، جەنۇب تەرەپ بىلەن چاڭئەنگە باراتتى. خەن دەۋرىدىكى جىلۇ قورغىنى (بۈگۈنكى دېڭكو ناھىيىسى) نىڭ شەرقىدە خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئوردوس رايونى ئارقىلىق چاڭئەنگە بارىدىغان يەنە بىر يولمۇ بار ئىدى. غەربكە بارىدىغان يول: بارىكۆل يايلىقى ئارقىلىق بېشبالىققا بېرىپ، ئاندىن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى بويلاپ غەربكە ماڭغاندىن كېيىن سۇيابقا يېتىپ باراتتى. يەنە بىر يول ئېرگىنە دەرياسىنىڭ شىمالىي چېگرىسى يەنى «جۇييەن يولى» بىلەن مېڭىپ، جۇييەن دەرياسىدىن ۋە مازۇڭشەن تېغىدىن ئۆتۈپ غەربىي جەنۇبقا قايرىلىپ، بارىكۆل يايلىقى ئارقىلىق بېشبالىققا باراتتى. شىمالغا بارىدىغان يول ئىككى ئىدى. بۇ يوللار ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھىدىن ئايرىم ھالدا شەرقىي شىمالغا ۋە غەربىي شىمالغا قايرىلىپ، بايقال كۆلىنىڭ شىمالىدىكى قۇرىدىقانلار بىلەن جىيەنخې دەرياسى ۋادىسىدىكى قىرغىزلار تۇرۇشلۇق جايغا باراتتى. شەرقكە بارىدىغان يول: قۇرۇلۇن دەرياسىنى ياقىلاپ، يايلاقنىڭ شەرقىدىكى بۈگۈنكى خۇلۇنبىر يايلىقى ئارقىلىق ھىنگان تاغلىرىدىن ئۆتۈپ تاتار قاتارلىق قەبىلىلەر رايونىغا باراتتى، يەنە چوغاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي قاپتىلىنى بويلاپ ئۇدۇل شەرقكە قاراپ مېڭىپ، قۇمۇق ۋە قىتان قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان خۇاڭشۇي رايونى (بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكى شىرا مولۇن دەرياسى) غا بارغىلى بولاتتى.

تۆۋەندە بىز نىسبەتەن مۇھىم بولغان بىر نەچچە يولنىڭ ئەھۋالىنى بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرىمىز:

بىرىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھىدىن چاڭئەنگە بارىدىغان ئەڭ مۇھىم يول تەڭرى خاقان يولى بولۇپ، بۇ يول جېنگۇەننىڭ 21-يىلى (647) تاڭ سۇلالىسى قوملۇقنىڭ شىمالىدا يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ «تەكلىپىگە ئاساسەن، شىمالدىكى دەشتكە ئۆتۈش

ئۇچۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبى، تۈركلەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قۇرۇلدى، 66 ئورۇندا پوچتا ئۆتەڭلىرى تەسىس قىلىندى ۋە بۇ يول تەڭرى خاقان يولى دەپ ئاتالدى»⑨③. ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھىدىن چىقىپ، تەڭرى خاقان يولىنى بويلاپ جەنۇبقا 1500 چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، خاقانلىقتىكى مەلىكە قەلئەسى، مېيجيەن قەلئەسى ھەمدە تالاس تېغى، چىيا، بالقاش كۆلى، ھۇنىي دەرياسى (بوگونكى ۋېڭجېن دەرياسى)، لۇمېن تېغى، مۇدۇلنىڭ چوققىسى قاتارلىق جايلار ئارقىلىق قۇملۇق بىلەن چۆل-جەزىرىدىن ئۆتۈپ، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى دەشت ئېغىز دېگەن يەرگە بارغىلى بولاتتى؛ دەشت ئېغىزنىڭ جەنۇبىغا ئون چاقىرىم يەر چۆمگەك بولاق بولۇپ، بۇ يەردىن شەرقىي جەنۇبقا 500 چاقىرىم مېڭىپ خۇيەن جىلغىسى ئارقىلىق چوغاي تاغلىرىدىن ئۆتكىلى بولاتتى، خۇيەن جىلغىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 80 چاقىرىم يەردە تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ تەسلىم شەھىرى بار ئىدى. بۇ شەھەردىن جەنۇبقا 1860 چاقىرىم مېڭىپ ئاندىن چاڭئەنگە بارغىلى بولاتتى. يا بولمىسا دەشت ئېغىزدىن جەنۇبقا 300 چاقىرىم مېڭىپ ئۈچ تەسلىم شەھىرىنىڭ غەربىگە بارغاندىن كېيىن، يەنە 1880 چاقىرىم يول بېسىپ چاڭئەنگە بارغىلى بولاتتى⑨④. ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئات يىپەك سودىسى كۆپىنچە مۇشۇ يول بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. تيەنباۋنىڭ 15-يىلى (756) دىن كېيىن، ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۆڭلۈك-سۈيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىككى قېتىم ياردەمگە كەلدى، شۇ چاغدىمۇ ئۇلار مۇشۇ يولدىن ئۆتۈپ، سەددىچىن ئارقىلىق چاڭئەنگە كىرگەنىدى. كەيچېڭنىڭ 5-يىلى (840) ئۇيغۇر خاقانلىقى بىتچىت بولغاندا، جەنۇبقا كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ دەل مۇشۇ يولنى بويلاپ دەشت ئېغىزدىن ئۆتكەن ۋە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، مىلادىدىن ئىلگىرى شىمالدىكى ھۇنلارنىڭ ئۇستىگە

ئاتالانغان غەربىي خەن قوشۇنلىرى مۇشۇ يول بىلەن ماڭغانىدى[95]. كېيىنچە تۈركلەرمۇ دائىم مۇشۇ يولدىن مېڭىپ جەنۇبقا چۈشكەنىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، تاڭ سۇلالىسى قوملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەر جەنۇبقا چۈشىدىغان يول بويىدا ئۈچ يەرگە تەسلىم شەھىرى قۇرۇپ، مۇداپىئەدە تۇردى. لېكىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ يولدىكى مەلىكە قەلئەسى بىلەن مېيجيەن قەلئەسىنى روشەنكى ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرغانىدى. بۇ ئىككى قەلئەنىڭ قۇرۇلۇشى كارۋان يولىنى قوغداش ۋە مال-مۈلۈكنى يۆتكەش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ يول يۈەن دەۋرىدە قۇرۇلغان مولىن ئۆتەڭ يولى[96] بىلەن پۈتۈنلەي بىر ئىدى.

ئىككىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھىدىن پامىرنىڭ غەربىدىكى سۇياب بازىرىغا بارىدىغان يول، غەربىي جەنۇب تەرەپتە قاڭاي تېغىنىڭ جەنۇبىي تۇمشۇقىدىكى خېڭلىڭ (جىجۇنشەن تېغى)نىڭ غەربىدىن ئۆتەتتى، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5220 چاقىرىم بولۇپ، ئارىلىقتىكى ئەڭ مۇھىم قەلئە-شەھەر بېشبالىق ئىدى. بېشبالىقنىڭ شەرقىي شىمالى ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھىغا 3000 چاقىرىم، غەربتە سۇياب بازىرىغا 2220 چاقىرىم كېلەتتى، بۇ يەر ئەسلىدە تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بېشبالىقتىكى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇرىدىغان يەر ئىدى. تاڭ ھۆكۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي يولىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، يول بويلاپ بىر تالاي قەلئەلەرنى سالدى. مەسىلەن، بېشبالىقنىڭ غەربىگە 50 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئىشبارا شەھىرىنى، 240 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا كولۇ بازىرىنى، 700 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا كۆكنۇر لاگىرىنى سالدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى «سۇياب يولى» دەپ ئاتالدى. بۇلاردىن باشقا يەنە چاڭبالىق قورۇلى (بۈگۈنكى سانجى)، ئۇزەي قورۇلى (بۈگۈنكى ماناس)، يېڭى قورۇلى (ماناسنىڭ غەربى)، قاراسۇ قورۇلى (بوگۈنكى شىخو)، شىلىن

قورۇلى (جىڭخېنىڭ شەرقى) قاتارلىقلار بار ئىدى. يول بويىدىكى قەلئە، ئۆتەڭلەر بىر-بىرىگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، يول ئىنتايىن راۋان ئىدى. جېنيۈەننىڭ 6-يىلى (790) بېشبالىقتا تۇرۇۋاتقان تاڭ قوشۇنلىرى شەرققە چېكىنگەندىن كېيىن، بۇ يولنى ئۇيغۇرلار ئۆتكۈزۈۋالدى. بېشبالىقنىڭ شىمالىغا 4000 چاقىرىم مېڭىپ، ئالتۇنتاغدىن ئۆتكەندە قىرغىز قەبىلىلىرى تۇرىدىغان جايغا بارغىلى بولىدىغان ۋە يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كاما دەريا ئويمانلىقىغا تۇتىشىدىغان يول بار ئىدى. بېشبالىقتىن جەنۇبقا 500 چاقىرىم، شەرقىي جەنۇبقا 970 چاقىرىم ۋە غەربىي جەنۇبقا 100 چاقىرىم ماڭغاندا، ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىجۇ ئايمىقىغا، ئېۋۇرغول ئايمىقىغا ۋە كېنگىت (قاراشەھەر)گە ئۆتىدىغان چوڭ يول بار ئىدى[97].

تىبەتلەر تارىم ئويمانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شىمالدىكى قىرغىزلار ۋە غەربتە يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى يولنى تارتىۋالماقچى بولدى. ئۇيغۇرلار بېشبالىقنى ۋە غەربكە ماڭىدىغان يولنى قوغداش ئۈچۈن، ئاساسىي كۈچىنى غەربكە يۆتكەپ، تىبەت، قىرغىز ۋە قارلۇقلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بېشبالىق، كۈسەن ۋە سۇيابنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا قوشۇن تۇرغۇزدى، شۇنداقلا بېشبالىقتا تىبەتلەر بىلەن بىرقانچە قېتىم چوڭ جەڭ قىلدى.

بۇ يولمۇ تارىختىكى ئەنئەنىۋى شەرق-غەرب قاتناش لىنىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇرۇنلا بار ئىدى. مەسىلەن، مىلادىنىڭ 91-يىلى ھۇنلار غەربكە كۆچكەندە مۇشۇ يولنى بويلاپ غەربكە سىلجىپ، ئاۋۋال ئاسىيۇلار تۇرۇشلۇق جاي (بۈگۈنكى ئىلى رايونى)غا بارغان، ئاندىن پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، غەربكە كەتكەنىدى. يۇڭخۈينىڭ 2-يىلى (651) 50 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى سۇدىڭفاڭ

بىلەن غەربىي تۈركلەردىن ئاشىنا قۇلىنىڭ ئۈستىگە ئاتلانغان چاغدىمۇ، ئوخشاشلا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن يولغا چىقىپ، مۇشۇ يولنى بويلاپ بېشبالىق بىلەن ئىلىدىن ئۆتكەن ۋە پامىر تاغلىرى ئارقىلىق سۇياب بىلەن تاش قەلئە (بۈگۈنكى تاشكەنت) كە بارغانىدى.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن جەنۇبقا چۈشۈپ خېشى كارىدورىغا بارغاندا يەنە بىر مۇھىم يول بار ئىدى، يەنى بۇ يول ھۇنلار مەزگىلىدىكى لۈكچۈك قەدىمكى يولى بىلەن روشۇي يولى ئىدى. ھۇن تەڭرىقۇت ئوردىسى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بولۇپ، ئۇيغۇر خاقانلىقى تۇرغان جاي بىلەن يېقىن ئىدى. تەڭرىقۇت ئوردىسىدىن جەنۇبقا چۈشكەندە، قاڭاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تۇمشۇقىدىكى جۇنجىشەن تېغىنى ئايلىنىپ، ئۇدۇل جەنۇبقا قاراپ ماڭسا، خۇامېنشەن تېغى ئارقىلىق روشۇي (بۈگۈنكى ئېرگىنە دەرياسى) نىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جۈيەنگە بارغىلى بولاتتى. قەدىمكى زامانلاردا بۇ يول خەن دەۋرىدىكى لۈكچۈك قەدىمكى يولى دەپ ئاتىلاتتى، بۇ 30 كۈنلۈك يول ئىدى[98]. جۈيەن سازلىقىنىڭ تۆت ئەتراپى قۇملۇقنىڭ ئىچىدىكى بوستانلىق بولۇپ، جۈيەن سازلىقىغا ئېقىپ كىرىدىغان روشۇي دەرياسى تىلەن تاغلىرىدىن باشلىناتتى. ئۇ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەچكە، ئىككى قىرغىقى قۇملۇقتىكى تەبىئىي يېشىل كارىدور بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. بۇ يول جەنۇب تەرەپكە ماڭغاندا، خېشى كارىدورىدىكى جاڭيېغا ئۇدۇل باراتتى. بۇ ھېلىقى روشۇي يولى ئىدى. خەن ۋۇدىدىن ئىلگىرى، خېشى كارىدورى ھۇنلاردىن قۇنشارخاقانىنىڭ چارۋا باقىدىغان ئوتلاقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مۇشۇ تۈپەيلى روشۇي يولى ئۆز زامانىسىدا ھۇنلار شىمال بىلەن جەنۇب ئارىلىقىدىكى بېرىش-كېلىشتە ئەڭ كۆپ پايدىلىنىدىغان قولايلىق بىر يول ھېسابلىناتتى. جۈيەن سازلىقىنىڭ

شىمالىدىكى قەدىمكى لۈكچۈننىڭ يولىدا خۇامىنشەن تېغى بولۇپ، بۇ تاغدىن جاڭيېغىچە 1450 چاقىرىم كېلەتتى[99].

مىلادىدىن 99 يىل ئىلگىرى، خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى لى لىڭ پىيادە ئەسكەرلەرنى باشلاپ جۈيەن سازلىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شىمالدىكى ھۇن تەڭرىقۇت ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ يول بىلەن ساق 30 كۈن مېڭىپ، قاڭاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي دوقمۇشىدىكى ھۇن تەڭرىقۇت ئوردىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ھۇنلار بىلەن جەڭ قىلغانىدى. تاڭ سۇلالىسى كەيچېڭنىڭ 5-يىلى (840) ئۇيغۇر خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۈچ توركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى خۇامىنشەن تېغىدىن جەنۇبقا مېڭىپ، روشۈي يولىنى بويلاپ جاڭيېغا يېتىپ كەلگەنىدى.

تۆتىنچى، خېشى كارىدورىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقى زېمىنىدا يەنى بۈگۈنكى ئاراشاڭ ئېگىزلىكىدە، خېشى كارىدورى بىلەن يانداش يەنە بىر يول بار ئىدى. بۇ يول غەربتە ئېۋىرغول، شىجۇ ۋە بېشبالىققا تۇتىشاتتى. شەرقتە چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىگە، تېخىمۇ شەرق تەرەپتە قۇمۇق ۋە قىتان قەبىلىلىرى تۇرىدىغان خۇاڭشۈي ساھىلىغا قەدەر باراتتى. بۇ يول تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمال تەرەپتىكى مۇھىم بازارلىرىدىن بىرى بولغان تيەندې لاگىرىدىن (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ سابىق ئۇيرات خوشۇنىنىڭ شىمالىدىكى ئۇجياخې دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا) ۋە قۇملۇقنىڭ ئىچىدىكى جۈيەن سازلىقى بىلەن مازۇڭشەن تېغىدىن ئۆتەتتى. جېنيۈەننىڭ 4-يىلى (788) «قۇمۇق ۋە تاتارلار جېنۋۇغا ھۇجۇم قىلىپ، (تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ) ئىككى نەپەر ھۆددىچىسىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئادەم ۋە چارۋىلارنى بۇلاپ كەتكەن چاغدا» (100) دەل مۇشۇ يول بىلەن غەرب تەرەپكە ئاتلانغانىدى. دالىنىڭ 14-يىلى (779) قۇمۇقلارنىڭ ئىچكى

قىسمىدا مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن قۇمۇقلارغا ياتلىق بولغان بىر مەلىكە قېچىپ چىققاندىمۇ، مۇشۇ يول بىلەن غەربكە قاراپ ماڭغانىدى. ئۇ تاڭ زېمىنىدىكى پىڭلۇ ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە قاراشلىق جايدىن (بۇگۇنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋياڭ دېگەن يېرى) ئۆتكەندە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن سانغۇنى جۇتاۋ ئۇنى دەل مۇشۇ يولدا «تاۋار-دۇردۇندىن پاياندار سېلىپ، ھەشەمەت بىلەن» كۇتۇۋالغانىدى(101). بۇمۇ يايلاقتا ئەزەلدىن بار بولغان بىر يول ئىدى(102). مىلادىدىن 121 يىل ئىلگىرى خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى خوچۈيبىڭ خۇاڭخې قولتۇقىنىڭ يېنىدىكى جىلۇ قەلئەسىدىن يولغا چىقىپ، ئاندىن مۇشۇ يولنى بويلاپ غەربتىكى جۇييەن سازلىقىدىن ئۆتۈپ، روشۇي يولى ئارقىلىق جەنۇبقا قايرىلىپ جاڭيېغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خېشىدا مال بېقىۋاتقان ھۇن ئاقساقىلى سۇتۇق خاقانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانىدى. جېنگۇەنىڭ تۇنجى يىلى (627) ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە باشلىقى پۇساد قۇملۇقنىڭ شىمالىدا تۈركلەردىن يوغۇقسارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى تارمار قىلغاندا، تۈركلەر خەن دەۋرىدىكى لۇڭچېڭ قەدىمكى يولىنى بويلاپ جەنۇبقا قېچىپ جۇيىيەنگە يېتىپ بارغانىدى. شۇ چاغدا ئۇلار دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يول بىلەن غەربكە قاچقانىدى. پۇسادمۇ ئۇلارنىڭ ئىزى بىلەن بۇگۇنكى شىنجاڭنىڭ شەرقى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگىچە كېلىپ، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئەسىر ئالغانىدى. گەرچە بۇ يول نى-نى چوڭ قوشۇنلارنىڭ نەچچە قېتىم ئۆتكىنىگە قارىماي، يول ياقىسىدا چۆل-جەزىرىلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئادەتتىكى چاغلاردا مېڭىپ تۇرىدىغان يولۇچىلارنىڭ ئاز بولغانلىقى تۈپەيلى، ئۇزۇنغىچە ئوبدانلا تاشلىنىپ قالغانىدى. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تىبەتلەر خېشى كارىدورىنى ئۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، بۇ يول خېشىدىكى تىبەتلەردىن ئەگىپ

ئۆتىدىغان يول تەرىقىسىدە خېشى كارىدورىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى ھەمدە غەربىي يۇرت بىلەن چاڭئەننى تۇتاشتۇرىدىغان يولغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يول ناھايىتى تېزلىكتە ئاۋاتلاشتى، شۇنداقلا تاڭ زېمىنىدىكى تيەندى لاگىرىدىن بېشبالىققا ئۆتىدىغان يول بولۇپ قالدى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسەن «تيەنباۋنىڭ ئاخىرقى يىللىرى گۇەنلۇڭ قولدىن كېتىپ، ئەنشى بىلەن بېشبالىقتىن پايتەختكە باج-خىراج ئېلىپ بارىدىغان يول بىلەن ماڭغىلى بولمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان. . . ھەمدە ئۇيغۇرلار يولى ئارقىلىق چاڭئەنگە بارمىسا بولمايدىغان ۋەزىيەت پەيدا بولغانىدى» . بۇ ھەقتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى لى دېيۇي: «مۇشۇ قىيىن ۋەزىيەتتىن ئېتىبارەن خواڭخېنىڭ شەنشى تەرىپى تىبەتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، ئەنشى بىلەن بېشبالىققا بېرىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر يولى بىلەن ماڭمىسا بولمايدىغان ئەھۋال يۈز بەردى» (103) دېگەنىدى. تاڭ زېمىنىدىكى ئادەملەر تىلغا ئالغان «ئۇيغۇر يولى» ئاساسلىقى مۇشۇ يولنى كۆزدە تۇتاتتى. جۇيەن بوستانلىقى شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇشۇ يولنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان لۇڭچېڭ قەدىمكى يولى ئۆز ئارا تۇتىشىدىغان يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تاڭ ھۆكۈمىتى ئۆز ۋاقتىدا قاراقچىلارنى تىنچىتىش لاگېرى قۇرۇپ، «1700 كىشى ۋە 500 ئاتتىن تەركىب تاپقان قوشۇن» نى ئورۇنلاشتۇرغانىدى (104) . ئۇيغۇرلارمۇ مەلىكە قەلئەسىنى قۇرۇپ، تىبەتلەردىن مۇداپىئە قىلىدىغان قوشۇننى جايلاشتۇرغانىدى. تاكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ، گەنجۇ ئايمىقى بىلەن قوچۇ ئايمىقىدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەر يەنىلا مۇشۇ يولنى بويلاپ شەرقتە خواڭشۇي دەرياسى ساھىلىدىكى قىتانلارنىڭ ئۇستۇنكى پايتەختى جايلاشقان لىنخواڭخۇ مەھكىمىسىگە بېرىپ سودا بىلەن شۇغۇللاندى. سۇڭ

سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئوخشاشلا مۇشۇ يولنى بويلاپ غەربكە مېڭىپ، جۇيىيەن سازلىقى، مازۇڭشەن تېغى ۋە بارىكۆل ئارقىلىق ئېۋىرغول (قۇمۇل) ئايمىقى بىلەن قوجوغا بارغانىدى. ئۇ جۇيىيەن سازلىقىنىڭ ئەتراپىدىن ئۆتكەندە، «تاڭ سۇلالىسىدىن ئۇيغۇرلارغا ياتلىق بولغان مەلىكىلەر تۇرغان جايلارنىڭ ئارشاڭ بۇلاقتىكى خارابە ئىزلىرى»نى كۆرگەنىدى(105). مەسىلەن، بارىكۆلدىن غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، بېشبالىققىمۇ بارغىلى بولاتتى. ئەلۋەتتە بۇ يول ھېچقانچە تۈز ئەمەس ئىدى. ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بەزى جايدىكى «قۇمنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۈچ گەز كېلەتتى، ئات ماڭالمايتتى، يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى تۆگە بىلەن يول يۈرەتتى». قۇملۇقتا ئىنس-جىن بولمىغاچقا، تۆت تەرەپنى پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇملۇقتا ماڭغانلار نىشاننى كۈنگە قاراپ بەلگىلەيتتى، تاڭ ئاتقاندا كۈنگە كەينىنى قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە كۈنگە قاراپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، كۈن چۈش بولغاندا توختاش كېرەك ئىدى. كېچىسى يول ماڭغاندىمۇ ئوخشاشلا ئايغا قاراپ مېڭىش لازىم ئىدى» (106). مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، بۇ يولدا ماڭىدىغان كارۋانلار، قوشۇنلارنىڭ ئىزچىل ھالدا ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مەسىلەن، مىلادىنىڭ 1125-يىلى قىتانلارنىڭ ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، قىتانلارنىڭ سانغۇنى ياغلۇقار تاشىن (بۇرۇن «يوللىغ» دەپ ئېلىنغان — تەھرىردىن) ئۆز قوشۇنلىرىنى يېتەكلەپ، مۇشۇ يول ئارقىلىق غەربكە قاراپ مېڭىپ بېشبالىققا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەرگە بارغاندىن كېيىن قارا خىتاي ھاكىمىيىتىنى قۇرغانىدى.

بەشىنچى، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قارارگاھىدىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىرغىزلارنىڭ يۇرتىغا بارىدىغان بىر يول بار ئىدى.

تەخمىنەن غەربىي شىمال تەرەپكە 600—700 چاقىرىم مېڭىپ سىلىنىڭغا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ھاكىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، يەنى بۈگۈنكى يەنسەي دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان ئوس، بېكىم دەريالىرى ئارقىلىق كوگمەن تېغى (سايان چوققىسى) دىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاغدىن چۈشۈپلا يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مىنۇشىنسكىي ئويمانلىقىغا بارغىلى بولاتتى. بۇ يەر قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان يەرنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ ئەگرى-توقاي، يول بويى نۇرغۇن دەريالاردىن ئۆتىدىغان، قويۇق ئورمانلىق ۋە ئېگىز تاغلار تولا بىر يول ئىدى. تۈرك يېزىقىدىكى «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» ۋە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا بۇ يولنىڭ مۈشكۈللۈكلۈكى تەپسىلىي بايان قىلىنغانىدى. مەسىلەن، «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» دا: «27 ياش چېغىمدا قىرغىزلارنىڭ ئۈستىگە ئاتلاندىم. شۇ چاغدا يولنى نەيزە چوڭقۇرلۇقىدا قار-مۇز قاپلاپ كەتكەنىدى، بىز قار-مۇزنى يېرىپ يول ئېچىپ، كوگمەن تېغىدىن ئۆتتۇق» (107) دەپ يېزىلغانىدى. بۇ يولدىكى تاغدىن ئۆتىدىغان چاغدا، ئەسكەرلەر ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭاتتى، قولىغا تاياق-توقماق ئېلىپ، قارنى چىڭداپ يول ئاچمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كوگمەن تېغىدىن ئۆتىدىغان يولدا مۇداپىئە قىلىشقا قولايلىق، لېكىن تەستە ماڭغىلى بولىدىغان بىر ئېغىز بار ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، VIII ئەسىردىكى تۈركلەر ۋە VIII ئەسىر مەزگىلىدىكى موڭغۇللار قىرغىزلار ئۈستىگە قوشۇن باشلاپ ماڭغاندا، چىغىر يول ئارقىلىق مېڭىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ئاندىن غەلىبە قىلغانىدى. مەسىلەن، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا: «مەن، تەڭرى مان تېغىدىن ئۆتىدىغان بىر يول بار، لېكىن بۇ يولنى قار قاپلاپ كەتكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ‹بىزنىڭ بۇ يولدىن مېڭىشىمىز مۇۋاپىق بولماپتۇ› دېدىم ھەمدە چىغىر يول بىلەن ئون كۈن بوئدى دېگەندە تاغدىن ئۆتتۇم»،

«قىرغىزلار ئۇخلاۋاتقان چاغدا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كىردىم» (108) دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. موڭغۇللارمۇ مىلادى 1218-يىلى چوڭ يولدىن ئەگىپ، قونازلار ماڭىدىغان چىغىر يول ئارقىلىق ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قىرغىزلارنىڭ ئاقساقىلىنى «زىياپەتتە ئولتۇرغاندا ئەسىر ئالغان» (109) ئىدى. تيەنباۋنىڭ 9-يىلى (750)، ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى بايانچۇر خاقانمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق شىمالغا ئاتلىنىپ، قىرغىزلار بىلەن چىگىللارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرغان ھەمدە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئاق رەڭلىك ئوردا-ساراي بىنا قىلىپ، بىر تۇتاش ئابىدە تىكلەپ قويغانىدى(110). كېيىنچە، ئۇيغۇرلارمۇ بۇ يەرگە بولغان تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شەھەر-قەلئەلەرنى سالدى، ئاقسۆڭەكلەرگە سۇيۇرغال قىلدى ۋە بۇ يەردە قوشۇن تۇرغۇزدى. قىرغىزلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنىڭ بىرى، جەنۇبقا مېڭىپ، ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ بېشبالىققا بارىدىغان يول ئىدى. يەنە بىرى، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقىغا بېرىپ، ئاندىن تەڭرى خاقان يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارىدىغان يول ئىدى. كەيچىڭنىڭ 5-يىلى (840) ئۇيغۇر سەركەردىسى كۈلۈگ باغا قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلغاندا، مۇشۇ يول بىلەن جەنۇبقا چۈشكەنىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ يول قىرغىزلارنىڭ ئۇيرات موڭغۇللىرى بار جايغا بارىدىغان ئۆتەڭ يولى بولۇپ قالدى، ئۇلار مۇشۇ يولدا ئالتە جايغا ئۆتەڭ سالدۇرغانىدى(111).

ئۇيغۇر خاقانلىقى چېگرىسى ئىچىدىكى يوللارنى بىر تۇتاش باشقۇردى. ئاساسلىق يوللارنىڭ ھەممىسىگە ئۆتەڭلەرنى ياساتتى. ئۆتەڭلەردە زاپاس ئات باقتى، قۇدۇقلارنى قازدۇردى. بۇ جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار، ئەرەب ساياھەتچىسى

تامىمىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە بايان قىلىنىدى. ئۇ ماۋرۇئۇننەھىر رايونىدىن يولغا چىقىپ، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى بويلاپ شەرقكە ماڭغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ پايتەختىگە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە: «ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە سوغۇق قاتتىق بولىدۇ، بىر يىل ئىچىدە پەقەت ئالتە ئايلا ساياھەت قىلغىلى بولىدۇ» دەپ يازدى. ئۇ يەنە توققۇز ئۇيغۇر خاقانلىقىدا ساياھەتتە بولغان مەزگىلدە، خاقان ئەۋەتكەن زاپاس ئاتلارغا مىنىپ يول ماڭغانلىقىنى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەر كېچە-كۈندۈزدە ئۈچ ئۆتەڭ يول باسقانلىقىنى، يايلاقتا 20 كۈن ساياھەتتە بولۇپ، نۇرغۇن قۇدۇق ۋە ئۆت-چۆپلۈك ئوتلاقلارنى ئۇچراتقانلىقىنى، لېكىن ئۇ يەردە يېزا-قىشلاق ياكى شەھەر-بازارلارنى كۆرمىگەنلىكىنى، پەقەت چېدىر ئۆيلەردە يېتىپ قوپىدىغان ئۆتەڭ مۇلازىملىرىنىلا ئۇچراتقانلىقىنى يازدى... ئۇ يەنە: ئۇستۇنكى نىجى كەنتتىن (بازلار) شاش (تاشكەنت) كىچە تالاستىن ئۆتۈپ تۆگە كارۋانلىرى 40 ئۆتەڭ يول ماڭىدىغانلىقىنى، ئۇ ئاتلىق ھالدا ئۆزى يالغۇزلا بۇ يولنى بىر ئايدا تۈگەتكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىدىن سىرتتا «(يەنە) 17 نەپەر ئاقساقال تۇرىدىغان جاي بار... ھەر ئىككى ئاقساقالنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئارىسىدا چېدىر بىلەن ياسالغان ھەربىي ئۆتەڭلەر بولىدۇ» (112) دەپ كۆرسەتتى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ ھۆكۈمىتى جېنگۇەننىڭ 21-يىلى (647) ھەرقايسى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، تەڭرى خاقان يولىنىڭ جەنۇبىي دوقمۇشىدىكى «چۇمگەك بۇلاقىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە 68 جايغا پوچتا ئۆتەڭلىرى تەسىس قىلغان ھەمدە كەلگەن-كەتكەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن زاپاس ئات، تاماق، گۆش قاتارلىقلارنى تەييارلىغانىدى». بۇنىڭدىن چۇمگەك بۇلاقىنىڭ جەنۇبىدىكى

تەڭرى خاقان يولىدا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تاڭ ھۆكۈمىتى ياساتقان ئۆتەڭلەر بىلەن تۇتاشقان ئۆتەڭلەرنى سالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قاتناش قورالى ئاساسەن تۆگە، ئات ۋە «چاقى ئېگىز، شادىسى كۆپ» كالا ھارۋىلىرى ئىدى. مەسىلەن، چاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (821) «ئۇيغۇرلاردىن 760 ئادەم تۆگە، ئات ۋە ھارۋا بىلەن سېرىق قومۇچ بۇلاق دېگەن جايغىچە تىزىلىپ مەلىكە تەيخېنىڭ ئالدىغا چىققان» (113) ئىدى. ئادەملەر ئولتۇرغان كالا ھارۋىلىرىنىڭ ئۈستىگە كىگىز بىلەن ئۆي ياسالغان بولۇپ، بۇ خىلدىكى ھارۋىلار «چېدىر ھارۋا» دەپ ئاتالغانىدى. يەنە مەسىلەن، خۇيچاڭنىڭ 3-يىلى (843) ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن تاڭ زېمىنىغا قايتقان مەلىكە تەيخې ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى نەچچە ئونلىغان چېدىر ھارۋىغا ئولتۇرۇپ كەلگەنىدى (114). بۇ يوللاردا ئايىغى ئۈزۈلمەي يۈك توشۇيدىغانلارنىڭ كۆلىمىمۇ ناھايىتى زور بولاتتى. مەسىلەن، جەنجۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (780) تاڭ زېمىنىدىن شىمالغا قايتقان 900 نەپەر ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز 100 مىڭ تەپەك تاۋار-دۇردۇن ۋە نەچچە مىڭ تۇياق ئات-تۆگىنى بىرلىكتە ئېلىپ ماڭغانىدى (115). دالىنىڭ 8-يىلى (773) «ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا، ئىنئام قىلىنغان ۋە ئاتنىڭ باھاسىغا سۇندۇرۇپ ئالغان نەرسە-كېرەكلەرنى مىڭدىن ئارتۇق ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭغانىدى» (116). ئۇيغۇرلاردا تېخى دەريادىن ئۆتكەندە ئىشلىتىدىغان تۇلۇممۇ بار ئىدى (117). تۇلۇمنىڭ ياسىلىشى، چوڭ-كىچىكلىكى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرىلەر يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى خۇاڭخې دەرياسى بويىدا شۇ جايدىكى چارۋىچىلارنىڭ قولىدىكى تۇلۇمنى كۆرگەنىدى. ئۇلار «قوي تېرىسىنى تۇلۇم

قىلىپ، ئىچىگە ھاۋا توشقۇزغاندىن كېيىن، ئۇ سۇ ئۈستىدە لەيلەيتتى ياكى ئۇلار ياغاچ سالنى تۆگىگە سۆرىتىپ دەريادىن ئۆتەتتى» (118). ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارمۇ دەل مۇشۇنداق سال ۋە تۇلۇمدىن پايدىلىنىپ دەريالاردىن ئۆتكەنىدى.

### 2. قەلئە-بازار

مۇڭغۇل دالاسىدا تېخى ھۇنلار مەزگىلىدىلا توپىدىن ياسالغان قەلئەلەر بارلىققا كەلگەنىدى. مەسىلەن، سېلېنگا دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان ئىۋورغا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى ھۇنلارنىڭ قەدىمكى قەلئەسى شۇ خىلدىكى تۆت چاسا، تۆت تەرىپىگە سوقما تام قوپۇرۇلغان، خەندەكلىرى بار قەلئە ئىدى. ئۇنىڭ كۆلىمى 200 × 348 مېتر بولۇپ، مىلادىدىن I ئەسىر ئىلگىرى قۇرۇلغانىدى (119). جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن سېلىنغان يومىلاق شەكىللىك قەلئەلەرنىڭ خارابىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك بولۇپ، دىئامېترى ئادەتتە نەچچە ئون مېتىردىن يۈز ياكى ئىككى يۈز مېترغىچە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلئەلەرنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ناھايىتى نېپىز (0.25 مېتردىن 0.5 مېترغىچە) بولۇپ، قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كەمچىل ئىدى (120). بۇ ئەھۋاللار، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان توپا قەلئەلەرنىڭ كۆپىنچىسى پۇقرالار دائىملىق تۇرىدىغان جاي ئەمەس، بەلكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىشلىق ماكانى ياكى ئۇرۇش مەزگىلىدە قورغان ۋە پاناھلىنىش جايى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مۇڭغۇل دالاسىدا ھەقىقىي رەۋىشتىكى چوڭ كۆلەملىك قەلئە-بازارلار ھەمدە قارارگاھنى قەلئەنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇش ئۇيغۇر خاقانلىقى مەزگىلىدىن تارتىپ

باشلانغانىدى (121) . بۇ چاغدىكى قەلئەلەر، يالغۇز ھەربىي قورغان بولۇپ قالماي، بەلكى سودا، قول سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنداق قىلالىشىدا بىر ياقتىن موڭغۇل دالاسىدىكى 100 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان تىنچ ۋە بىرلىككە كەلگەن مۇھىتنىڭ تەسىرى رول ئوينىغان بولسا، يەنە بىر ياقتىن ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن خاقانلىقتىكى سودا-سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئالدىنقى دەۋرلەردىكىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قەلئە-بازارلىرى ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ زور، ئەڭ گۈللەنگەن، ئەڭ سەلتەنەتلىك بولغىنى ئۇرقۇن دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقان. قارا بالغاسۇن دېگەن يەردىكى پايتەخت ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قاشقالداق بۇلاقنىڭ شىمالىدىكى مەلىكە قەلئەسى، مېيجيەن قەلئەسى، خالۇ ئېقىنى (ئېرگىنە دەرياسى) نىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يەنە بىر مەلىكە قەلئەسى، قۇرۇلۇن دەرياسى ساھىلىدىكى خاتۇن قەلئەسىمۇ ئەنە شۇنداق قەلئەلەر قاتارىدا خاتىرىلەنگەنىدى (122) . يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، تاڭنۇر ئولان كۆلى ئەتراپىدا ھەممىسى بولۇپ 15 ئورۇندا ئۇيغۇرلار ياسىغان قەدىمكى قەلئە خارابىلىرى ۋە كۆلىمى نىسبەتەن زور بولغان ئاھالىلەر خارابىلىكى تېپىلدى. بۇنىڭدىن باشقا تاڭ سۇلالىسى غەربىي زېمىندىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بېشبالىق قەلئەسى بىلەن بالاساغۇن قەلئەسىنى (بۈگۈنكى قىرغىزىستاننىڭ توقماق شەھىرى ئەتراپىدا) ۋە يول بويىدىكى باشقا بەزى قەلئەلەرنىمۇ ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. يۇقىرىقىلارغا قارىغاندا، ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇرلار ياسىغان ۋە ئولتۇراقلاشقان قەلئە خارابىلىرى 24 تىن كۆپرەك ئىكەن.

خاقانلىقنىڭ پايتەختى ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئېردېنېجاۋنىڭ شىمالىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك ئىدى. مۇشۇ كىتابنىڭ بېشىدا، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ بەزى تونۇشتۇرۇشلارنى سۆزلىگەن بولساق، ئەمدى ئۆز ۋاقتىدا خاقانلىقنىڭ پايتەختىگە بېرىپ ساياھەتتە بولغان تامىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسى بويىچە، ئۇنى تېخىمۇ ئەتراپلىق تونۇشتۇرىمىز. تامىم. بېنىنى. بەھرال مۇتتاۋى مۇنداق دېگەنىدى: «مەن پەقەت قۇدۇق سۈيى بىلەن ئوتلاقلا بولغان چۆل-جەزىرىدە 20 كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېزا-قىشلاق ۋە ئېتىز-ئېرىقلاردا يەنە20 كۈن ساياھەت قىلدىم... بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ پادىشاھلار قەلئەسىگە يېتىپ باردىم». تامىم يەنە مۇنداق يازدى: «مەن (خاقانلىق) قەلئەسىگە بەش پەرساھ كېلىدىغان يەردە، خاقانغا تەئەللۇق بىر چېدىرنى ئۇچراتتىم، ئۇ ئالتۇندىن ياسالغانىدى. بۇ چېدىر قەلئەنىڭ ئۆگزىسىگە ياسالغان بولۇپ، 100 ئادەم بەھوزۇر سىغاتتى»... «مەن، بۇ بىر چوڭ شەھەر، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مول، ئەتراپىدىكى ئېتىز-ئېرىقلار بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، يېزا-قىشلاقلىرى زىچ، شەھەر قەلئەسىدە غايەت يوغان 12 تۆمۈر دەرۋازا بار، ئاھالىسى كۆپ، ئىنتايىن ئاۋات، ھەممە يېرىسى بازار، سېتىلىدىغان نەرسىلەر ھەرخىل. ئاھالىسى مانى دىنىغا چوقۇنىدۇ دەپ دوكلات قىلدىم»(123). ئۇنىڭ ساھايەت خاتىرىسى ۋە ئالدىنقى بابلاردا تونۇشتۇرغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بىز ئۇيغۇرلار پايتەختىنىڭ ھەيۋەتلىك، گوزەل ۋە ئاۋات، گۈللەنگەن بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي قىياس قىلالايمىز. شەھەرنىڭ پىلانلىنىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك

تەسىرىگە شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن سوغدىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ پايتەختى ۋە قەبرىدىن چىققان نەرسە-كېرەكلەرگە قاراپ، قول سانائەت بىلەن سودا شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە، خېلى چوڭ نىسبەتنى ئىگىلىگەن دەپ خۇلاسە قىلىشقا بولاتتى. قول سانائەت بىلەن سودا يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىقتىن ئايرىلغانىدى. بازاردىكى تاۋارلار ئىچىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئېلىپ كېلىنگەن يىپەك تاۋار-دۇردۇنلار، چاي ۋە ھەر خىل مېتالدىن ياسالغان بۇيۇملار، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بار ئىدى، شۇنداقلا يايلاقتىن ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىن كەلگەن ھەرخىل چارۋا مەھسۇلاتلىرى ھەمدە غەربىي ئەللەردىن كەلگەن ئاق ماتا، ئەينەك ئەسۋاب قاتارلىقلار بار ئىدى(124).

تەتقىقات ۋە مەلۇماتلار نىسبەتەن كۆپ بولغانلارنىڭ ئىچىدە، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئون بەش ئورۇندىكى ئۇيغۇر قەلئە خارابىلىرى ئىدى. «بۇ قەلئە-شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى تۆت چاسا سېلىنغانىدى، تۆت تەرىپى سېپىل بىلەن قورشالغان، سېپىل سىرتىدا سۇ بىلەن توشقۇزۇلغان چوڭقۇر خەندەكلەر بار ئىدى. بۇ شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئادەتتە يېرىم گېكتاردىن بەش گېكتارغىچە ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ شەھەر ئىككى بولۇپ، بىرى بارلۇق دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى سىرجىت كىرىت شەھىرى (كۆلىمى 12 يېرىم گېكتار)، يەنە بىرى چاتان دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى بايىن ئاراق شەھىرى (كۆلىمى 18.2 گېكتار) ئىدى. بۇ 15 ئورۇندىكى شەھەر، ئۇلارنىڭ خارابىلىرىنىڭ ئورنىدىن قارىغاندا، پۈتۈنلەي دېگۈدەك دەريا قىرغاقلىرى بىلەن سازلىق جايلارغا سېلىنغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي شارائىت نىسبەتەن ئەۋزەل جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ قەدىمكى قەلئە-شەھەر خارابىلىرى ئۆز زامانىسىدا يېزا ئىگىلىك ۋە سودا مەركىزى ھېسابلىناتتى. قەلئە-شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قوشۇن تۇرغۇزۇلاتتى. كۆلىمى خېلى زور

قورۇلۇشلارمۇ بولغانىدى. قەلئەنىڭ ئىچىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مېتالچىلىق، كۇلالچىلىق، توقۇمىچىلىق، تۈگمەن قاتارلىق ھەر خىل قول-سانائەت مانۇفاكتورلىرى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت خارابىلىكلەر ئۇچرايتتى. قەلئەنىڭ تۆت تەرىپىدە قەبرىستانلىق بار ئىدى(125).

ئۇيغۇر قەلئەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىقى سېغىز توپا ئىشلىتىلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۈرك تىلىدىكى ‹balik› قەلئە دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «سېغىز توپا» دېگەنلىك ئىدى(126). قەلئە سېپىلى ۋە قەلئە ئىچىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى خام كېسەك بىلەن سېلىنغان ياكى سېغىز توپىنى چىڭداپ قوپۇرۇلغانىدى، ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە خۇمداندا پىشۇرۇلغان كاھىشلار يېپىلغانىدى. قەلئەنىڭ سىرتىدا، ناھايىتى چوڭقۇر خەندەكلەردىن باشقا، بىر تالاي قورۇللار بار ئىدى. شەھەر ئەتراپىدا يەنە شەھەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان ھەمدە ئۇنى چارۋىچىلىق كەسپىدىكى يىل بويى كۆچۈپ يۈرۈشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتمايدىغان يېزا ئىگىلىك رايونى بار ئىدى. شەھەرلەر ئاساسلىق يوللارنىڭ بويىغا جۇشەتتى، بۇ ئارقىلىق شەھەرلەر ئارا قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى.

ئۇيغۇرلاردا ئىككىنچى ئەۋلاد خاقانلىق، يەنى بايانچۇر (747—759) خاقان بولغاندىن تارتىپ شەھەر قۇرۇلۇشى باشلانغانىدى. تۈرك يېزىقىدىكى «بايانچۇر خاقان مەڭگۈ تېشى» بۇ ھەقتە «يولۋاس يىلى (750) مەن ئادەملىرىمگە ئاق رەڭلىك ئوردا ياساشنى بۇيرۇدۇم»، «ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا (751) مەن ئادەملىرىمگە ئوردا سالغۇزدۇم، ئۇلارغا تاش ئابىدىلەرنى ياساتتىم»، «(757) يىلى مەن سوغدىلارغا ۋە تاڭ زېمىنىدىن كەلگەن ئادەملەرگە سېلىنگا دەرياسىنىڭ يېنىدا بايبالىق شەھىرى ياساشنى تاپىلىدىم» (127) دېگەنلەرنى خاتىرە قالدۇرغانىدى. ئۈچىنچى ئەۋلاد خاقانلىقتىن يەنى بۆكۈ خاقان (759 — 780) دىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تېخىمۇ زور كۆلەمدە قەلئە-ساراي قۇرۇلۇشىغا كىرىشتى، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ پايتەختى دەل مۇشۇ چاغدا قۇرۇلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. شۇڭا تارىخى پۈتۈكلەردە: «تەڭرى (بۆكۈ) خاقان شۇندىن

ئېتىبارەن ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ، خوتۇن-بالىـــلىـــرى ئۈچۈن ئوردا سالدۇردى، ئۇنى ھەر خىل رەڭ ۋە نەقىشلەر بىلەن بېزىدى: ھال-كۈنى ئوتتۇراھال بەگلىكلەر بۇنى دورايمىز دەپ ئۆزىنى ئۇپراتتى، بەدنۇي قەبىلىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمۇ بۇزۇلۇشقا باشلىدى» (128) دېيىلدى.

---

## ئىزاھات:

① «ئاسايىش ئالەم خاتىرىلىرى. تۇرالار».

② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

③ ⑤ ⑥ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر، ئات».

④ «ئاسايىش ئالەم خاتىرىلىرى. قۇرىقانلار».

⑦ ⑧ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر، ئات».

⑨ «ئاسايىش ئالەم خاتىرىلىرى. پومالار».

⑩ «يېڭى تاڭنامە. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى».

⑪ ليۇيىتاڭ: «ئۇيغۇرلار تەتقىقاتى» 7-باب. «ئۇيغۇر ئاتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، تەيۋەن جۇڭجاڭ كىتاب ئىدارىسى.

⑫ «قانۇنلار قامۇسى. باسمىللا ھەققىدە قىسسە».

⑬ «يېڭى تاڭنامە. ئوزۇق-تۈلۈك، مال-مۈلۈك تەزكىرىسى».

⑭ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑮ ئى. يا. زىلاتېكىن: «كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر جەمئىيىتىدىكى ئىقتىسادىي تارىخقا ئائىت بىر نەچچە مەسىلە»، «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى» 1981-يىل 5-سانغا قارالسۇن.

⑯ «كېيىنكى خەننامە. چەۋەندازلار ھەققىدە قىسسە».

⑰ «قورال ھەققىدە يەتتە دەستۇر»، «ئالتە پەنت، ئىشىت ھىيلىسى».

⑱ ۋاڭ يىڭلىن: «يۇخەي» 140-جىلد.

⑬ ۋېي دايا: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىنى قورۇش مۇقەددىمىسىگە ئىزاھات» 1-جىلد.

⑳ چېن يەنكې: «تاڭ دەۋرىدىكى بەيئەت قىلغان سانغۇنلار ۋە مەھكىمە ئەسكەرلىرى»، «جىن، مىڭ كۆتۈپخانىلىرىدىكى پارچە ئورىگىناللارنىڭ دەسلەپكى تەرتىپى» شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى 1980-يىل نەشرى.

㉑ خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «بىلگە خاقان ئابىدىسى»، «تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارغا

ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار تاللانمىسى» 1-قىسىم.

㉒ «تۈركىي تىللار دىۋانى».

㉓ «سۈيىنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉖㉔ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉕ «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە».

㉗ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم. ئۇيغۇرچە نەشرى، 517—556-بەتلەر.

㉘ ㉙ خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «كۆلتېكىن ئابىدىسى».

㉚ گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «موبۇنچۇر خاقان ئابىدىسى».

㉛ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉜ لى دېيۇ: «لى ۋېنراۋ توپلىمى» 70-جىلد.

㉝ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم. ئۇيغۇرچە نەشرى. 629-بەت.

㉞ گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «موبۇنچۇر خاقان ئابىدىسى».

㉟ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس-ئېنگېلس توپلىمى» 21-توم. خەلق نەشرىياتى 1965-يىل نەشرى. 187—188-بەتلەر.

㊱ چىڭ سولۇ: «توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۈ تېشىغا چۈشەنچە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي گېزىتى» 1978-يىل 2-سان.

㊲ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㊳ تامىم. بىننى. بەھرال مۇتاۋى: «تامىمنىڭ ئۇيغۇرلار يۇرتىغا ساياھەتلىرى» مىنوسكى «ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركلەر، ئىرانلىقلار ۋە كاپكازلىقلار»، لوندون. 1978-يىل ئېنگلىزچە نەشرى.

㊴ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «(جېنيۈەن) نىڭ 6-يىلى كۈزدە ئۇلارنىڭ قىران ئەسكەرلىرى 50 مىڭ ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولدۇق... ئۇلار (بېشبالىق) قا قايتتى».

㊵ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 241-جىلد.

㊶ بوشىغ: «ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىلىرىگە توققۇز ئىزاھ» نىڭ 4-سى. «شۇەنجۇاڭ خاتىرىلىرىدىكى تورك دېگەن خەت». فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «غەربىي دىيار، جەنۇبىي دېڭىز تارىخىنى دەلىللەش تەرجىمە مەجمۇئەسىنىڭ 5-توپلىمى» جوڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1956-يىل نەشرى.

(42) خۇيلى، يەنزۈڭ: «تەڭداشسىز شەيقەت ئىبادەتخانىسىدىكى ئۈچ ئاچارياننىڭ تەرجىمىھالى» ، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1983-يىل نەشرى، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198-جىلد.

(43) «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» .

(44) «تامىم. بىننى بەھرال مۇتتاۋنىنىڭ ئۇيغۇر يۇرتىدىكى ساياھەتلىرى» .

(45) «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» .

(46) «بۈيۈك تاڭ دەۋرىنى قۇرۇش مۇقەددىمىسىگە ئىزاھات» 1-جىلد.

(47) خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «بىلگە خاقان ئابىدىسى» نىڭ شەرقىي يۈزى 34-قۇر: «تۈيۈقسىزلا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ غەربىي مېنىڭ قوشۇنۇمنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت» كە قارالسۇن.

(48) «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» .

(49) ۋاڭ گوۋېي: «قارا تاتارلارنىڭ ئايرىم ئىشلىرىغا دەلىل» ، «ۋاڭ گوۋېي ۋەسىيەتنامىلىرى» 13-قىسىم.

(50) «كونا تاڭنامە، سۇرۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» ؛ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 220-جىلد.

(51) «كونا تاڭنامە» 121-جىلد، «بارغۇت خويۇنىنىڭ تەرجىمىھالى» .

(52)(54) گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «مويۇنچۇر خاقان ئابىدىسى» .

(53) خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «كۆلتېكىن ئابىدىسى» .

(55) «تامىمنىڭ ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكى ساياھىتى» .

(56) ماركس: «كاپىتال» 3-توم، خەلق نەشرىياتى 1953-يىل نەشرى، 411-بەت.

(57) ماركس «كاپىتال» 1-توم. خەلق نەشرىياتى 1953-يىل نەشرى، 75-بەت.

(58) (سۇڭ دەۋرى) يې لۇڭلى: «قىتان دۆلىتى ھەققىدە قىسسە» .

(59) «قىتان دۆلىتى تەزكىرىسى» 25-جىلد.

(60) «تامىمنىڭ ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا ساياھىتى» .

(61) «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە» .

(62) «سۇينامە. غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە» .

(63) بەينياۋ كۇجى: «تاتارلارنى تەكشۈرۈش» ، «تارىخىي ئىلمىي ژۇرنىلى» 30-توپلام 7-نومۇر، 60—65-بەتلەر.

(64) «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە»

(65) (67) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 225-جىلد.

(66) «كىتابلار جەۋھىرى» 999-جىلد.

(68) ماچاڭشۇ «تۈركلەر ۋە تۈرك خاقانلىقى» 3-باب. شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1961-يىل نەشرى.

(69) «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 72-جىلد.

(70) جاڭ جيۇلىڭ «جۈيجاڭ راۋىقىدا يېزىلغان نەزمىلەر» 11-جىلد. «تۈرك خاقانلىرىغا يارلىق» (خاككاسلاردىن) سولۇن خېلى، چولا تارخان قاتارلىقلار ئۆتكەن يىلدا نەچچە ھەسسىلەپ كۆپ ئات سېتىۋالدى، ئۇنىڭدىن باشقا بەيئەت قىلغانلاردىنمۇ ئات كەلدى. بۇمۇ بۇيرۇققا بىنائەن بولغان ئىش ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئالدىنقى خاقان بارچاغدا، ھەر يىلى ئۈچ-تۆت مىڭ ئات تاپشۇراتتى... بۇ يىل تاپشۇرغان ئاتلار، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 14 مىڭ 400 گە يەتتى،... ھەممىسى 500 مىڭ تۇياق بولدى».

(71) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 206-جىلد، شېنگۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (697-يىل).

(72) «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 66-جىلد.

(73) «كونا تاڭنامە. گورىيىنىڭ تەرجىمىھالى» (دېزۇڭ دەۋرىدە) «باشلاپ ماڭغان ئەسكەرلەر قاراقچىلارنىڭ ئۆتىسىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمىدى. ئېلىپ كېلىنگەن ئاتلار. ئۇلارنىڭ ئېتىنىڭ يۈزدە ئىككىسىگىمۇ توغرا كەلمىدى. مۇداپىئەدە تۇرۇشقا توغرا كەلدىكى، جەڭ قىلغىلى بولمىدى». «باسقاق بەگ لى خۇيچاڭ تەپلەمى» 14-جىلد. (ۋۇزۇڭنىڭ دەۋرىدە) «سۇلالىنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشى، ئاتنىڭ (كەمچىل) لىكىدىن بولدى»، «يېڭى تاڭنامە» 148-جىلد: (شۈەنزۇڭنىڭ دەۋرىدە) «قوشۇندا ئات يەتمىدى، شۇڭا ئۇلار غەيرىي سىللەتلەر جەڭگە كىرگەندە نەچچە قېتىم يېڭىلىپ قالدى»

(74) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 237-جىلد.

(75) «يېڭى تاڭنامە. ئوزۇق-تۈلۈك، مال-مۈلۈك ھەققىدە تەزكىرە».

(76) ۋاڭ چيەن. «ۋاڭ چيەن سۈي، تاڭ تارىخى ماقالىلىرى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1981-يىل نەشرى. 297—298-بەتلەر.

(77) «يېڭى تاڭنامە. ئوزۇق تۈلۈك، مال-مۈلۈك ھەققىدە تەزكىرە».

(78) «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

(79) ليۇيىتاڭ: «ئۇيغۇرلار تەتقىقاتى» 7-باب.

(80) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 181-جىلد.

(81) پىلڭ شىنۋېينىڭ «جۇڭگونىڭ پۇل تارىخى» (شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1958-يىل نەشرى) 3—4-بابتا: سۇي-تاڭ مەزگىلىدە، يىپەكنىڭ بازار باھاسى ھەر توپى 1000 پۇل ئىدى دېيىلگەن.

(82) «يېڭى تاڭنامە. ئەسكەرلەر تەزكىرىسى».

(83) جاڭ جيۇلىڭ «چۈيجاڭ راۋىقىدا يېزىلغان نەزمىلەر» 6-جىلد. «تۈرك خاقانلىرىغا يارلىق».

(84) «يېڭى تاڭنامە. ئوزۇق-تۈلۈك، مال-مۈلۈك ھەققىدە تەزكىرە».

(85)(86) «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

(87) «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قۇتچۇر تەزكىرىسى».

(88) بەي جۈيى «بەي جۈيىنىڭ چاڭچىڭ توپلىمى» 4-جىلد «چوغاي يوللىرى».

(89) پىڭ شىنۋېي: «جۇڭگونىڭ پۇل تارىخى» 84—91-بەتلەر.

(90) گېڭ شىڭ تەرجىمە قىلغان «يىپەك يولى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىلى نەشرى. 162-بەت.

(91) (ياپونىيە) كاتوكېنجى: «تاڭ-سۇڭ دەۋرىدىكى ئالتۇن-كۈمۈش تەتقىقاتى». جۇڭگو بىرلەشمە تەييارلىق بانكىسى. 1944-يىل.

(92) ۋاڭ بىيچىن: «قەدىمكى جۈيەن يولى»، «تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 1980-يىل 3-سانى.

(93) «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» 73-جىلد.

(94) (تاڭ دەۋرى) لى جىفۇ: «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت-ناھىيىلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 4-جىلد. «تيەندې لاگېرى»، «ئوتتۇرا تەسلىم شەھىرى»، «غەربىي تەسلىم شەھىرى»، «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى».

(95) «خەننامە. لى گۇاڭ، سۇجيەننىڭ تەرجىمىھالى».

(96) مۇلىن ئۆتەڭ يولى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى قولىن (قاراقولىن) دىن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى پېڭجۇ (كۆكخوتىنىڭ شەرقى) ئايمىقىغىچە ئىدى.

(97) «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت-ناھىيىلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى». 40-جىلد. «شىجۇ ئايمىقى»، «ئۆۋرغول ئايمىقى»، «بېشبالىق ئايمىقى».

(98) «خەننامە. لى گۇاڭ. سۇجيەننىڭ تەرجىمىھالى».

(99) «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت-ناھىيىلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 40-جىلد. «گەنجۇ ئايمىقى».

(100) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 233-جىلد.

(101) «يېڭى تاڭنامە. جۇتاۋنىڭ تەرجىمىھالى».

(102) ۋاڭ بىيچېن: «قەدىمكى جۇيىيەن يولى»، «تارىخ تەتقىقاتى» 1980-يىل 3-سانىغا قارالسۇن.

(103) «كىتابلار جەۋھىرى» 994-جىلد. «تاشقى پۇقرالار ۋازارىتى، يەتتە خىل تەييارلىق» قا قارالسۇن.

(104) «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت-ناھىيىلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 40-جىلد. «لياڭجۇ ئايمىقى».

(105) (106) «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى. قۇتچۇر تەزكىرىسى».

(107) خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «بىلگە خاقان ئابىدىسى» نىڭ شەرقىي يۈزىدىكى 26—27-قۇرغا قارالسۇن.

(108) خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «تۇنيۇقۇق تۆھپە ئابىدىسى» بىرىنچى ئابىدىنىڭ شىمالىي يۈزىدىكى 27-قۇرغا قارالسۇن.

(109) «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» 10-جىلد. 240-ئابزاس.

(110) گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «مويۇنچۇر ئابىدىسى».

(111) «بۈيۈك جىڭشى قامۇسى. ئۆتەڭلەر»، «بۈيۈك يۇڭلې قامۇسى» دىن 19421-جىلد.

(112) «تامىم. بىنىنى. بەھرال مۇتتاۋى: «تامىمنىڭ ئۇيغۇر يۇرتىدىكى ساياھەتلىرى».

(113) «كىتابلار جەۋھىرى» 979-جىلد.

(114) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 247-جىلد.

(115) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

(116) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 224-جىلد.

(117) گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇر مويۇنچۇر ئابىدىسى».

(118) «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى. قوجو تەزكىرىسى».

(119) «جۇڭگو قامۇسى»، ئارخېئولوگىيە قىسمى. 1986-يىل نەشرى. 606-بەت.

(120) «گېشلوپ يازغان مورۇنشەن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» 1-قىسىم. 127-بەت.

(121) «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە: تۈركلەر قەلئە ۋە ئۆردا سارايلارنى سالغاندا، ئۆرۈش بولۇپ قالسا ھەرىكەتچانلىق قولدىن كېتىدۇ دەپ قورقۇپ، بۇ ئىشنى قىلمىغان دېيىلگەن.

(122) «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى».

(123) «تامىم. بىننى بەھرال مۇتتاۋى: «تامىمنىڭ ئۇيغۇر يۇرتىدىكى ساياھەتلىرى»

(124) يېمشيوپ: «ئۇرقۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى»، «مىللەت تەرجىمە مەجمۇئەسى» نىڭ 1987-يىل 3-سانىدىن

(125) «كىشلۇپ: «جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە بايقال كۆلى رايونىدىكى قەدىمكى قەلئەشەھەر تۈرمۇشىغا ئائىت يېڭى ماتېرىياللار»، «ئارخىئولوگىيە» نىڭ 1960-يىل 2-سانىغا قارالسۇن.

(126) (سوۋېت ئىتتىپاقى) ۋىلىيام. بارتولد يازغان، لوچىچىڭ تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن 12 لېكسىيە» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1984-يىل نەشرى. 37-بەت.

(127) گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «مويۇنچۇر خاقان ئابىدىسى».

(128) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 226-جىلد.

## بەشىنچى باب

# خاقانلىقنىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

### 1. تاڭ سۇلالىسى

تيەنباۋنىڭ 4-يىلى (745) دىن بۇرۇنقى تارىخقا ئەتراپلىق نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بېقىندى قەبىلىلەر (قەبىلىلەر ئىتتىپاقى) ياكى يەرلىك ھاكىمىيەت (تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماقلار) بىلەن مەركىزىي سۇلالىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ھالبۇكى تيەنباۋنىڭ 4-يىلىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار قوملۇقنىڭ شىمالىنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ، كۈچلۈك بىر خاقانلىق قۇردى. نەتىجىدە ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بېقىندى دۆلەت بىلەن مىتروبول دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئايلاندى.

تاڭ سۇلالىسى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، فېئوداللىق تۈسىنى ئالغان يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى ئىدى. ئۇيغۇرلار بولسا ئات ئۈستىدە سەپەر قىلىپ دۆلەت قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قويۇق ھەربىي دېموكراتىك تۈزۈم بىلەن قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقى بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى پۈتۈن شەرقىي ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ماختىنىدىغىنى پەقەت ئۇنىڭدىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەردىنلا

ئىبارەت ئىدى. لېكىن تاڭ سۇلالىسى باشقا ھەممە تەرەپلەردە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ھالدا ئىلغار، باي ھەمدە كۈچلۈك ئىدى، مۇشۇ پەرقلەر، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى قىياپەت ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە سەۋەب بولدى.

چۆلدەرەپ قالغان موڭغۇل دالاسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ نەزەرىدە، «ئادەملىرىنى باشقۇرسا نەپ ئالغىلى بولمايدىغان، يەرلىرىنى باشقۇرسا تېرىغىلى بولمايدىغان» يەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم دېڭىزى ئارقىلىق قاق بەلدىن ئايرىلىپ تۇرغان تەبىئىي شارائىت ۋە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇتۇق بەرمەي يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، قوشۇن تارتىپ بويسۇندۇرۇشتىنمۇ ئۇنۇم ھاسىل بولمايتتى. مۇشۇ تۈپەيلى، تاڭ سۇلالىسى گەرچە كۈچەيگەن چاغلاردا ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە كېڭەيمىچىلىك قىلغان بىلەن، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قارىتا قورال كۈچى ئىشلىتىش نىيىتىدە بولمىدى، باشتىن-ئاخىر دېگۈدەك سىياسىي جەھەتتىكى بېقىندى دۆلەت بىلەن تۇتۇپ تۇرۇش مۇناسىۋىتىدىلا توختاپ قالدى. تاڭ سۇلالىسى ئاجىزلاپ قالغان چاغلاردا، گەرچە ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ چەت-ياقا رايونلىرىدا كىچىك كۆلەمدىكى بۇلاڭ-تالاڭ بىلەن شۇغۇللىنىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت كۈچىنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ياكى زېمىن جەھەتتە باشقا يامان غەرەزدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىسى روشەن ئىدىكى، ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىسىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەھسۇلاتىغا بولغان ئېھتىياجى، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشىغا تۈرتكە بولاتتى. بولۇپمۇ يىپەك يولى لىنىيىسىنىڭ شىمالغا يۆتكىلىشى، غەرب ئەللىرىگە يىپەك مال توشۇيدىغان سودا پائالىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار

ئىقتىسادىدىكى نىسبىتىنىڭ كۈنسايىن ئۆرلىشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئات، يىپەك سودىسىنى خاقانلىق ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكىگە ئايلاندۇرغانىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئوخشۇشلۇق رەۋىشتە ۋە يۇقىرى باھادا ئات سېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كۆپ يىپەك مال ئالماشتۇرۇش، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشتا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، سودا بولسا گۈللىنىش بولاتتى، سودا بولمىسا راۋاجلانماق تەس ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تايىنىش، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە تۇتقان سىياسىتىنى ئۇيان-بۇيان قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىدى.

ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىلقا باقىدىغان جايلىرى پۈتۈنلەي قولدىن كەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىغا بولغان ئېھتىياج كۆپەيدى، ئۇيغۇرلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاتنىڭ باھاسىنى ئۆرلەتتى ھەمدە سودا مىقدارىنى كېڭەيتتى. تاڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار ھەم ھەربىي قوشۇننى قامداشتا ئۇيغۇرلاردىن ئات سېتىۋېلىشى زۆرۈر ئىدى، ھەم غەربىي شىمالنىڭ مۇداپىئەسى ۋە ئىچكى توپىلاڭلارنى بېسىقتۇرۇشتا ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىگە موھتاج ئىدى. مۇشۇلار تۈپەيلى، ئۇلار مالىيىسىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىغا قارىماي، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئات، يىپەك سودىسىنى ساقلاپ قالاتتى. ئۇيغۇرلارمۇ ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتە قانائەت ھاسىل قىلاتتى، ھەم ھەربىي جەھەتتىن تاڭ سۇلالىسىنى قوللايتتى. گەرچە ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتى ۋە ئارىدىكى سۈركىلىش ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئۆز ئارا يار-يۆلەك بولۇش ۋەزىيىتىدە باشتىن-ئاخىر ئۆزگىرىش بولمىدى، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن

ئىتتىپاقداشلىق ۋە بېقىندى دۆلەتلىك مۇناسىۋەتنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇردى.

ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى ئون يىلدا (744—756)، ئۇنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھاكىمبەگلىك ئورنى تازا مۇقىم بولمىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇتۇغات نامى بېرىشى ئارقىلىق قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى چۆچۈتۈش ئۈچۈن، شۇ يىللاردىكى ئىككى نەپەر خاقان ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تاڭ شۈەنزۇڭغا قوللۇق بىلدۈردى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېقىندى دۆلىتى بولۇپ قالغانىدى.

ئەينى چاغدا، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئۇيغۇرلار پەقەت شەرق بىلەن شىمالغىلا ئىلگىرىلىيەلەيتتى. ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، قۇملۇقنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بىرمۇنچە ھەربىي يۈرۈشلەرگە ئاتلاندى①. تيەنباۋنىڭ 14-يىلى (755) غا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار شىمالدىكى قىرغىزلارنى، شەرقتىكى تاتارلارنى، قىتانلارنى ۋە قوموقلارنى ئاساسەن تىزگىنلىدى. شۇنداقلا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ غەربتە قارلۇقلار بىلەن ئۈستۈنلۈك تالاشتى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا قاراپ ئىچكىرىلىدى.

ئۇيغۇرلار گەرچە تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن بېقىندى ئەل ھېسابلانسىمۇ، لېكىن تاڭ سۇلالىسى قۇملۇقنىڭ شىمالىنى پارچىلاپ تۇرۇپ ئىدارە قىلىش ئەنئەنىۋى ئىدىيىسىگە ئاساسەن، ئۇيغۇر خاقانلىقىنى ئۇزۇنغىچە ئۆز ئالىقىنىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. ئۇلار مۇشۇ سەۋەبلەرگە ئاساسەن بۇ بىر مەزگىل

ئىچىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى توسىمىز دەپ كۆپ باش قاتۇردى. تاڭ سۇلالىسى شەرقىي شىمال تەرەپتە قىتانلار بىلەن قۇمۇقلارغا بولغان تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى قەبىلە ئۈستىگە ئۈزلۈكسىز يۈرۈش قىلدى. غەربىي شىمالدا قىرغىز ۋە قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنى چەكلەش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. ھالبۇكى تيەنباۋنىڭ 10-يىلى (751) يۈز بەرگەن تالاس جېڭىدىن كېيىن، قارلۇقلار تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى ھەمدە قىرغىز، ئەرەب (تاجىكلار)، تىبەت قاتارلىقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، تاڭ ھۆكۈمىتى قارىمىقىدىكى بېشبالىق، غەربىي تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىتا ئامبۇر شەكىللىك ھۇجۇم قىلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى بۇ دۈشمەنلەرگە قارشى تۇردى. غەربىي لىنىيىدىكى بۇ خىل ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق يېرىم ئەسىردىن ئۇزۇنراق داۋاملاشتى.

تيەنباۋنىڭ 14-يىلى (755) ئەنلۇك-سۈيگۈن توپىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى تېزلا ھالىدىن كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تاڭ سۇلالىسى يالغۇز چېگرا مۇداپىئەسىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ياردىمىگە تايىنىپ قالماي، بەلكى ئىچكى سىياسەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قورال كۈچى بىلەن قوللىشىغا قارايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى تەرەپ ئىتتىپاقداشلىقى ئىچىدىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىقتىكى ھاكىمبەگلىك ئورنىنى پەسەنت قىلمايدىغان ھالغا يەتتى، ھەتتا ئۇيغۇرلار بىر مەھەل تاڭ سۇلالىسى بىلەن

تەڭ ئۆلتۈرۈپ، تەڭ قوپىدىغان دەرىجىگە باردى.

ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى جىدىنىڭ تۇنجى يىلى (756) ۋە باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى (762) بولۇپ ئىككى قېتىم ئۇيغۇرلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئىككى قېتىم جەنۇبقا چۈشۈپ، تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن توپىلاڭچى قوشۇنلىرى ئۇزۇندىن بۇيان تىركىشىپ بىر تەرەپ بولالمايۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا جەڭگە ئاتلاندى ھەمدە ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تېزلا ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە توپىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىشتا ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى ھالقىلىق رول ئوينىدى. لېكىن، ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ياردەمگە كېلىشى يالغۇز ئۆزىنىڭ بېقىندى دۆلەتلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى ئىشغال قىلغان ئاۋات شەھەرلەرنى بۇلاش ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پادىشاھلار بىلەن قۇدىلىشىشنى ھەمدە بۇ ئارقىلىق «غەيرىي قەبىلىلەر ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىش» مۇددىئاسىغا يېتىشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار قوشۇن چىقىرىشتىن بۇرۇنلا يۇقىرىدىكى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇرۇش غەلىبە بىلەن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى توختامغا ئاساسەن كەڭ-كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ بىلەن شۇغۇللاندى، لوياڭ ۋە دۇ، جىڭ ئايماقلىرىدا «ھەممە ئۆينى پاك-پاكىز قۇرۇقدىۋەتتى»②.

ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئىككى قېتىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ خەنجۇڭ بېگى لى يۈي مەلىكە نىڭگونى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار قارارگاھىغا ئۇزىتىپ بارغاندا، خاقان ئۇنى تولىمۇ تەكەببۇرلۇق

بىلەن قارشى ئالدى. بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلارنىڭ «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»دا: «ئۇ (خەنجۇڭ بېگى لى يۈي) بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، ئىككى نەپەر ئايىم قىز (مەلىكە نىڭگو بىلەن مەلىكە شاۋنىڭگو)نى ماڭا سوۋغات قىلىپ سۇندى... ئۇ مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قۇلاقتا چىڭ تۇتىدىغانلىقىنى، خاتا ئىش قىلمايدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى» دەپ يېزىلغانىدى③.

ئۆگلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا ئايدىڭ بولمىدى. دەريانىڭ شىمالىي تەرىپىدە تەپرىقىچىلىك قىلىۋاتقان قارام ئەل قورغانلىرى قولمۇقىنىڭ شىمالىغا بىرنەچچە مەرتىۋە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلارنى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ۋەزىيىتىگە روشەنكى زور تەسىر كۆرسەتتى. مۇشۇ تۈپەيلى، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ماددىي جەھەتتىكى ھەرقانداق تەلىپىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قاندۇردى. ئۇيغۇرلار ئەكسىچە بۇ خىل ھالەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بولۇشىغا قاقتى-سوقتى قىلدى ھەمدە ئاتنىڭ باھاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. گۇاڭدېنىڭ 2-يىلى (764) تەڭرى خاقان (بۆكۈخان) تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن سانغۇن بارغۇت خويۇننىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن قوشۇن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۇجۇم قىلىپ، مال-مۈلۈك بۇلىدى. تاڭ تەيزۇڭ «ئەمەلدارلاردىن ئېلىنغان باج پۇلىغا 100 مىڭ تەپكە يىپەك سېتىۋېلىپ ئۇيغۇرلارغا ئىنئام قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى»④. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى خاقان (بۆكۈخان) سەددىچىنىنىڭ سىرتىغا قايتتى.

ئۆگلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن تاڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان جەڭلەردە چارچاپ كەتكەنىدى، تىبەتلەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ خۇاڭخې

دەرياسىنىڭ غەربىي بىلەن لۇڭيۇنى بېسىۋالدى، ئۇلار بۇ رايونلارنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرىگىمۇ تەھدىت سالدى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇرلاردىن تىبەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن تەڭرى خاقان (بۆكۈخان) پايدا-زىيان بىلەن ھېسابلاشماي، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بايلىقىنى تالان-تاراج قىلىشتىن قول ئۈزمىدى. چاڭئەندە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئالۋاچىلارمۇ نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلدى. «كېچە-كۈندۈز دېمەي ئادەم ئۆلتۈردى»، «دۇكانلارنى بۇلىدى»⑤. تاڭ تەيزۇڭ تىبەتلەرنىڭ چېگرىغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىلاجىسىز بارىچە ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا تىرىشتى، ئات-يىپەك سودىسىدا كۈچەپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى، ئۇيغۇر ئالۋاچىلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قورسىقىنى كەڭ تۇتتى. ھالبۇكى، تاڭ تەيزۇڭنىڭ يول قويۇش پوزىتسىيىسى تەڭرى خاقان (بۆكۈخان) نىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. دالىنىڭ 10-يىلى (775) 12-ئايدا «ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى شاجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلدى»⑥. دالىنىڭ 13-يىلى 1-ئايدا «ئۇيغۇرلار تەييۇەنگە ھۇجۇم قىلدى»، تاڭ قوشۇنلىرى ئۇيغۇرلارنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، «ئوردىدا تۇرۇۋاتقان چوڭلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قالماي، ئەكسىچە ئۇلارغا يەنىلا بۇرۇنقىدەك مۇئامىلىدە بولدى»⑦. ئۇزۇن ئۆتمەي، تاڭ سۇلالىسى داۋاملىق ھالدا چىداپ تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى، مەيلى ئوردىدا بولسۇن، مەيلى سىرتتا بولسۇن، تاشقى سىياسەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇرلارغا قايتارما زەربە بېرىش لازىم دېگەن تەشەببۇسلار كېلىپ چىقتى.

دالىنىڭ 14-يىلى (779) تاڭ تەيزۇڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ، «ئۇيغۇرلارغا ئەزەلدىن ئۆچ بولغان» تاڭ دېزۇڭ تەختكە ئولتۇردى. تاڭ دېزۇڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن «تىبەتلەرگە قارىتا ئىلتىپات كۆرسىتىش» سىياستىنى يولغا قويدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغان يىلدىلا، تىبەتلەر بىلەن ئۆزئارا ئەسىر ئالماشتۇردى، ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلۇق ئورناتتى.

تەڭرى خاقاننىڭ ئاچكۆزلۈكى، ۋەزىيەت بىلەن كارى بولماي يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان نارازىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دەل تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياستىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان پەيتتە، ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى. جيەنجۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (780) ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرى تون باغا تارقان تەڭرى خاقان (بۆكۈخان) نىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئاتلىنىشقا قوشۇلمىدى، لېكىن تەڭرى خاقان (بۆكۈخان) بۇ گەپكە قۇلاق سالمىغاچقا، «تون باغاقان ئادەملەرنىڭ جەنۇب تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىش نىيىتى يوقلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەڭرى خاقانى ئۆلتۈرۈۋەتتى» ھەمدە ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ماڭدۇرۇپ «قارام پۇقرا بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى، ئۇزۇن چاچ قويىدىغانلىقىنى، يارلىق بويىچە ئىش كۆرىدىغانلىقىنى» بىلدۈردى⑧. بىراق، تاڭ دېزۇڭ شەخسىي مەنپەئىتىنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۇيغۇرلارغا بولغان كونا ئۆچمەنلىكىدىن يانمىدى، داۋاملىق يوسۇندا «تىبەتلەرگە ئىلتىپات كۆرسىتىش» سىياستىنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر خاقانىغا ئۇتۇغات نامى بېرىشنى رەت قىلدى. نەتىجىدە مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدىغان ئوبدان پۇرسەت قولدىن كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئەھۋال چاتاق چىقىرىپ، مۇكاپات ئېلىش كويىدا يۈرگەن چېگرا سانغۇنلىرىغا يەل بەردى.

جيەنجۇڭنىڭ تۇنجى يىلى 8-ئايدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭۋۇدا تۇرۇشلۇق باقاۋۇل بېگى جاڭ گۇاڭشېڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئۇيغۇر يالۋاچلىرىدىن تودۇن قاتارلىق 900 ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى. «تودۇن دېگەن بۇ ئادەم ئالىپ قۇتلۇق بىلگە خاقان (تون باغا) نىڭ تاغىسى ئىدى»⑨. لېكىن تون باغا خاقان چوڭ ۋەزىيەتنى ئەلا بىلىپ: «قاننى قان بىلەن يۇغاندا، داغ تېخىمۇ كۆپىيىدۇ! مەن قاننى سۇ بىلەن يۇسام، بۇ ياخشى ئىش ئەمەسمۇ!»⑩ دېدى ھەمدە قوراللىق ئۆچ ئېلىشنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان تىنچ سودا ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقداش مۇناسىۋەتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوغدىدى. شۇنداقتىمۇ تاڭ دېزوڭ ئۇنىڭ سەمىمىيلىكىدىن تەسىرلەنمىدى، جيەنجۇڭنىڭ 4-يىلى (783) تاڭ سۇلالىسى چىڭشۈي دېگەن جايدا ئۇيغۇرلارنىڭ كونا رەقىبى تىبەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بىر مەزگىللىك تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ ئىش ئۇيغۇرلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن دۈشمەنلىشىپ كېلىۋاتقان خېبېيدىكى قارام ئەل قورغانلىرىغا يېقىنلاشتى ھەمدە 3000 كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ، خېبېيدىكى قارام ئەل قورغانلىرىنىڭ تاڭ قوشۇنلىرى ئۈستىگە قىلغان ھۇجۇمىغا ياردەم بەردى. تاڭ دېزوڭ ئەسلىدە تىبەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارغا ۋە ئىسيان كۆتۈرگەن قارام ئەل قورغانلىرىغا تاقابىل تۇرماقچى بولغانىدى، ھالبۇكى، تىبەتلەر ئەكسىچە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گۇەنجۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. جېنيۇەننىڭ 3-يىلى (787) تىبەتلەر يەنە چارە ئويلاپ، پىڭلياڭ دېگەن يەردە ئىتتىپاقداشلىققا دەخلى يەتكۈزدى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ دوستلۇق توختامنامىسىنى بۇزدى. ئىش مۇشۇ ھالغا كەلگەندە، تاڭ دېزوڭ ئاندىن تىبەتلەرنىڭ يامان نىيىتىنى بىلىپ يەتتى، شۇنداقلا ۋەزىر لى مىنىڭ نەسىھىتى بويىچە، تىبەتلەرگە

قارىتا ئىلتىپات كۆرسىتىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن يەنە بىر قېتىم ئىتتىپاق تۈزۈشكە بەل باغلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تون باغا خاقانمۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوست ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدا بىرىنچىدىن، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم ئەمەس ئىدى. تون باغا خاقان زور كۆلەمدە قان تۆكۈلگەن سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق تەختكە چىققان بولغاچقا، ئەگەر تاڭ سۇلالىسى ئېتىراپ قىلمىسا ۋە ئوتۇغات نامى بەرمىسە، ئۆز ئورنىنىڭ پۇختا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككىنچىدىن، تاشقى ئاپەتلەر كۈچەيمەكتە ئىدى. تىبەتلەر تارىم ئويمانلىقىنى ۋە خېشى كارىدورىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئېلىپ، جۇڭغارىيە! ئويمانلىقىدا قارلۇقلار بىلەن بىرلىكتە بېشبالىققا بولغان ھۇجۇمنى كۈچەيتمەكتە ئىدى. ئەينى چاغدا، يەنى جېنيۈەننىڭ 2-يىلى (786) تىبەتلەر يەن ئايمىقىنى (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ دىڭبىيەن دېگەن يېرى)، شاجۇ ئايمىقىنى (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئۇشىن خوشۇنى) ئىشغال قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قەبىلىسىنى غەرب بىلەن جەنۇبتىن ئاساسەن ئىسكەنجىگە ئېلىپ بولغانىدى. بۇ ئارىدا، شەرقتىكى قۇمۇقلار ۋە قىتانلارمۇ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى، قۇمۇقلارنىڭ بېگىگە ياتلىق بولغان ئۇيغۇر مەلىكىسى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئەھۋالدا، قىتانلار بىلەن تىبەتلەر شەرق بىلەن غەربتىن قىستىغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان يولى ئۈزۈلۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ خېيېيدىكى قارام ئەل قورغانلىرىنىڭ توپىلىڭىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ماڭغان قوشۇنلىرىمۇ قاتتىق مەغلۇپ بولدى.

ئەمەلىي پاكىتلار، تاڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشكەندە

چىقىش يولى بولمايدىغانلىقىنى، بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا خەۋپ-خەتەردىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، مۇشۇلارغا ئاساسەن، تون باغا خاقان تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىغا قويغان بەش شەرتنى تامامەن قوبۇل قىلدى، «يۇقىرا بولۇشقا، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قولىدىكى ئادەم بولۇشقا» رازىلىق بەردى⑪ ۋە بۇ ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش، دوستانە ئۆتۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. جېنيۈەننىڭ 4-يىلى (788) تاڭ دېزوڭ ئۆز قىزى شۈەنئەن مەلىكىنى ئۇيغۇرلارغا ياتلىق قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى دەرھال ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، تاڭ زېمىنىغا بارىدىغان ئۇيغۇر ياللۋاچلارنىڭ «تەكەببۇرلۇقى ۋە چوڭ مىجەزى» مۇ. «تەلتۆكۈس غايىب بولدى»⑫.

## 2. تىبەتلەر

VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەنى گۇللەپ-ياشنىغان تاڭ سۇلالىسى زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەن مەزگىلدە ئۇيغۇر خاقانلىقى بىلەن تىبەت خاقانلىقىنىڭ سىرتقا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان كېڭەيمىچىلىكى راۋاجلانغان مەزگىل ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلمىشتىكى مۇھىم نۇقتىسىنى ئوخشاشلا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىغا قاراتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇشۇ رايوندىكى تالاش-تارتىشى بىر ئەسىردىن ئۇزۇنغا سوزۇلدى.

تيەنباۋنىڭ 10-يىلى (751) تالاستىكى جەڭدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پامىرنىڭ غەربىدىن چېكىنىپ چىقىشى بىلەن ئۇنىڭ جۇڭغارىيە ئۈيمانلىقىدىكى باشقۇرۇشى زور دەرىجىدە

ئاجىزلاپ كەتتى. ئۇيغۇرلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۆتلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى بىلەن بېشبالىقتا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى زور تۇركۇمدە ئىچكىرى جايلارغا يۆتكەلدى، تىبەتلەر تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى بوش قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ يەرلەرنى ئىلكىگە ئالدى. ئۇيغۇرلار بولسا تەدرىجى يوسۇندا جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

جېنيۈەننىڭ 5-يىلى (789) تىبەتلەر بېشبالىققا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى ئىلىك چاس تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بېشبالىقتا تۇرۇشلۇق ھىراۋۇلى ياڭ شىگۇ بىلەن بىرلىكتە شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلدى. بۇ چاغدا، بېشبالىققا يېقىن ئەتراپتا تۇرىدىغان چۆل تۈركلىرى، قارلۇقلار ۋە ئاق تۈرك قاتارلىق باشقا قەبىلىلەر شۇنداقلا شەھەر ئىچىدىكى خەنزۇلار «ئۇيغۇرلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىگە چىدىماي» «تىبەتلەرگە يوشۇرۇن رەۋىشتە ئەل بولغانلىقى»⑬ ئۈچۈن، بېشبالىق قولدىن كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تىبەتلەر پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىنى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىنى بېسىۋالدى. لېكىن «بېشبالىقتىن ئۇيغۇرلار تۇرۇۋاتقان جايغا بارىدىغان ئارىلىق ئەڭ يېقىن» ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېشبالىق غەربتىكى سودا يولىنى كونترول قىلالايدىغان ئاساسلىق جاي، شۇنداقلا ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ئىدى، مۇشۇلار تۈپەيلى، ئۇيغۇرلار پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ تىبەتلەر بىلەن ئېلىشتى. جېنيۈەننىڭ 7-يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە «ئەلچى ئەۋەتىپ، تىبەتلەر بىلەن قارلۇقلارنى بېشبالىقتا مەغلۇپ قىلغانلىق خەۋىرىنى ۋە غەنىيمەت ئالغان چارۋا، تۇتۇۋالغان ئەسىرلەرنى يەتكۈزۈپ بەردى»⑭.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا بېشبالىق، كېنگىت (قارا شەھەر)، كۈسەن (كۇچا) لىنىيىسىنى بويلاپ

ئېلىپ بېرىلغان تارتىشماق جېڭى ئايىغى ئۈزۈلمەي داۋام قىلدى. ئۇيغۇرلار نەچچە ئون يىل مابەينىدە، تىبەتلەر، قارلۇقلار، قىرغىزلار بىلەن ئارقا-ئارقىدىن بىر تالاي جەڭلەرنى ئېلىپ باردى. IX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتنىكى تالاش-تارتىشتا بارا-بارا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. بويى خاقان (ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇچ بىلگە خاقان-ئاي تەڭرىخان) زامانىدا (821 — 808)، ئۇيغۇرلار تىبەت، قارلۇق ۋە قىرغىزلاردىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئىتتىپاقىنى ئۈزۈل-كېسىل ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. «بويى خاقان مەڭگۈ تېشى»غا «قارلۇقلار، تىبەتلەر ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ، تۇغ-ئەلەملىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلىدۇق، ئادەملىرىنىڭ كاللىسىنى ئالدۇق، ئۇلارنى شىمالغا قارىتىپ قوغلىدۇق، غەربتە تاكى فەرغانە دۆلىتىگە قەدەر بېرىپ، خەلقنى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى قولغا چۈشۈردۇق»⑮ دەپ يازدى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار يالغۇز بېشبالىق ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ پۈتۈن شىمالىي ئېتەكلىرىنىلا ئىگىلەپ قالماي، بەلكى يەنە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇسەن، كېنگىت ۋە پامىرنىڭ غەربىدىكى يەتتىسۇ، نارىن دەرياسى ۋادىلىرىنىمۇ ئىشغال قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇلار قىرغىزلار بىلەن تىبەتلەرنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى ھەمدە قارلۇقلارنى تىز پۈكۈپ ئەل بولۇشقا مەجبۇرلىدى. بۇ ئەھۋال كەيچېكىنىڭ 5-يىلى (840) دىن كېيىن ئۇيغۇر خاقان ئوردىسىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بويى خاقان (ئاي تەڭرىخان) مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي دىياردا مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققانلىقى، ئەرەب ساياھەتچىسى تامىم. بىننى. بەھرال مۇتناۋىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنىدى⑯.

ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەر ئارىسىدىكى يەنە بىر جەڭ گەن، لياڭ، لىڭ، يەن ۋە شيا، فېڭجۇ ئايماقلىرىدا ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ رايونلارنىڭ شىمال تەرىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرى جايلاشقانىدى، بولۇپمۇ گەن، لياڭ ئايماقلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىگە ئۇدۇل بارىدىغان يوللار بار ئىدى. گەنجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىدىكى جۈيەن سازلىقى جۈيەن يولىنىڭ تۆت دوقمۇشى بولۇپ، ئۇ يەردىن شىمالغا ماڭغاندا ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ قارارگاھىغا بىۋاستە بارغىلى بولاتتى. ئۇيغۇرلار مۇداپىئەنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن، بۇ يەرگە قەلئە-قورغانلارنى سالغانىدى. لىڭجۇ بىلەن فېڭجۇ ئايمىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۆتىدىغان دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى كارۋانلار ۋە ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. تىبەتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن، خېشى بىلەن لۇڭيۇنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گەن، لياڭ، لىڭ، يەن، شيا ۋە فېڭجۇ ئايماقلىرىنى ياقىلاپ شەرققە بۆسۈپ كىرمەكچى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر-بىرىگە تۇتاشقان يوللىرىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئاندىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا جەنۇب بىلەن شىمالدىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلماقچى ۋە ئۇلارنى ئايرىم ھالدا تارمار قىلماقچى بولدى. ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەر بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان جەڭ، جېنيۈەننىڭ 6-يىلى (790) ئەتراپىدا باشلىنىپ، تارتىشماق شەكلىدە يېرىم ئەسىردىن ئۇزۇنراق ۋاقىت داۋاملاشتى.

جېنيۈەننىڭ 2-يىلى (786) تىبەتلەر يەن ۋە شيادىن ئىبارەت ئىككى ئايماقنى بېسىۋېلىپ، ئارقىدىنلا زور قوشۇن باشلاپ لىڭجۇ بىلەن فېڭجۇغا ھۇجۇم قىلدى. مۇداپىئەدە تۇرغان تاڭ قوشۇنلىرى ئۇلار بىلەن تولا ئېلىشىپ ھاردى، لىڭجۇ قەلئەسى يىل بويى قورشاۋدا تۇردى، ئۇ قولدىن بۇ قولغا بىر نەچچە قېتىم ئۆتتى. جېنيۈەننىڭ 7-يىلىدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇرلار لىڭجۇ ئايمىقىنى ئارتىۋېلىش جېڭىگە ئاتلاندى. بۇ

چاغدا تىبەتلەر لىڭجۇ قەلئەسىگە كىر ەلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار «كېچىسى ئوت ھۇجۇمى قىلىپ» تىبەتلەرنى چېكىندۇردى ۋە تىبەتلەرنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن باش سەركەردىسى جىشىننى چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىپ، غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ⑰ شۇنىڭدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار مۇشۇ لىنىيىدە تىبەتلەرگە بىرلىكتە تاقابىل تۇردى. يۈەنخېنىڭ 4-يىلى (809) تىبەتلەر چوڭ قوشۇن بىلەن قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يالغۇز لىڭجۇنى ئىشغال قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ، تاكى فېڭجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىغىچە باردى، 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەردىن تەشكىللەنگەن چوڭ قوشۇن تەڭرى خاقان يولىدىكى چۈمگەك بۇلاقتا «ئۇيغۇرلارنىڭ باج-خىراج تاپشۇرۇپ، دۆلىتىگە قايتىۋاتقان ئادەملىرىنى تۇتۇۋالدى» ⑱. جەنۇبتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۇتىشىدىغان يول بىر مەھەل ئۈزۈۋېتىلدى. يۈەنخېنىڭ 8-يىلى (813) «ئۇيغۇرلار قوشۇن باشلاپ، دەشتىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ» قايتارما زەربە بەردى ۋە تىبەتلەرنى يەڭدى. ئاندىن جۈيەن يولىنى بويلاپ غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، غەربكە قاراپ ھۇجۇمغا ئاتلاندى، «لىيۇگۇ جىلغىسىنىڭ غەربىدە تىبەتلەرگە زەربە بېرىپ»، ئۇدۇل شىجۇ ئايمىقىغىچە باردى. يۈەنخېنىڭ 11-يىلى (816) غا كەلگەندە، تىبەتلەر شەرقىي لىنىيىدە يەنە ئۇستۇلۇككە ئېرىشتى ھەمدە ئارىدا بىر قېتىم ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھىغا ئۈچ كۈنلۈك كېلىدىغان جايغىچە يېتىپ باردى⑲. تىبەتلەرنىڭ تەھدىتى، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تېخىمۇ يېقىندىن ئىتتىپاقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. چاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (821) تاڭ مۇزۇڭ مەلىكە تەيخېنى ئۇيغۇر خاقانىغا ياتلىق قىلدى، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن تىبەتلەر شۇ يىلى 6-ئايدا يەنجۇ ئايمىقى ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە قاتناش يولىنى ئۈزۈۋېتىپ، قۇدىلىشىشنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى.

ئۇيغۇرلار «تىبەتلەرنى توسۇپ، مەلىكىنى قارشى ئېلىش» شۇنداقلا كۈتۈۋېلىشقا چىققان ۋە ئۇزىتىپ كەلگەنلەرنى قوغداش ئۈچۈن «بېشبالىقتىن 10 مىڭ ئاتلىق، ئەنشىدىن 10 مىڭ ئاتلىق چىقىرىپ»، جۇيەن يولىغا شەرققە قارىتىپ ئورۇنلاشتۇردى⑳. مەلىكە تەيخېنىڭ ياتلىق بولۇشى ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. بۇ ئىتتىپاقداشلىقنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە، تىبەتلەر داۋاملىق يوسۇندا شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەش غەرىزىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. مەلىكە تەيخې ياتلىق بولۇپ 2-يىلى (822) تىبەتلەر تاڭ سۇلالىسى بىلەن يارىشىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ يەن، لىڭ، شيا، فېڭ ئايماقلىرىغا بولغان ھۇجۇمى ئاساسىي جەھەتتىن پەسكويغا چۈشتى، گەن، لياڭ ئايماقلىرىدىن شىمالغا ئاتلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئىشمۇ قايتا تەكرارلانمىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، تىبەتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان تالاش-تارتىشتا ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن كۆرەڭلەپ، ئۇيغۇرلارنى كۆزگە ئىلمىدى، دائىم دېگۈدەك «ئۇيغۇرلار كىچىك دۆلەت، بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ» دەپ پەرەز قىلدى㉑. لېكىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تەرىپىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، تىبەتلەر ھەر ئىككى لىنىيىدە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولدى.

### 3. قىرغىزلار، قارلۇقلار

ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بارلىق كۈچى بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلدى، چەنيۈەن يىللىرى (758 — 760) قىرغىزلارنى بويسۇندۇردى ھەمدە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى شىمال تەرەپتىكى يەنسەي دەرياسى ۋادىسىغا قەدەر كۆچۈرۈپ، قەلئە-قورغانلارنى سېلىپ، مۇداپىئەدە تۇرىدىغان قوشۇنلارنى

ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن قىرغىزلار «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە يەنى ئۈچ مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى» تۆگە بىلەن ماڭغاندا قىرىق كۈندە بارغىلى بولىدىغان جايدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زېمىنى كەڭرى، ئاھالىسى كۆپ بولغاچقا، بويسۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە ياشىدى. ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى ئاراغا «بىلگە تون تېكىن» دەپ ئۇنۋان بەردى. شۇنداقتىمۇ قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن باشتىن-ئاخىر نارازى بولۇپ كەلدى ۋە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چارە-تەدبىر قوللىنىپ، تاشقى ياردەم بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلارغا تاقابىل تۇردى. ئۇلار بىرىنچىدىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى تاڭ تەيزۇڭ، تاڭ شۈەنزۇڭ، تاڭ ۋۇزۇڭ، تاڭ يىزۇڭ، تاڭ شىزۇڭ دەۋرلىرىگە قەدەر، قىرغىزلار تاڭ سۇلالىسىگە ئۈزۈلدۈرمەي ئەلچى ئەۋەتىپ قۇللۇق بىلدۈردى، ئۇلارغا باج-خىراج تۆلىدى، ئۇلاردىن ئۇنۋان نامى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يول يىراق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلارنىڭ توسالغۇسى تۈپەيلى، بەزى ئەلچىلەر چاڭئەنگە ئۈچ يىل يول يۈرۈپ ئاران يېتىپ كېلەلەيتتى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى خەنزۇلىنىنىڭ ئەۋلادى، تاڭ جەمەتى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان بولىمىز دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلدى. تاڭ سۇلالىسىمۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۇلارغا تۇتۇق، سانغۇن، خاقان ناملىرىنى ئۇنۋان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياردىمىنى ئىپادىلىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى تۈركەش ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى بىلەن قۇدىلاشتى. دالى يىللىرى (766 — 779) دىن ئىلگىرى، تۈركەش خاقانلىقى كۈچەيگەن چاغلاردا، قىرغىزلارنىڭ ئاقساقىلى تۈركەش خاقانىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. دالى يىللىرىدىن كېيىن قارلۇقلار كۈچىيىپ

تۈركەشلەرنىڭ ئورنىغا ئۆتتى ۋە چۇ دەرياسى، ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن قىرغىز ئاقساقاللىرى قارلۇق قەبىلىسىدىكى يابغۇلارنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى. ئۈچىنچىدىن، ئەرەبلەر ۋە تىبەتلەر بىلەن دوستلىشىپ، ئۆز ئارا ئەلچى ئەۋەتىشتى ۋە سودا ئالاقىسى ئورناتتى. جېنيۈەنىنىڭ 5-يىلى (789) غا كەلگەندە، تىبەتلەرنىڭ بېشبالىقنى ئالغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر دەملىك بولسىمۇ غەربىي يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قىرغىز ئاقساقىلى ئارا ئۆزىنى خاقان دەپ جاكارلىدى ھەمدە ئاشكارا ھالدا ئىسيان كۆتۈردى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇيغۇرلار بېشباشلىقنى قايتۇرۇۋالدى ۋە داۋاملىق يۇسۇندا غەربكە ئىلگىرىلەپ، قىرغىزلارنىڭ تىبەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. قۇتلۇق خاقانىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە (795—805) ئۇيغۇرلار زور قوشۇن بىلەن شىمالغا ئاتلىنىپ، قىرغىزلارنىڭ خاقانىنى ئۆلتۈردى ۋە ئۇلارنى يەنە بىر مەرتىۋە بويسۇندۇردى. چاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (821) دىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئاستا-ئاستا ھالسىرىدى، قىرغىزلار يەنە بىر قېتىم ئىسيان كۆتۈردى، «ئۇيغۇرلار ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن بىر نەپەر ۋەزىرنى ئەۋەتتى، لېكىن ئۇ غەلىبە قىلالمىدى، مالىمانچىلىق 20 يىل داۋاملاشتى» [22]. كەيچىڭنىڭ 5-يىلى (840) قىرغىزلار موڭغۇل دالاسىدىكى تەبىئىي ئاپەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، زور قوشۇن بىلەن جەنۇبقا چۈشتى ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقىنى يوقاتتى.

قارلۇقلار ئوڭ ۋە سول دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ئۇيغۇر خاقانلىقى ئۆرۈلگەندىن كېيىن، موڭغۇل دالاسىدىكى سول باسقاق قارلۇقلار تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىگە سىڭىشىپ كەتتى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى ئوڭ باسقاق قارلۇقلار «ئۆزلىرىگە يابغۇ تىكلەپ»، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىقتىكى

قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارام بولدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن «قارلۇقلار ئاستا-ئاستا كۈچىيىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان بولدى»㉓ ھەمدە ئاساسلىق كۈچلىرىنى غەربكە يۆتكەپ، تۈركەش خاقانلىقىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، شۇنداقلا پامىرنىڭ غەربىدىكى چۇ دەرياسى ۋادىسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى ئىگىلىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تىبەت ۋە قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، جېنيۈەننىڭ 5-يىلى (789) تىبەتلەرگە ياردەملىشىپ بېشبالىقنى ئالدى. ئارقىدىنلا «قارلۇقلار غەلىبىسىرى ئالغا بېسىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن خاقانبۇت تۈزلەڭلىكىنى تارتىۋالدى، ئۇيغۇرلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ، غەربىي شىمالدىكى قەبىلىلەرنىڭ قوي ۋە ئاتلىرىنى دەرھال قارارگاھىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈپ، ئۇلاردىن ئۆزىنى چەتكە تارتتى»㉔. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلار بىر مەزگىل جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. جېنيۈەننىڭ 7-يىلى، ئۇيغۇرلار ئايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، قارلۇق، قىرغىز ۋە تىبەتلەردىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلە ئىتتىپاقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا نەچچە ئون يىلغىچە داۋاملاشتى. ئۇيغۇرلار پارچىلاپ يوقىتىش ستراتېگىيىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئالدى بىلەن قىرغىزلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتتى ۋە ئۇلارنى زور كۆلەمدە قىرغىن قىلدى. ئاندىن قارلۇقلارنى يېڭىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قارام قىلىۋالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاي تەڭرىخان مەڭگۈ تېشى» دا «خاككاسلار (قىرغىز) نىڭ قاخانى ئوق تېگىشى بىلەنلا يىقىلدى... ئۇلارنىڭ ئېلىدىكى ھەممە نەرسە ۋەيران قىلىندى، ھايات ئادەم قالمىدى»، «(قارلۇق) يابغۇلىرى ئەمىر-پەرمانغا ئىتائەت قىلماي، ئۆز زېمىنىدىن ئايرىلدى... (ئۇيغۇر) توققۇز بىلگە خاقان قايتىدىن بەيئەت قىلغان

قارلۇقلاردىن ئىنچۇ يابغۇغا ئوتتۇغات نامى بېرىپ، ئۇنى ئاقساقاللىققا قويدى»[25] دەپ خاتىرىلەندى. ئۇيغۇر خاقانلىرى يەنە قارلۇق ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن قۇدىلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار ئىسسىقكۆل بويىدا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، چۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قارلۇق قەبىلىلىرىنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىدى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنى شۇ جايدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلىدى. پارس يېزىقىدا يېزىلىپ مىلادى 982-يىلى تاماملانغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دە يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ بىر قىسمى تونۇشتۇرۇلغاندى[26]. مەزكۇر كىتابنىڭ 15-بابى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى قەلئە-شەھەرلەر ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: «بەگلىرى قارلۇقلاردىن بولسىمۇ، لېكىن (ئاھالىسى) توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) لارغا سادىق» دەپ يازغانىدى. قارلۇقلار زېمىنىدىكى بىر شەھەرنى تونۇشتۇرغاندا يەنە: «بۇ دۆلەتنىڭ بۇرۇنقى پادىشاھىمۇ توققۇز ئوغۇزلارغا ۋەكىللىك قىلاتتى» دېگەنىدى. بۇ خىل ئەھۋال تاكى XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە داۋاملاشتى. قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار «غەربتىكى قارلۇقلارنىڭ قېشىغا باردى»[27]. غەربكە بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى گەرچە قارلۇقلارغا قارىغاندا ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھامىيلىق سالاھىيەت بىلەن داۋاملىق يوسۇندا قارلۇقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئېھتىمالغا كۆپ يېقىن ئىدى.

## 4. قىتانلار، قۇمۇقلار، تاتارلار

بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقى، شىلامۇلۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قىتانلار ۋە ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىگە قوشنا بولۇپ، لاۋخا دەرياسىنى مەركەز قىلغان قۇمۇقلار، ئۇيغۇر

خاقانلىقى مەزگىلىدە تېخى ئاجىز ھالدىكى ئىككى كۆچمەن قەبىلە ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرى خالىمىغان ئەھۋالدا ئىككى كۈچلۈك قوشنىسىغا، يەنى غەربىي شىمالدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى تاڭ سۇلالىسىگە بېقىناتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە، بۇ ئىككى قەبىلىنى تاڭ سۇلالىسى كونترول قىلدى. كەييۈەننىڭ 29-يىلى (741) ئۆڭلۈك يىڭجۇ ئايمىقىغا تۇتۇق بولغاندىن كېيىن، قۇمۇقلار بىلەن قىتانلارنى بىكاردىن بىكار بوزەك قىلىپ، ئۇلارنى ئىسيان كۆتۈرىدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويىدى. كېيىنچە ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كېيىنكى تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇيغۇر خاقانلىقى مەزگىلىدە، «قۇمۇقلار بىلەن قىتانلارغا ئۇيغۇر نازارەتچىلىرى ئەۋەتىلدى، ئۇلار يىللىق باج-خىراجلار ئۈستىدىن نازارەت يۈرگۈزدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى خەنزۇلارنىڭ ئايغاقچىلىرى دەپ قارىدى»[28]. ئۇيغۇر خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى قەبىلە تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېسىم قىلىشى بىلەن ئۇيغۇر نازارەتچى بەگلىرىنى ئۆلتۈردى، «ئۆلگەنلەر 800 دىن كۆپ ئىدى»[29]. بۇنىڭدىن نازارەتچى بەگلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئىككى قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئۇيغۇرلار مۆھۈرلۈك مەكتۇبلارنى تارقىتىپ بېرەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ئالۋان-ياساق تۆلىگەندىن تاشقىرى، يەنە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھاشارغا ئىشلەپ بېرەتتى. شۇڭا تارىخىي ماتېرىياللاردا: «قىتانلار ناھايىتى بۇرۇندىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارنىڭ پادىسىنى باقاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى[30]. ئۇيغۇرلارمۇ قىتانلارنى «پادىچى قۇللار» دەپ پەس كۆرەتتى. يەنە بىر ياقتىن، ئۇيغۇرلار قۇمۇقلار بىلەن قىتانلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئىلاج قىلىپ يېنىغا تارتاتتى، ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ قۇمۇق بەگلىرىگە قىز بەرگەنلىكى، دەل بۇنىڭ بىر

مىسالى ئىدى.

ئۇيغۇر خاقانلىقى يوقىلىپ، داجۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (847) غا كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبقا كۆچكەن بىر تارمىقىدا ئاران 5 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم قالغان بولۇپ، ئۇلار قۇمۇقلارغا ئەل بولۇپ ياشىدى. «ئۇلارغا كېيىندىغان ئاشلىق بىلەن گۆشنى قۇمۇقلارنىڭ بېگى شۇ شىلاڭ يەتكۈزۈپ بەردى»[31]. ئىككىنچى يىلى تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ بېسىم قىلىشى بىلەن، بۇ ئۇيغۇرلار شىمالغا قېچىپ بېرىپ تاتارلارغا ئەل بولدى. قىتانلار بىلەن قۇمۇقلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن «تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۇجۇ ئايمىقىدىكى ھىراۋۇلى جاڭ جۇڭۋۇ ئۇلارغا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بېرىلگەن كونا مۆھۈرلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى مۆھۈرىنى بەردى»[32]. ئۇيغۇر خاقانلىقى يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن قىتانلار رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە قىتانلار ئۈچۈن ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، قىتانلار لياۋ سۇلالىسىنى قۇرغان چاغدا ئىنتايىن نام چىقارغان شۇلۇغ ئۇرۇقى دەل ئۇيغۇرلار قوۋمىدىن ئىدى. «لياۋ تارىخى. كېيىنكى ئايىم-بانۇلار تەرجىمىھالى» دا ھەممىسى بولۇپ ئون نەپەر خانىش تىلغا ئېلىنىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاز بولغاندىمۇ توققۇز نەپەر خانىش شۇلۇغ ئۇرۇقىدىن ئىدى. شۇلۇغ ئۇرۇقىدىكى ئەرلەردىن لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللىرىدە بەگ، ۋەزىر ۋە زوراغا قاتارلىق ئالىي مەنسەپ ۋە ئالاھىدە مەرتىۋىگە ئىگە بولغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «لياۋ تارىخى» نىڭ ئاپتورىمۇ: لياۋ سۇلالىسى ياللۇغ ئۇرۇقىدىكىلەرنى ئاساس، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان شۇلۇغ ئۇرۇقىدىكىلەرنى ياردەمچى قىلغان ئىككى چوڭ جەمەتتىن بىرىكىپ بارلىققا كەلگەن ھاكىمىيەت دەپ قارىغانىدى[33]، ئۇيغۇرلارنىڭ قىتانلارغا بولغان تەسىرى ناھايىتى كۆپ تەرەپلەردە ئىپادىلەندى. مەسىلەن، قىتانلارنىڭ كىچىك يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى دوراپ شەكىللەندى، قىتانلارغا كىرگەن مەھسۇلاتلار ئىچىدە ئۇيغۇر پۇرچىقى، ئۇيغۇر

قوغۇنلىرى بارئىدى㉞. تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىگە يولۇققانلىقى تۇپەيلى، قومۇقلار بىلەن قىتانلاردىمۇ «تېكىن»، «پەرمانىيەگ» دەيدىغان ئەمەللەر بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، قىتانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يەنىلا ناھايىتى قويۇق ئىدى.

ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، «زېمىنى بارغانسېرى كېڭىيىپ، شەرقتە تاتارلار يۇرتىغىچە باردى»㉟. شۇنىڭدىن باشلاپ تاتارلار ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېغىر ئىشلارغا سېلىندى. شۇڭا، تارىخىي كىتابلاردا «تاتارلار (شىۋېدلار) بۇرۇندىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارنىڭ كالىسىنى باقاتتى» دەپ يېزىلدى㊱. لېكىن تاتارلار تاڭ سۇلالىسىگىمۇ «ئۇزۇپ قويماي باج-خىراج تاپشۇراتتى». بەزىدە ئۇلار يايلاقتىكى ئۇيغۇرلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلاتتى. مەسىلەن، جېنيۈەننىڭ 4-يىلى (788) ئۇيغۇرلار مەلىكە شۈەنئەننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغان قومۇقلار بىلەن تاتارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى㊲. كەيچېڭنىڭ 5-يىلى (840) ئۇيغۇر خاقانلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار خاقان «سىڭلىسىنى تاتارلارغا ياتلىق قىلىپ، خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى ئۆتۈنگەنىدى»㊳. جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قىسمەن ئۇيغۇرلار تاتارلار تەرەپكە قېچىپ كەلگەنىدى.

---

**ئىزاھات:**

① تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر «مويۇنچۇر ئابىدىسى».

② «كونا تاڭنامە» 195-جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

③ ۋاڭ جىڭرۇ: «تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تەڭرىدە بولمىش ئېلى ئۆتمىش بىلگە خاقان ئابىدىسىگە ئىزاھات»، «تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەردىن تاللانما» 2-قىسىم.

④ «كونا تاڭنامە» 11-جىلد «دەيزۇڭنىڭ تەرجىمىھالى».

⑤ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 224-جىلد.

⑥ ⑦ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 225-جىلد.

⑧ ⑨⑩⑪ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 226.227-جىلد.

⑫⑬ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 233-جىلد.

⑭ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑮ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑯ چىڭ سولۇ: «توققۇز ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئابىدىسىگە مۇھىم ئىزاھات»، «مىللەت تەتقىقات ماقالىلار توپلىمى» 6-توپلام. مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى مىللەت تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن 1988-يىلى تۈزۈلگەن.

⑰ تامىم. بىنتى. بەھرال مۇتتاۋى: «تامىمنىڭ ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى ھاياھەت خاتىرىسى».

⑱ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑲ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 238-جىلد.

⑳㉑ «يېڭى تاڭنامە. تىبەتلەر ھەققىدە قىسسە».

㉒ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىللىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 241-جىلد.

㉓㉔ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉕ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉖ «چىڭ سولۇ: «توققۇز ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئابىدىسىگە مۇھىم ئىزاھات». مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى مىللەت تەتقىقات ئورنىدىكى ماقالىلەر توپلىمى. 1988-يىل.

㉗ ۋاڭ جىلەي تەرجىمە قىلغان «ھودۇدۇلئالەم» شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن 1983-يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ بىر پارسچە يېزىلغان جۇغراپىيىۋى ئەسەر بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 949-يىلى يېزىلغان، ئاپتورى ئېنىق ئەمەس.

㉘ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉙ «كونا تاڭنامە. جاڭ جوگۇۋنىڭ تەرجىمىھالى».

㉚ ۋاڭ سىگېڭ تۈزگەن «جەبىر-جاپالار خاتىرىسى» 4-جىلد. «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچى بولۇپ بارغاندا كۆرگەنلىرى».

㉛ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉜ «يېڭى تاڭنامە. قىتانلار ھەققىدە قىسسە».

㉝ «لياۋ تارىخى. جوشىڭنىڭ تەرجىمىھالى». شاۋجىشاڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى لياۋ سۇلالىسىدە دۆلەت ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئالدى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» نىڭ 1980-يىلى 4-سانىغا قارالسۇن.

㉞ «قىتان تەزكىرىسى» 27-جىلد. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» 23-جىلد.

㉟ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㊱ «جەبىر-جاپا خاتىرىلىرى» 4-جىلدى. «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچى بولۇپ بارغاندا كۆرگەنلىرى».

㊲ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 233-جىلد.

㊳ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

# ئالتىنچى باب

# مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىندىكى ئۆزگىرىشلەر

## 1. مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت

قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ «ئادىمى ئاز، كىچىك» قەبىلىدىن، يايلاقتىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچلۈك دۆلەت ۋە مىللەت بولۇپ تەرەققىي قىلىشىغا؛ خاقانلىقتىكى زېمىنىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئۇنىڭ قوشنا رايونلار بىلەن بولغان بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا؛ ھەر خىل قەبىلە، ئۇلۇس ۋە ئۇرۇقلارنىڭ قوشۇلۇشى، بىرىكىشىگە ئەگەشكەن ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتىدىمۇ تەدرىجىي يوسۇندا ئۆزگىرىشلەر بولدى. مەدەنىيەتتىكى يۈزلىنىش، نىسبەتەن نوقۇل، ساددا كۆچمەن چارۋىچىلىق يايلاق مەدەنىيىتىدىن، بىر خىل مول، رەڭگارەڭ مەدەنىيەت تىپىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. بۇ مەدەنىيەت ھەم يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى، ھەم مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنى قوبۇل قىلدى؛ ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە دۇچ كەلدى، ھەم ئۆزىگە مەلۇم دەرىجىدە غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى سىڭدۈردى.

تىل ۋە يېزىق: ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى تۈركىي تىل ئىدى. موڭغۇل دالاسى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئومۇمەن دىڭلىڭ، قاڭقىللار، تۇرا، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق بىرلەشمە گەۋدە ئىچىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى، پەقەت قىسمەن رايون ۋە گۇرۇھلار ئارىسىدا يەرلىك شېۋە پەرقى بار ئىدى. تىل ئىلمىدە بۇ خىل تىل ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا قەبىلىلەرگە ئوخشاش، ئەڭ باشتىلا تۈرك يېزىقىنى قوللاندى. بۇ خىل يېزىق قەدىمكى شىمالىي ياۋروپادىكى گېرمان مىللىتى قوللانغان رونىك يېزىقى بىلەن شەكىل جەھەتتە ئوخشاش بولغاچقا، بەزىلەر ئۇنى «تۈرك رونىك يېزىقى» دەپ ئاتىدى. مۇشۇ يېزىقتا پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاشلار موڭغۇلىيىدىكى ئۇرقۇن، يەنسەي دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغانلىقتىن، ئۇ يەنە «ئۇرقۇن-يەنسەي يېزىقى» دەپمۇ ئاتالدى. بۇلاردىن باشقا «كۆك تۈرك يېزىقى»، «سىبىرىيە يېزىقى» دېيىدىغان ئاتالغۇلارمۇ بولدى. قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئىزچىل ھالدا تۈرك يېزىقىدىن پايدىلاندى. ئۇلار تۈرك يېزىقىدا ئويۇپ يازغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ پارچىلىرى ھازىرغىچە بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى 759-يىلى ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىغا تۇرغۇزۇلغان «ئۇيغۇر تەڭرىدە بولمىش-ئېل تۇتمىش بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» (مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى — تەرجىمان) بىلەن ئۇنىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن تۇرغۇزۇلغان «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» ئىدى.

سىرتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، تۈرك تىلىدا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرمۇ ئۇزلۇكسىز كۆپەيدى. بۇ سۆزلەر خەنزۇ تىلى، توخار تىلى، گرېك تىلى، سانسكرىت تىلى،

تىبەت تىلى، سوغدى تىلى ۋە پارس تىللىرىدىن كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئەڭ كۆپ ئىدى. مەسىلەن، مۇتلەق كۆپ قىسىم يېمەك بۇيۇملار ۋە بىر قىسىم ئەمەلناملىرى، ئائىلۇق: تاۋار-دۇردۇن، تۇتۇق، سانغۇن، تۇتۇڭ قاتارلىقلار ۋە يەنە خېمىر، سىياھ، چاي، مانتا، جىنايەت، ئەجدىھا، شام، كاپچى، ئاچارىيا، مەخپىيەت، تۇمەن دېگەن سۆزلەر خەنزۇ تىلىدىن ئېلىنغانىدى. سوغدى تىلىدىن كىرگەن بۇغداي، شىلىم دېگەن سۆزلەر؛ تىبەت تىلىدىن كىرگەن يالۋاچ دېگەن سۆز؛ گرېك تىلى ۋە سانسكرىت تىلىدىن كىرگەن كلاسسىك، تىمساھ، ئەمەل-مەرتىۋە قاتارلىق سۆزلەر بار ئىدى. تۈرك تىلى بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھۇنلار، ئاۋارلار ۋە يايلاقتىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ خاقان، خاتۇن، تەڭرى دېگەن سۆزلىرىنىمۇ قوللاندى①.

ئۇيغۇرلاردىكى قىسمەن يۇقىرى تەبىقە ئادەملىرى تۈرك يېزىقىدىن باشقا خەنزۇچە يېزىق بىلەن سوغدى يېزىقىنىمۇ بىلەتتى. جېنگۇەنىڭ 21-يىلى (647) ھەر قايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تاڭ تەيزۇڭغا «يوللانمىلارنى يازالايدىغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر» دىن ئەۋەتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى②. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئاستا-ئاستا خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگەندى. مەسىلەن ئائىلۇق، مويۇنچۇر خاقان مەڭگۈ تېشىدا تۈرك يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېزىق بار ئىدى. ھەتتا بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىكى سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىپ شېئىر يازالايتتى③. قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئۇلارنىڭ يېڭى بىر خىل يېزىقنى يەنى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشقا كىرىشكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى④.

تويى-تۆكۈن: ئۆلۈم-يېتىم: دۆلەت قۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئون ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى «تۈركلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش ئىدى، ئوخشىمايدىغان بىر يېرى، ئەرلەر توي قىلىپ بولۇپلا ئايال تەرەپنىڭ ئۆيىگە كېتەتتى، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن ئۆز ئائىلىسىگە قايتاتتى. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى يەرلىككە قوياتتى، بۇ ئۇلاردىكى ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بىر ئادەت ئىدى» ⑤. دېمەك، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا تۈركلەرگە قارىغاندا قالاق بولغاچقا، ماترىئارخاللىق جەمئىيەتتىكى كونا ئۆرپ-ئادەتنىڭ قالدۇقلىرى تېخى مەۋجۇت ئىدى. ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، يايلاقتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى قەبىلىلەر ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قوشۇلۇپ كەتتى، ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ تەرەققىي قىلدى، شۇ سەۋەبتىن، تويدىن كېيىن ئايال تەرەپنىڭ ئۆيىگە كېتىپ ئولتۇراقلىشىشقا ئائىت خاتىرىلەرمۇ غايىب بولدى.

ئۇيغۇرلاردىمۇ ھۇنلار، ئاۋارلار ۋە تۈركلەرگە ئوخشاش «دادىسى ياكى ئاكىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئوغۇللار ئۆگەي ئانىسى بىلەن، ئىنىلار ئۆزىنىڭ يەڭگىسى بىلەن توي قىلىدىغان» ئادەت بار ئىدى. ⑥ لېكىن، «جوڭگولارنىڭ مۇنداق ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى»، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاياللار ئەرلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، دادا يوللۇق كىشىلەرگە ياتلىق بولمايتتى. ئۇيغۇرلاردا يەنە كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم مەۋجۇت ئىدى، توقال ئالغاندىمۇ تويلۇق سېلىناتتى، خوتۇنلارنىڭ ئاز كۆپلۈكى، ئەرلەرنىڭ مال-دۇنياسىغا باغلىق ئىدى. ئۇيغۇرلار بەزىدە باشقا قەبىلە ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ قىزلىرىنى بۇلاپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن نىكاھلىناتتى.

ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ توي مۇراسىملىرى توغرىسىدا، تارىخىي كىتابلاردا خاتىرە قالدۇرۇلغانىدى. مەسىلەن، چاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (821) چۇڭدې خاقان (كۈن تەڭرىدە ئۈلۈغ بولمىش

قۇچ كۆچلۈك بىلگە خاقان — تەرجىمان). مەلىكە تەيخېنى ئالىدىغان چاغدا «ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدىغان بىر كۈننى تاللىدى. . . خاقان ئېگىز بىناغا چىقىپ، بىنانىڭ پېشايۋىنىدا كۈنچىقىشقا قاراپ ئولتۇردى، مەلىكىنىڭ تۇرالغۇسى قىلىش ئۈچۈن، بىنانىڭ ئالدىغا كىگىز ئۆي تىككۈزدى. ئۇيغۇر داھىيلىرى مەلىكىگە ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى. مەلىكە تەيخې خەنزۇلار پاسونىدىكى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇيغۇرچە كىيىملەرنى كىيدى. ئاندىن كېيىن ياشانغان بىر مومايىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىنانىڭ ئالدىغا چىقىپ، كۈنپېتىشقا قاراپ چوقۇندى، خاقان ئۆزى ئولتۇرغان جايدىن مەلىكىنىڭ ھەرىكىتىگە نەزەر سېلىپ تۇردى. مەلىكە ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ، چېدىرغا قايتىپ كىردى، ئارقىدىنلا باشتا كىيگەن كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ خاتۇنلۇق كىيىملىرىنى كىيدى. . . ئاندىن كېيىن يەنە بىنادىن چىقىپ، دەسلەپتىكىگە ئوخشاشلا خاقانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئۇيغۇرلار مەلىكە ئۈچۈن ئالدىنئالا تەختىراۋان تەييارلاپ، ئۇنىڭ بدىغا ئالاھىدە بىر كىچىك ئورۇن راسلىغانىدى. ۋەزىر-تارخانلار مەلىكىنى تەختىراۋانغا باشلىدى. ئۇيغۇر توققۇز تارخانلىرى تەختىراۋاننى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ ئوردا ئىچىگە كىردى. ئاندىن كۈنچىقىشقا قاراپ، ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ئوردىنى توققۇز قېتىم ئايلاندى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، مەلىكە تەيخې تەختىراۋاندىن چۈشۈپ بىناغا چىقتى ۋە كۈنچىقىشقا ئالدىنى قىلىپ، خاقان بىلەن يانمۇ يان ئولتۇردى. ۋەزىرلەر مەلىكىنى تاۋاپ قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ خاتۇن بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى» ⑦. ئادەتتىكى چارۋىچىلار توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن چاغلاردا، «كېلىننى يۆتكەپ كېلىدىغان كۈنى، يىگىت بىلەن قىزنىڭ قولداشلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى قىمىز ۋە پىششىق گۆشلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. توي ئىگىسى زىياپەت

قىلىپ بېرەتتى، مېھمانلار يۇقىرى-تۆۋەن دېيىشمەي، كىگىز ئۆي ۋە كەپىلەرنىڭ ئالدىدا توپ-توپ بولۇپ ئولتۇراتتى، ئەتىگەندىن-كەچكىچە يەپ-ئىچىپ، قونۇپ قالاتتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، كېلىننى ئېلىپ قايتاتتى»⑧.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۆلۈم ئۇزىتىش شەكلى، ئۆلۈكنى يەرلىككە قويۇش بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردا: «ئۇيغۇرلار ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلغاندا، يەرنى كولاپ يەرلىك ياسىغاندىن كېيىن، مېيىتنى يەرلىكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يانىڭ كىرىچىنى تارتىۋاتقان ھالەتكە كەلتۈرەتتى، بېلىگە خەنجەر ئېسىپ، قولتۇقىغا ئۇزۇن سايلىق نەيزىنى قىستۇرۇپ قوياتتى، مېيىت خۇددى تىرىك ئادەمگە ئوخشاپ قالاتتى. ئۇلار يەرلىكنىڭ ئۈستىنى ئوچۇق قوياتتى، ئاتقا مىنىپ يەرلىكنىڭ چۆرىسىنى ئايلىناتتى، بۇنداق ئايلىنىش كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز قېتىمغا يېتەتتى. ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلاتتى»⑨ دەپ يېزىلغانىدى. لېكىن، مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا، ھەممىسىنىڭلا «ئۈستىنى ئوچۇق قويۇۋەرمەيتتى». ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر خاقانلىقى مەزگىلىدە، دەپنە قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىگە قەبرە قاتۇرۇلاتتى. مېيىت ئاۋۋال تاختايغا ياتقۇزۇلاتتى، ئاندىن تاختاي بىلەن يەرلىكنىڭ ئوڭ بۇرجىكىگە قويۇلاتتى، يەرلىكنىڭ ئېغىزى تاختاي، يۇمىلاق ياغاچ ۋە تاش بىلەن يېپىلاتتى. مېيىتنىڭ بېشى شىمالغا ياكى شەرقىي شىمالغا قارىتىلاتتى⑩. دەسلەپتە، بەزى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تاۋۇتنى ئېسىپ دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغانىدى. «ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ جەسىتى ياغاچ ساندۇققا سېلىنىپ، تاغنىڭ ئىچىگە قويۇلاتتى ياكى دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇلاتتى»⑪. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار يەنە تۈركلەرنىڭ كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللاندى.

مەسىلەن، يۇڭتەينىڭ تۇنجى يىلى (765) ئۇيغۇرلاردىن بارغۇت خويۇن «لىڭۇۋدا ئۆلۈپ قالغاندا، قول ئاستىدىكىلىرى يۇرتىدىكى ئادەت بويىچە كۆيدۈرۈپ دەپنە» قىلغانىدى⑫. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا مېيىتنى ئۇزاتقاندا «پىچاق بىلەن يۈزنى تىلىپ يىغلاپ، قان بىلەن ياشنى تەڭ» ئاققۇزىدىغان ئادەت بار ئىدى. مەسىلەن، بايانچۇر خاقان ئالەمدىن ئۆتكەندە، مەلىكە نىڭگو خاتۇن «يۈزىنى تاتىلاپ، يۇم-يۇم يىغلىغان» ئىدى⑬. ئۇلاردا يەنە قەبرە بېشىغا ئات-قويلارنىڭ كاللىسىنى قويۇپ، ياغ پۇرىتىدىغان ۋە بالبال تىكلەپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار ئىدى. ئۆلگۈچى هايات چاغدا «بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولسا، بىر بالبال تىكلىنەتتى، بەزى قەبرىلەردە بالباللارنىڭ سانى مىڭدىن كۆپ بولاتتى»⑭.

كىيىم-كېچەك: ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر ئوخشاشلا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى، ئادەتتىكى چارۋىچىلار «چېچىنى قويۇۋېتەتتى، تېرە كىيىم كىيەتتى»، يەنى ئۇلار مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، چېچىنى نەچچە تال قىلىپ ئۆرۈپ، ئارقىسىغا تاشلاپ قوياتتى، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەتتى. بۇنداق تېرە كىيىملەر توغرىسىدا شۇ چاغدىكى تارىخىي كىتابلاردا كونكرېت بىرنەرسە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىيىملەرنى كېيىنكى مەزگىلدىكى موڭغۇل چارۋىچىلارنىڭ قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كالتا جۇۋىسى ۋە قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ جۇۋىسى بىلەن يېقىن كېلىدۇ ياكى ئوخشايدۇ دەپ مۆلچەرلەشكە بولاتتى، بۇ كىيىمنى كىيگەنلەر ئوخشاشلا بەلباغ باغلايتتى، ئالدىدىن ياكى سول ياندىن ئىزمىلەيتتى، شەكلى ناهايىتى ئاددىي ئىدى. ئۇلار يىپەك رەخت ياكى پاختا رەختلەردىن قىلىنغان كىيىملەرنىمۇ كىيەتتى. يىپەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن، پاختا رەخت غەرب تەرەپتىن كېلىدىغان

بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىيىم پاسونىدا خەنزۇ كىيىملىرى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى غوز كىيىملىرىنىڭ تەسىرى بار ئىدى. خاقانلار ۋە بىر بۆلۈك ئاقسۆڭەك ئەمەلدارلار تاڭ ھۆكۈمىتىدىن ئۇتۇغات نامى ئالغان ۋە ئۇلار تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بولغاچقا، بىۋاسىتە ھالدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ئىنئام قىلغان كىيىملەرنى كىيەتتى، بۇ خىل كىيىملەر تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى كىيىدىغان كىيىم بىلەن ئوخشاش ئىدى. مەسىلەن، جېنگۇەننىڭ 21-يىلى (647) «تۇرا، ئۇيغۇر ئىلتىبىرلىرى تېكىنلەر بىلەن بىرلىكتە پادىشاھنى تاۋاپ قىلغىلى باردى، تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارغا ئۆز قولى بىلەن ساپسېرىق كىمخابتىن تىكىلگەن ياقىلىق تون يەكتەكلەرنى تەقدىم قىلدى، تۇرا قاتارلىقلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، چۈنكى ئۇلار بۇنداق كىيىملەرنى كۆرمىگەن، ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى، شۇڭا قوللىرىغا ئېلىپ تۇرۇپ، پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى»⑮. بۇ قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە پادىشاھنى تاۋاپ قىلىشقا كەلگەن تۇرا، ئۇيغۇر قاتارلىق ھەرقايسى قەبىلە ئاقساقاللىرى «مىڭغا يېقىن كىشى ئىدى»، تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە «تاڭ ھۆكۈمىتىدىكى ئەمەل بويىچە ئەمەل بەردى» ھەمدە ئۇلارغا تاڭ ھۆكۈمىتىدىكى ئەمەل دەرىجىسىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان كىيىملەرنى كىيگۈزدى. مەسىلەن، «تۇتۇقبەگلەر بىلەن ئايماق بەگلىرىگە ئالتۇن بېلىقنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن كىمخابلارنى كىيگۈزدى»، «سېرىقتا مايىل قىزغۇچ كىمخاب تون، شەمشەر ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملارنى سوۋغات قىلدى»⑯. نەتىجىدە ئۇلار «ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى چۈۋۈپ، باش كىيىملىرىنىڭ ئاستىدىن ساڭگىلىتىپ» بەئەينى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاپ قالدى⑰. مۇشۇلارغا ئاساسەن، تاڭ زېمىنىدىكىلەر ئۇلارنىڭ «توز پەر تاقىۋالغان قىممەتلىك كىيىملىرىنى بىز ياسىغان، ئېسىۋالغان زىبۇ زىننەتلىرىنىمۇ بىز بەرگەن» دەيدىغان بولدى⑱. تاڭ ھۆكۈمىتى

يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر ياقتۇرىدىغان رەخت ۋە گۈل نۇسخىلىرىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، چېڭدۇنىڭ گۇاڭخلىڭ ئايمىقىدىن ھەر يىلى چوقۇم «نۆۋەت بىلەن كېلىدىغان مېھمانلارغا كىمخاب تون» تىكىپ تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار يۇقىرىدىكى رەخت ۋە كىيىملەر بىلەن غەربىي شىمال رايونىدىكى ئۇيغۇر، تۈرك قاتارلىق قەبىلىلەرنى تەمىنلىدى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە سوۋغات ئورنىدا پايدىلاندى. بۇلاردىن باشقا، سودىگەرچىلىك ۋە ئەلچىلىككە چىقىش تۈپەيلى «ئۇيغۇرلاردىن پايتەختتە تۇرىدىغانلار مىڭدىن كەم بولمايتتى. . . ئۇلارمۇ خۇاشيا مىللىتىنىڭ كىيىملىرىنى كىيەتتى» ⑲. تاڭ زېمىنىدىكى ئادەملەرنىڭ كىيىمىدىن تاشقىرى، ئۇيغۇرلار يەنە غەربىي يۇرتتىكى غوزلارنىڭكىگە ئوخشاش كىيىملەرنىمۇ كىيەتتى. بۇ چوڭ قايرىما ياقىلىق، ئالدىدىن ئىزمىلىنىدىغان، يېڭى تار، چۆرىسىگە كىمخابتىن پەۋاز تۇتۇلغان تون بولۇپ، ئۇنى كىيگەنلەر بېلىنى تاسما بىلەن باغلايتتى. تاڭ زېمىنىدىكىلەر ۋە غوزلارنىڭ كىيىمىدىن بۆلەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك كىيىدىغىنى «ئۇيغۇرچە كىيىم» ئىدى. ئۇيغۇرچە كىيىملەرنىڭ كونكرېت شەكلى توغرىسىدا تارىخىي كىتابلاردىن ئېنىق خاتىرىلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن، شۇ چاغدىن تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تام سۈرەت بىلەن ھەيكەللەردىكى ئادەملەرنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن تەھلىل يۈرگۈزگەندە، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكنى يەنىلا ئوچۇق كۆرۈپ يېتەلەيمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ كىيىملەرنىڭ يېڭى بىلەن بېلى نىسبەتەن تار ئىدى، سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ تەرەپتىن ئىزمىلىنەتتى ۋە ياكى ئالدى پۈتۈن، يۇمىلاق ياقىلىق بولاتتى، رەختلىرى كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان رەڭنى ئاساس قىلاتتى، بولۇپمۇ قىزىل، يېشىل رەڭنى ھەممەيلەن ياخشى كۆرەتتى. كىيىمنىڭ يېڭى بىلەن

ياقىسىغا هايۋانلارنى ئاساس قىلغان ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى تىكىلەتتى. ئادەتتىكى پۇقرالار كىيىدىغان بۇ خىل كىيىمنىڭ پېشى خېلىلا قىسقا بولاتتى، يەنى تىزدىن ئاران ئاشاتتى، ئۇلار يەنە تامبال ۋە ئۆتۈك كىيەتتى، بېلىگە تاسما باغلايتتى، ھەرىكىتى چاققان ۋە ئازادە ئىدى. ھالبۇكى، ئاقسۆڭەكلەر تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى دوراپ، كەڭ ھەمدە پېشى يەرگە سۆرىلىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيەتتى، شۇڭا ئۇلار ئۇيغۇرچە كىيىم كىيگەنلەردەك قولايلىق ھەرىكەت قىلالمايتتى. ئۇيغۇرچە كىيىمنىڭ پېشى ۋە يېڭى كىچىك بولغانلىقتىن، قىز-چوكانلارنىڭ بەدىنىدىكى ئەۋرىشىملىك ئالاھىدە كۆزگە چۈشەتتى. شۇڭا، بۇ پاسون ئۆز زامانىسىدىكى چاڭئەن قىز-چوكانلىرى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان، ئاممىباب پاسون بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ ئوردىدىكى قىز-چوكانلار بۇ خىلدىكى كىيىمنى تالىشىپ تۇرۇپ كىيەتتى. تاڭ دەۋرىدىكى خۇارۇي ئايىم يازغان «ساراي نەزمىسى» دە: «تاڭ سەھەر قىشنىڭ كۈنى چىقسا سەپەرگە پادىشاھ، ئەگىشىپ ماڭغان ئاياللارنى سانايتتى ئالدىراپ؛ ئۈستىدە ئۇيغۇر پاسونى، مىنگىنى ئۇيغۇر ئېتى، بولسا قايسى بېلى نازۇك، شۇنى تاللايتتى قاراپ» دېگەن مىسرالار بار ئىدى[20]. روشەنكى، كېيىنكى موڭغۇللارمۇ كىيىم-كېچەك جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم شەكلىنى ناھايىتى كۆپ جەھەتلەردە قوبۇل قىلدى. شۇڭا، ھازىرقى بەزى ئادەملەر قەدىمكى تام سۈرەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنى موڭغۇل بولسا كېرەك دەپ خاتا پەرەز قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلاردىن خاتۇن نامى ئالغانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مەخسۇس كىيىملىرى بار ئىدى. ئۇلار «ئالدىدىن ئىزمىلىنىدىغان كالتا چاپان (قوش پەشلىك پەلتو) كىيەتتى، بۇ پەلتولارنىڭ رەڭگى قىزىل بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئالتۇن بېزەك تاقالغان باش كىيىمى خۇددى موڭگوزگە ئوخشاش ئالدى تەرەپكە چوقچىيىپ

تۆراتتى» . «خاقانلار سېرىقچا مايىل قىزغۇچ تون، غوزلارنىڭكىدەك تەلپەك كىيەتتى» ㉑ . ئۇلاردا يەنە بېشىغا رەڭلىك يىپەك رەخت بىلەن سەللە ئورايدىغان ئادەت بارئىدى، بۇنى ئۇيغۇرلار رەڭدار سەللە دەپ ئاتايتتى. مەسىلەن، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: (گو) زىيى مەي كەلتۈرۈپ، (ئۇيغۇرلار) بىلەن ئىچتى ھەمدە ئۇلارغا رەڭدار سەللە سوۋغات قىلدى» دېيىلگەنىدى. «يېڭى تاڭنامە. بارغۇت خويۇننىڭ تەرجىمىھالى» دا: «بارغۇت خويۇن كېيىپ بولۇپ قېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى، غولام ئۇنىڭغا رەڭدار سەللە تۇتتى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. تارىخىي كىتابلاردا: قاڭقىللاردىكى قىز-چوكانلار قوينىڭ سۆڭىكىنى تىرىگە يۆگەپ بېشىغا قوندۇرۇۋالىدۇ. «چېكىسىدىكى چاچلىرىنى ئەگمەچ قىلىپ، خۇددى تاج كىيىۋالغاندەك» ياسايدۇ㉒ دەپ يېزىلغانىدى. ئۇيغۇر قىز-چوكانلىرىدا يەنە چېچىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا تۈرمەل قىلىپ يۆگىۋالىدىغان ئادەتمۇ بارئىدى. ئەينى چاغدا بۇ خىل چاچ «ئۇيغۇرچە تۈرمەل چاچ» دەپمۇ ئاتىلاتتى، چاڭئەندىكى قىز-چوكانلارمۇ ئۇلارنى دوراپ، چېچىنى ئاشۇ خىلدا ياسايتتى.

قائىدە-يوسۇنلار: ئۇيغۇرلار خاقانلارغا ئۇسسۇل ئويناپ ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. مەسىلەن، باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى (762) تاڭ شاھزادىسى يۇڭۋاڭ (لى شى — تەرجىمان) ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى تەڭرى خان (بۆكۈ خان) بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا «خان يۇڭۋاڭنى چېدىر ئالدىدا ئۇسسۇل ئوينىماي، تەكەببۇرلۇق قىلدى» دەپ ئەيىبلىدى. يۇڭۋاڭ بولسا «جۇڭگونىڭ تەخت ۋارىسى چەت دۆلەت خاقانىنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇلغا چۈشكەن نەدە بار دەپ، خىلىغىچە قارشىلىق قىلدى» ㉓. ئۇيغۇرلار ئەمەلدارلارنى كۆرگەندە ئاتتىن چۈشۈپ تەزىم قىلاتتى. گۇاڭدېنىڭ 2-يىلى (764) ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى لوتارخان قاتارلىقلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمىر ئورۇنباسارى بىلەن

كۆرۈشكەندە «دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ تەزىم قىلغان» ئىدى㉔. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاق تۈزۈپ قەسەمياد قىلىدىغان چاغدا، ھاراق ئىچىپ تۇرۇپ قەسەم قىلاتتى. مەسىلەن، گوزىيى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندە، «گوزىيى ئالدى بىلەن قەدەھ كۆتۈردى، تۇتۇقبەگ خاخلۇق ئۇنى قەسەم قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، زىيى قەسەم قىلىپ: ئەگەر كىمكى لەۋزىدە تۇرماي، ئىتتىپاقداشلىق توختامىغا خىلاپلىق قىلىدىغان بولسا، سەپىنىڭ ئالدىدا ئۆلسۇن، بالا-چاقىلىرى قىرىلىپ كەتسۇن، دېدى. تۇتۇقبەگ خاخلۇق قاتارلىقلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىنالماي قالدى. قەدەھ نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگەندە، بۇ گەپنى جانابىڭىزنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن دەپ تەرجىمە قىلدى»㉕.

باشقىلار: ئۇيغۇرلار ناخشا، ئۇسسۇلغا ئامراق مىللەت. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە: «ئۇلار ئاۋازىنى سوزۇپ، لەرزان ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. ئۇلار تەڭرىگە سېغىنىپ، نەزىر-چىراق قىلغاندا «بىر يەرگە يىغىلىپ، بەيگە قىلاتتى، قان ئېقىتىپ چۆگىلەيتتى، ئۈزۈلدۈرمەي ناخشا توۋلايتتى». ئۇلار ئېيتىدىغان ناخشىنىڭ ئاھاڭلىرى، ھۇنلار مەزگىلىدىلا يايلاقلاردا كەڭ-كۆلەمدە تارقالغانىدى.

ئۇيغۇرلارمۇ تۈرك قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە ئوخشاش، ھايۋانلارنىڭ نامىنى بەلگە ئورنىدا ئىشلىتىپ يىل ھېسابلايتتى. ھايۋان نامى ئارقىلىق يىل ھېسابلايدىغان بۇ ئۇسۇلدا بىرىنچىسى چاشقان، ئىككىنچىسى كالا، ئۈچىنچىسى يولۋاس، تۆتىنچىسى توشقان، بەشىنچىسى ئەجدىھا، ئالتىنچىسى يىلان، يەتتىنچىسى ئات، سەككىزىنچىسى قوي، توققۇزىنچىسى مايمۇن، ئونىنچىسى توخۇ، ئون بىرىنچىسى ئىت، ئون ئىككىنچىسى توڭگۇز ئىدى. بۇ مۆچەل 12 يىلدا بىر قېتىم ئايلىناتتى. مەسىلەن، تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر «مويۇنچۇر

مەڭگۈ تېشى» دا: «قوي يىلى (743) جەڭگە ئاتلاندىم. ..
توڭگۇز يىلى. . . ئورۇش قىلدىم»، «توشقان يىلى 5-ئايدا. .
. ئۆتۈكەن تېغىدا. . . » دېيىلگەن جۈملىلەر بار ئىدى. بۇنىڭدىن
باشقا، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيۈەن
يىلنامىسىنىمۇ قوللانغانىدى.

## 2. دىندىكى ئۆزگىرىشلەر

ئۇيغۇرلار تارقاق ئىپتىدائىي قەبىلىدىن سىنىپىي دۆلەت ۋە بىرلىككە كەلگەن مىللەت بولۇپ تەرەققىي قىلىشتا، ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى. بۇ جەرياننى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكە بولغىنى، ئالدى بىلەن ئىقتىسادتىكى تەرەققىيات بولدى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا دېگۈدەك ۋاقىتتا ئىجتىمائىي تەشكىلىي جەھەتتىكى ئىلغارلىق بارلىققا كەلدى، ھالبۇكى، ئىجتىمائىي تەشكىلىي جەھەتتىكى ئىلغارلىق دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ ئۆزگىرىش قەدىمىگە تۈرتكە بولدى.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا ياشىغان باشقا قەبىلىلەرگە ئوخشاش، ماترىئارخاللىق جەمئىيىتى، پاترىئارخاللىق جەمئىيىتى ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى باسقۇچلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزدى. مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇلارنىڭ دىنىي كۆز قاراشلىرى ئۆز نۆۋىتى بويىچە توتېمغا چوقۇنۇش، ئاتا-بوۋىلىرىغا چوقۇنۇش ۋە ئىلاھقا چوقۇنۇش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار بىر ئىلاھقا ئېتىقاد قىلدى.

ئۇيغۇرلار مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تارىخىي كىتابلاردا قەيت قىلىندى، مۇشۇ چاغدا ئۇلار ئاللىقاچان پاترىئارخاللىق جەمئىيىتىدە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلار ياكى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بۇرۇنقى شىمالىي

دىلارنىڭ ماترىئارخاللىق جەمئىيىتىدە ياشىغان دەۋرى، مىلادىدىن 1000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلەتتى، ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ مەيدانغا چىقمىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئەڭ باشتا ئۇيغۇر قەبىلىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئۇرۇقلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلار ياشىغان دەۋرنى دەلىللەشكە مۇمكىنچىلىك يوق بولسىمۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا ئۆز ئۇرۇقلىرىنىڭ توتېمىنى ساقلاپ قالالىغان-قالالمىغانلىقى، ئۇلاردا قايسى توتېملارنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە بىزمۇ تۇزۇكرەك بىر نەرسە دېيەلمىسەكمۇ، لېكىن شۇنداق بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، مىلادىنىڭ IV ئەسىرلىرىگە كەلگەندىن كېيىن، يەنى ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان پاترىئارخاللىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان مەزگىلدە، ئۇلار باشقا قاڭقىللار قەبىلىلىرىگە ئوخشاش، ئۆز ئەجدادلىرىمىز مەلۇم هايۋانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ قارىدى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلارنىڭ جىيەنى، ئۇنىڭدىن دى، ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرى پەيدا بولدى. . . دېدى، ئاۋام ئىچىدە بەزىلەر ھۇن تەڭرىقۇتنىڭ ئىككى قىزى بارئىدى. . . (كىچىك قىزى) بۆرىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى، ئۇ كېيىن كۆپىيىپ دۆلەت بولدى دېگەن گەپلەر بار» دەپ خاتىرىلەندى. دېمەك، ئۇيغۇرلا بىر سىنىپىي دۆلەت ۋە بىرلىككە كەلگەن بىر مىللەت بولۇپ تەرەققىي قىلغان ھەمدە بىر ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىش دىنىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلار ئارىسىدا يەنىلا توتېم ئېڭى بولغانىدى. شۇڭا، باۋيىڭنىڭ 2-يىلى (763) تاڭ سۇلالىسىنىڭ يانداش ئەمىر لەشكىرى گوزيىي ئۇيغۇر خاقانلىرى بىلەن كۆرۈشمىگەن چاغدا، «خاقان ئۆزىنىڭ كۇچىگە تايىنىپ، ئەسكەرلەرنى سەپكە تۇرغۇزغان، گوزيىي بۆرە تۇغقا تەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدى» [20]. ھەتتا X IV ئەسىرگە كەلگەندە،

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىمۇ، ئەڭ باشتا ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرگەن 24 ئۇرۇقنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوخشاش بولمىغان توتېملىرى بار ئىدى، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن ھەمدە: «ئۇلار ئومۇمەن مەلۇم قەبىلىنىڭ توتېمى بولغان ھايۋانلارغا دەخلى-تەرۇز قىلمايتتى، قارشىلىق بىلدۈرمەيتتى، ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن دەپ بىلەتتى» ㉗ دېيىلگەنىدى. بۇ رىۋايەتلەر يەنە يۇقىرىدىكى قانداش ئۇرۇقلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ نەزىر-چىراق ئۆتكۈزگەندە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھېلىقى توتېم بولغۇچى ھايۋاننىڭ گۆشىنى بىرلىكتە يەيدىغانلىقىنى، ئۆزئارا بىر گەۋدە دەيدىغان ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئورتاق ئېغىز تەگكۈزۈش ئارقىلىق توتېم بىلەن «كۆڭۈل ئالماشتۇرۇش» ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدى㉘. دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ توتېمغا چوقۇنۇش باسقۇچىنى باشتىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي مەزگىلنى بېسىپ، كۆپ ئۇرۇق، كۆپ قەبىلىدىن بىرىكىپ شەكىللەنگەن بىرلەشمە گەۋدە بولغاچقا، ماترىئارخاللىق جەمئىيەت ۋاقتىدا، بۇ ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەردە تەبىئىيكى ئوخشاش بولمىغان توتېملار بارلىققا كەلگەنىدى.

ھەر خىل ماتېرىياللارغا ئاساسەن قىياس قىلغاندا، ئۇلار ھېچ بولمىغاندا تۆۋەندىكى بەزى توتېملار، ئالايلۇق، دەرەخ، ھەر خىل قۇشلار، بولۇپمۇ بۈركۈت، تاش، يىلپىز، ئۆچكە، دەريا مەنبەسى، تاغ چوققىسى ۋە بۆرە قاتارلىقلارغا چوقۇنغانىدى.

ئۇيغۇرلاردىكى ئۆز ئەجدادىغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى كۆپ ئەپسانە-رىۋايەتلەر چوڭ دەرەخلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يەنى ئورقۇن دەرياسى بىلەن تۇغلار دەرياسى ئارىسىدا ناھايىتى

چوڭ بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن، بىر كۈنى كەچتە ئىلاھىي بىر نۇر بۇ دەرەخكە قونۇپتۇ، دەرەختە دەرھال پوقاق پەيدا بولۇپتۇ، بۇ پوقاق بەئەينى ھامىلىدار ئادەمگە ئوخشايدىكەن. ئارىدىن توققۇز ئاي ئون كۈن ئۆتۈپ، ھېلىقى پوقاق يېرىلىپتۇ، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى قەبىلە باشلىقى بۆكۈ خاقان تۇغۇلۇپتۇ، دېگەن رىۋايەت دەل مۇشۇ مەنىدە ئىدى. تاكى XI ئەسىردە ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ، قۇجۇ ئۇيغۇر بەگلىرى «بىزنىڭ جەمەتىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دەرەخ دەپ تونۇغان دەرەخ» نى ئۆزى تۇرۇشلۇق قارارگاھلارغا ئېلىپ كېلىپ چوقۇنۇپ يۈردى㉙. چوڭ دەرەخلەرگە چوقۇنۇش، ئېھتىمال، ماترىئارخاللىق جەمئىيىتى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئورمانلىقلاردا تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلاردا يەنە قۇشقا چوقۇنۇش ئادىتى بار ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، تۇنجى خاقان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن «تەڭرى ئۇنىڭغا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۈچ قۇش ئەۋەتتى. خاقان ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ قۇشلارنى دائىم ماڭدۇرۇپ تۇراتتى»㉚. جېنيۈەننىڭ 4-يىلى (788) ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى خەنزۇچە خەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ يېزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئۇلار ئۇيغۇر (回纥) دېگەن خەتنى (回鹘) قىلىپ يازدى ھەمدە بۇنى «لاچىندەك چاققان ئۇچىدىغان» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلىدى㉛. لاچىن بىر خىل ۋەھشىي ئوۋ قۇشى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىدە، ئەڭ باشتا ئۇيغۇر قەبىلىسىنى شەكىللەندۈرگەن 24 ئۇرۇقتىكى 20 ئۇرۇقنىڭ ھەممىسى ھەر خىل بۈركۈتلەرنى ئۆزىگە توتېم قىلدى دېگەن گەپلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت ئۇرۇقنىڭ توتېمى ئاق

بۈركۈت؛ تۆت ئۇرۇقنىڭ شۇڭقار؛ تۆت ئۇرۇقنىڭ لاچىن، يەنە تۆت ئۇرۇقنىڭ قارىچۇغا ئىدى㉜. ئەمەلىيەتتە، تۈركىي تىلى بىلەن سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەردە، قۇشقا چوقۇنىدىغان ئادەت خېلى كۆپ ئىدى. ئۇرقۇن دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا Uchdy (ئۇچتى) دېگەن بىر سۆز بار بولۇپ، ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى «چاچراپ كەتتى» دېگەن ئىبارە ئارقىلىق ئىپادىلەيتتى. تاكى X ئەسىردىن كېيىنمۇ، ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى shungarboedy (شۇڭقار بولدى) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىدى㉝. تارىخىي كىتابلاردا، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى «كىيىۋالغان دوبۇلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپى بەئەينى بۈركۈتنىڭ قانىتى» دەك ئىدى دەپ خاتىرىلەنگەنىدى㉞. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارمۇ بۇ خاتىرىنى دەلىل-ئىسپات بىلەن تەمىن ئەتتى㉟. بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ كىتابتىكى بىرىنچى بابنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە تونۇشتۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دى ( 狄 ) لاردا، قۇشنى توتېم قىلغان ئۇرۇقلار ئەڭ كۆپ ئىدى. روشەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇشنى توتېم قىلىشى، بولۇپمۇ بۈركۈتكە چوقۇنۇش ئادىتى، ئۇلارنىڭ ئەجدادىنىڭ بۇرۇنلاردا ھەر خىل ئۇچار قۇشلارنى توتېم قىلغانلىقىنىڭ داۋامى ئىدى.

ئۇيغۇرلار يەنە « tonga » ( 同罗 ) (توڭا) ㊱ دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋانغىمۇ چوقۇنغانىدى، بۇ ھايۋان قاپلاننىڭ بىر خىلى ئىدى. ئۇلار مۇنداق قاپلان يىلىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ قويالايدۇ دەپ قارايتتى. رىۋايەتتىكى تۈركلەرنىڭ بىر چوڭ خاقانى ئالىپ ئەرتوڭا « tongaalpar » يەنى «قاپلانغا ئوخشاش (كۈچتۈڭگۈر) ئادەم» دەپ تەرىپلەنگەنىدى㊲. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىكى توڭا قەبىلىسى ئۆز نامىنى مۇشۇ ھايۋان نامى بىلەن ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا توڭرا قەبىلىسىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قاپلاننى توتېم قىلغانلىقىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق

ئەمەس.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىچىدە ئۆچكىنى توتېم قىلغان ئۇرۇقلارمۇ بارئىدى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ رىۋايەتتىكى ئەجدادلىرى ئىچىدە تېخى ئوغۇز خاقان مەزگىلىدىكى ئۆچكىنى توتېم قىلغان تۆت ئۇرۇق بولغانىدى[38]. مۇھىم ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىدىغان يىغىن سورۇنلىرىدا، ئۇلار ئاق ئۆچكە ۋە قارا ئۆچكىلەرنى ئېگىز ياغاچقا ئېسىپ قوياتتى[39].

ئۇيغۇرلار ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن توتېم قىلغان ھايۋان يەنىلا بۆرە ئىدى. خاقانىنىڭ تۇغىغا بۆرىنىڭ بېشى چۈشۈرۈلەتتى. ئۇلار بۆرىگە تەزىم-بەجا كەلتۈرەتتى ۋە ئۆزلىرىنى بۆرىنىڭ ئەۋلادى دەپ تونۇيتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارمۇ ئۇلارنى بۆرە ئۇرۇقى دەيتتى. توتېمغا چوقۇنۇش، تەبىئەتنىڭ قۇدرىتىگە چوقۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شەرت-شارائىت ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئۆزگەرگەندە، توتېم قىلىنىدىغان نەرسىلەرمۇ ئۆزگىرەتتى. ئۇيغۇرلاردا چوڭ دەرەخ، بۈركۈت ۋە بۆرىنى ئۆز ئەجدادلىرىمىز دېيىدىغان ئەپسانىلەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ مېۋە تېرىپ، ئوۋ قىلىپ تۇرمۇش قامدايدىغان جەنۇبىي سىبىرىيە ئورمان ئادەملىرىدىن، كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش بىلەن تۇرمۇش قامدايدىغان موڭغۇل دالاسىدىكى ئادەملەرگە ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، يايلاقتىكى بۆرىلەرنىڭ زىيانكەشلىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىزچىل رەۋىشتە تەھدىت سالدى. «ۋەھىمە ئىلاھنى بارلىققا كەلتۈردى»[40]. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، موڭغۇل دالاسىدا ئۇيغۇرلاردىن ئىلگىرى ياشىغان ئاسىيولار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭ ۋاقىتتا ياشىغان سىرتاردۇشلار ھەمدە ئۇيغۇرلاردىن كېيىنكى موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى بۆرىنى ئۆزىنىڭ ئەجدادى دەپ بىلدى ياكى بۆرىنى توتېم قىلىدىغان ئادەتنى يېتىشتۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى

ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئۆز ئارا بىرىككەن ۋە بىر-بىرىنى قوشۇۋالغان جەريان ئىچىدە، ئۇلارنىڭ توتېملىرىدىمۇ ئۆز ئارا بىرىكىش ۋە قوشۇلۇپ كېتىش يۈز بەردى. نەتىجىدە زور تۈركۈمدىكى توتېملار يوقىلىپ كەتتى. پەقەت تەسىر كۈچى ئەڭ زور ياكى بويسۇندۇرغۇچىلارغا تەئەللۇق بولغان توتېملار ساقلىنىپ قالدى ۋە ئورتاق توتېمغا ئايلاندى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە ساقلىنىپ قالغان توتېملارنىڭ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تارماق ئەجدادلىرى ئىچىدىكى نىسبەتەن كۈچلۈكرەك بولغان ئۇرۇقلارنىڭ توتېمغا ۋەكىللىك قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل دالاسىدا خاقانلىق قۇرغاندىن كېيىن، بۆرىنى ئۆز ئەجدادى دەپ ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىدىكى سەۋەب، ئۆز ئارا بىرىكىپ ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ يايلاقتىكى كۈچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنى ئاساس قىلغانلىقىدىن ئىدى. بۇ قەبىلىلەر يايلاقتا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئېقىپ يۈرگەن، بۆرىنى ئەجداد بىلگەن ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلدى، نەتىجىدە بۆرە توتېمى باشقا ھەممە توتېملار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن مىللەت ۋە خاقانلىقنىڭ توتېمى بولۇپ قالدى.

ماترىئارخاللىق جەمئىيەتنىڭ پاترىئارخاللىق جەمئىيەتكە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، توتېمغا چوقۇنۇشمۇ تەدرىجىي يوسۇندا ئەجدادلارغا چوقۇنۇشقا قاراپ ئۆزگەردى. ئۇرۇقلاردا ئۆزىنى قانداقتۇر بىرەر توتېمدىن كېلىپ چىققان، بەلكى مەلۇم بىر يېرىمى ئادەم، يېرىمى ئىلاھ بولغان ئەر ئەجدادىدىن تۆرەلگەن دەيدىغان قاراش پەيدا بولدى. بۇ چاغدا، ئۇرۇقلاردىكى توتېم ئاستا-ئاستا يوقالدى ياكى ئارقىغا چېكىنىپ مۇھىم بولمىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. IV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، يەنى ئۇيغۇرلار تارىخىي كىتابلاردا ئەمدىلەتىن تىلغا ئېلىنىغان چاغدا، ئۇلار

ئاللىقاچان پاترىئارخاللىق جەمئىيەتكە كىرىپ بولغانىدى. بۇ چاغدىكى ئېگىز ھارۋىلىق ھەرقايسى قەبىلىلەر «ئۆزلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى بارلىقا كەلگەن»، قەبىلە تەشكىلىي بولۇپ ئۇيۇشقان ھالەتتە ئىدى. لېكىن ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ھېچقايسى قەبىلىنىڭمۇ «قوماندان، ئەمىرلەشكەر» لىرى يوق ئىدى، ئۇلار تېخى نىسبەتەن چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ شەكىللەنمىگەنىدى. پاترىئارخاللىق جەمئىيەت مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىغا چوقۇنۇش جەھەتتىكى ئەپسانىلىرى، خۇددى باشتا بايان قىلغىنىمىزدەك، چوڭ دەرەخلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى تارىخي كىتابلاردا ئاساسەن ئوخشاش خاتىرىلەندى. ئەجدادلارنىڭ چوڭ دەرەخ تۈۋىدە تۇغۇلغانلىقىغا ئائىت ئەپسانىلەرنىڭ تۇتېمغا چوقۇنۇش بىلەن ئەجدادقا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەپسانىنىڭ بىرىكمىسى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئەجدادلارنىڭ تۇتېمدىن يېرىم ئادەم، يېرىم ئىلاھ ھالەتتىكى ئەركىشىگە ئۆزگەرگەنلىكى، ئۇيغۇرلاردىكى ئەجدادقا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ پاترىئارخاللىق جەمئىيەتتە پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

ئەجدادلارغا چوقۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە ھەممە شەيئىلەردە روھ بولىدۇ دېگەننى تەرغىب قىلىدىغان شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. شامان دىنى: ئىنسانلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى مەلۇم بىر ئىلاھ، بۇ ئىلاھلار كۆپىنچە تاغ چوققىلىرى ۋە دەريا مەنبەلىرىدە ياشايدۇ دەپ قارايتتى. ئۇيغۇرلار شەك-شۈبھىسىزكى بۇنداق كۆزقاراشقا قوشۇلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئارىسىدا: ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەسلىدە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنگەنلىكى، بىر تۈركۈمنىڭ ئون دەريا ئاقىدىغان جايدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغانلىقى؛ يەنە بىر تۈركۈمنىڭ توققۇز دەريا ئاقىدىغان جايدا

ئۇلتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن «توققۇز ئوغۇز»㊶ دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت بار ئىدى. بۇ خىل رىۋايەت روشەنكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، بىر سۇدا بىر ئىلاھ بولىدۇ. ھەر بىر ئىلاھ بىردىن قوۋمنىڭ ئەجدادى بولىدۇ دەيدىغان قاراشتىن كېلىپ چىققانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دەريانى فامىلە قىلغانلىقىنى، يۈەن سۇلالىسى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى يازغان «قۇجۇدىكى شى جەمەتىنىڭ شەجەرىسى» مۇ ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇ شەجەرىدە: «شى جەمەتى ئۇيغۇرلاردۇر. . . (ئەجدادى) تۇنيۇقۇق. . . كۆپىنچە شى نيەنخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تۇراتتى، نەۋرە-چەۋرىلىرى تۇنيۇقۇقنى ئۆزلىرىنىڭ بوۋىسى بىلەتتى، شۇ سەۋەبتىن شى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ئىسمى بولۇپ قالدى، بۇ ئەسلىدە دەريانىڭ نامى ئىدى»㊷ دەپ يېزىلغانىدى.

ئۇلار ئەجدادلارغا چوقۇنغاندا، ئەجدادلىرىنىڭ روھى كېيىنكىلەرنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە باياشادلىقىنى قوغدايدۇ دېگەن سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتاتتى. بۇ ئىلاھىي روھ تۇرىدىغان جاي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ھامان، ئۇلارمۇ مەلۇم ئاپەتكە دۇچار بولاتتى. مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەۋلادلىرى قۇملۇمنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبلىرىنى سۆزلىگەندە: ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قارارگاھىغا يېقىن جايدا «قۇتتاغ» دەيدىغان بىر تاغ بارئىكەن، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى يەر تونۇيدىغان بىر مۇنەججىم بىلەن خاقانلىقنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ: قارا قورۇم (ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھى ئورۇنلاشقان يەر) نىڭ مۇنچە كۈچلۈنۈپ كېتىشى مۇشۇ تاغ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەگەر بۇ تاغنى بۇزۇۋەتسەك، دۆلەتمۇ ئاجىزلايدۇ، دەپتۇ. ئاندىن ئۇلار تېكىنلەرگە: سىلەر بىلەن قۇدا چۇشۇشكەن بولغاچقا، ئاز-ماز تەلىپىمىز بار، ئورۇندىيالامسىلەر؟ قۇتتاغنىڭ تېشى

دۆلىتىڭلارغا (ئۇيغۇر خاقانلىقىغا) نەپ بەرمەيدۇ، بىراق تاغ زېمىنىدىكىلەرگە لازىم بولۇپ قالدى، دەپتۇ. تېكىنلەر ئۇلارغا تاش بەرمەكچى بولۇپتۇ، بىراق تاش ناھايىتى چوڭ بولغاچقا مىدىرلىتالماپتۇ. تاغ زېمىنىدىن كەلگەنلەر بۇ تاشنى ئاۋۋال ئوتتا كۆيدۈرۈپ، ئارقىدىن ئۈستىگە قويۇق سىركە تۆكۈپتۇ، تاش پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنى ھارۋىغا قاچىلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار زارۇ-زار يىغلاپتۇ. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتۈپ ئوغۇن تېكىن (خاقان) ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئارقا-ئارقىدىن ئاپەت يۈز بېرىپ، پۇقرالار ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. تەخت ۋارىسى بولغانلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۆلۈشكە باشلاپتۇ ۋە ئاخىرىدا يارغول (تۇرپان) ئايمىقىغا كۆچۈپتۇ» دەپ چۈشەندۈرگەنىدى㊸.

مۇشۇ مەزگىلدە، شامان دىنىنىڭ ھەممە مەۋجۇداتتا روھ بولىدۇ، دەيدىغان كۆز قارىشى ئۇيغۇرلارغىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، ئۇلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنى يەر ئىلاھى، بىزنىڭ مال-چارۋىلىرىمىزنى، بالا-چاقىلىرىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ دەپ قارىدى㊹. ئۇلار يەنە بەزى ئىلاھىي تاشلارغىمۇ چوقۇندى. IX ئەسىرگە كەلگەندىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى: «بېلى ۋە بېشى بار تاش بىلەن سېھىرگەرلىك قىلغىلى، شامال ۋە يامغۇر پەيدا قىلغىلى بولىدۇ» دېگەنىدى㊺. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بۆكۈ خاقان توغرىسىدىكى بىر رىۋايەتتە: بۆكۈ خاقان چۈشىدە ئاق كىيىملىك بىر يىگىتنى كۆرۈپتۇ، «يىگىت ئۇنىڭغا بىر پارچە قاشتېشىنى بېرىپ: ئەگەر بۇ تاشنى مەڭگۈلۈك ساقلايدىغان بولساڭ، تۆت ئەتراپىڭدىكى زېمىننىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولىدۇ، دەپتۇ. ۋەزىرلىرىمۇ خاقانغا ئوخشاش چۈش كۆرۈپتۇ»㊻ دېگەن گەپلەر بار ئىدى. تامىممۇ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە: «ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئۇلارنىڭ قولىدا غەلىتە تاشلار

بار ئىكەن، ئۇلار مۇشۇ تاشلار ئارقىلىق ئۆزى خالىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ، قار-يامغۇر ياغدۇرالايدۇ، سوغۇق ھاۋا پەيدا قىلالايدۇ. ئۇلاردا مۇشۇنداق تاشلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ ھېكايىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تاشلار ئۇيغۇر خاقانلىرىدىلا بولىدۇ» (47) دەپ يازغانىدى.

بۇ مەزگىلدە، شامان پىرىخۇنلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىنتايىن زور ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئەجداد ھېسابلانغان بۆكۈ خاقاننىڭ ئىسمىدىكى (Bøgü) دېگەن سۆز، قەدىمكى تۈركىي تىلىدا شامان مەنىسىنى بىلدۈرەتتى، دېمەك دەلىللىگەن بولدى (48). شامان بىلەن ئەجدادنىڭ بىر گەۋدىگە بىرىككەنلىكى توغرىسىدىكى بۇ رىۋايەتلەر، ئۆز ۋاقتىدا بىر قىسىم شامانلارنىڭ قەبىلە باشلىقى بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. تاكى VIII ئەسىرگە كەلگەندىمۇ، ئۇيغۇر خاقانلىرى جەڭگە ئاتلىنىدىغان چاغدا، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۈستىدە پال سالىدىغان شامان پىرىخۇنلىرىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرەتتى (49). ئۇيغۇر پىرىخۇنلىرى پال ئاچقاندا، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تاغاق سۆڭىكىنى كۆيدۈرۈپ، كۆيۈكتىن كېيىنكى سىزىقچىلارغا قاراپ ياخشى-يامانىنى ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى (50). ئۇيغۇرلار شامان پىرىخۇنلىرى سېھىرگەرلىك قىلىپ شىۋىرغان چىقىرالايدۇ دەپ قارايتتى. مەسىلەن، يۇڭتەينىڭ تۇنجى يىلى (765) تىبەتلەر بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە، «ئۇيغۇرلار پىرىخۇنلاردىن پايدىلىنىپ شىۋىرغان چىقارغانىدى. ئۇلار جەڭنى كېچىكتۈرۈپ، تاڭ ئاتقاندا تىبەتلەرنىڭ توڭلاپ كەتكەنلىكىنى، ئوقيالىرىنىڭ كېرەكتىن چىققانلىقىنى كۆرگەنىدى» (51). VIII ئەسىردە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن قەدىمكى رىۋايەت «ئوغۇز خاقان رىۋايىتى» دە، ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى ئوغۇزخاننىڭ يېنىدا «ئۇلۇغ تۈرك»

دەيدىغان بىر شامانىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ئوغۇز خاقانغا تەڭرىنىڭ ۋەھىسىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا بەزىلەر مۇشۇ ئەپساندىكى ئوغۇز خاقان ھاۋارەڭ نۇر ئىچىدە ۋە دەرەخنىڭ كامىرىدا تۇرىدىغان ئىككى قىز بىلەن توي قىلغان، بۇمۇ شامان دىنىدىكى خۇراپىيلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىدى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، قەدىمكى شامان رەمچىلىرى ئىككىدىن ئىلاھ بىلەن توي قىلغان، ئۇنىڭ بىرى دەرەخ ئىلاھىنىڭ قىزى، يەنە بىرى سۇ ئىلاھىنىڭ قىزى دەيدىغان قاراش بار ئىدى⑤②.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار ئېتىقاد قىلىدىغان شامان دىنىمۇ، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ۋە ھەممە شەيئىلەردە روھ بولىدۇ دېگەن مەركەزدىن تەڭرىگە چوقۇنۇشنى يادرو قىلغان باسقۇچقا قەدەم قويدى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان «قارارگاھ» نىڭ بارلىققا كېلىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاڭ شەكلى فورماتسىيىسى جەھەتتە تەڭرى مەركەزلىكىدىكى تەبىئىي چوقۇنۇش سىستېمىسىنىڭ بولۇشى يەنى رەڭگارەڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئىگە بولالايدىغان تەڭداشسىز بىر تەڭرىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. تەڭرىگە چوقۇنۇش گەرچە يەنىلا تەبىئەتنىڭ كۈچىگە چوقۇنۇش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاستا-ئاستا ئىجتىمائىي خاراكتېر تۈسىنى ئېلىۋاتقان، ئۆزىدە بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە سىنىپ تامغىسىنى يېتىشتۈرۈۋاتقانىدى.

پايانسىز يايلاقتا، بىر تالاي تارقاق قەبىلىلەرنىڭ نىسبەتەن مۇقىم بىر ئىتتىپاقداشلىق بولۇپ ئۇيۇشۇشى ئۈچۈن خېلى ئۇزاق تارىخىي جەريان كېرەك ئىدى، ھالبۇكى ھەممىگە ئورتاق؛ تەڭداشسىز بىر تەڭرى ئىلاھىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلەردىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە بارلىققا كېلىشى ئۈچۈنمۇ، بىر تەرەققىيات

جەريانى لازىم ئىدى. دەسلىپىدە ئۇلار كۆك ئاسمانغا ھەمدە كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ھەر خىل پلانېتلارغا شۇنداقلا كۆك ئاسماندا پەيدا بولغان گۈلدۈرماما، چاقماق، يامغۇر، قار قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇندى. مەسىلەن، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە ئېيتىلغاندەك، ئۇلار «گۈلدۈرمامىغا ئامراق بولۇپ قالدى». ئۇلاردا ئومۇميۈزلۈك ھالدا بەشىنچى ئايدا «تەڭرىگە سەجدە قىلىدىغان» ئادەت كېلىپ چىقتى. ئۇلار جەڭگە ئاتلىنىدىغان چاغدا «ئاينىڭ تولۇشى» نى ساقلايدىغان بولدى㊽. Ⅴ ئەسىرگە كەلگەندە، قاڭقىللاردىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش قەبىلىدە بىر تارقاق ئىتتىپاقداشلىق شەكىللەندى، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ ئىتتىپاقداشلىق ئۈستىدە ھەممەيلەنگە ئورتاق بولغان، تەڭداشسىز بىر تەڭرى ئىلاھى باش كۆتۈردى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە دېيىلگەنلىرى بويىچە، «ۋېنچېڭنىڭ ۋاقتىدا (454 — 453) قاڭقىللاردىن بەش قەبىلە بىرلىشىپ تەڭرىگە باش ئۇردى، نەچچە ئونمىڭ ئادەم بىر يەرگە جەم بولدى... ئۇلار ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان، مۇنداق كاتتا مەرىكە بولمىغان دېيىشتى». روشەنكى، بۇ بەش قەبىلە ئېگىز ھارۋىلىقلاردىكى قەبىلە ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ باشلىنىشى ئىدى، ھالبۇكى ئۇيغۇرلارنى يادرو قىلغان نىسبەتەن مۇقىم، بىرلىككە كەلگەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى 200 يىللىق بىرىكىش، تارقىلىش، قوشۇلۇش، ئايرىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەڭ ئاخىر شەكىللەندى. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرىدا (618 — 605) ئۇيغۇرلار بۆكۇ، توڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، بىر تۇتاش ھالدا ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى قۇردى، ياغلىقار ئۇرۇقىدىن سۆكۈن تېكىن ئىتتىپاقداشلىقنىڭ ئاقساقىلى بولدى. Ⅶ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، تورك ۋە سىرتاردۇشلار

خاقانلىقى ئېلگىرى-ئاخىر بولۇپ يوقالدى، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ يادروسى بولۇپ قالدى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، تۇمىد ئۇلۇغ ئېلتەبىر ئۆزىنى خاقان دەپ جاكارلىدى ھەمدە «تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش» ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئورناتتى. مۇشۇنىڭدىن باشلاپ VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رەسمىي دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغانغا قەدەر ئۆتكەن ۋاقىت، ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن دۆلەت قۇرۇشقىچە بولغان ئۆتكۈنچى باسقۇچى ئىدى.

بەش قەبىلە قاڭقىللار بىرلىشىپ تەڭرىگە سەجدە قىلغاندىن تارتىپ دۆلەت قۇرۇلغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت پېشۋالىرى، قەبىلە ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ ئاقساقاللىقىدىن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس قالدىغان خاقانلىققا قاراپ ئۆزگىرىش ياسىدى. تەڭرى ئىلاھىنىڭ ئورنى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە كۈنسايىن ئۇلۇغلاندى. ھۆكۈمرانلار بۇ خىل دىنىي ئىدىيىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ نېمە دېسە ئېقىۋېرىدىغان ئورنىنى تازا مۇستەھكەملىدى.

ئۇيغۇر خاقانلىرى «دائىم دېگۈدەك كۈنچىقىشقا قاراپ ئولتۇراتتى، كۈنىنىڭ چىقىشىغا ھۆرمەت قىلاتتى» [54]. خاقانلارنىڭ فامىلىسىنىڭ ئالدىغا ئومۇمەن «تەڭرى»، «ئاي تەڭرىدە» قاتارلىق سۈپەتلەش سۆزلىرى قوشۇلاتتى، بۇلار «تەڭرى»، «تەڭرى ئىلاھى» ياكى «تەڭرى تەرىپىدىن تىكلەنگەن» دېگەن مەنىدە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ «مويۇنچۇر خاقان مەڭگۈ تېشى» دىمۇ، بىرنەچچە جايدا «كۆك ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ ھىممىتى بىلەن، مەن ئۆز خەلقىمگە ھۆكۈمران بولدۇم»، «كۆك ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ھىممىتى بىلەن، ئۆز خەلقىمگە بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتىمەن» دېگەنلەر سۆزلەنگەنىدى. پادىشاھلارنىڭ ھوقۇقى ئىلاھتىن كەلگەن دەيدىغان بۇ نەزەرىيە، ئىپتىدائىي دىنىي كاتېگورىيىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ

كەتكەنىدى. ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشىگە، سىنىپ ۋە مەرتىۋە-دەرىجە پەرقىنىڭ-كۈنسايىن ئوچۇق بولۇشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل تەبىئىي كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىلاھلارمۇ قائىدە-نىزاملىرى يوق، ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىدىغان ئەھۋالدىن قالدى، ئىلاھلارغىمۇ يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجە يۈكلەندى، ئىلاھلار دۇنياسىمۇ رەتلىك بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەڭرى ئىلاھى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا ئىدى، ئۇنىڭدىن قالسا ئايال ئىلاھ ئۇماي ۋە زېمىن (يەر-سۇ) ئىلاھى تۇراتتى. ئەجدادلار ئىنسانىيەتنىڭ ئۈستىدە، تەڭرىنىڭ ئاستىدا ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلاردىن باشقا بىر تالاي ئىلاھ، توتېملارنىڭ ئورنى تېخىمۇ كەينىدە ئىدى. تاشقى موڭغۇل ئۇلانباتورنىڭ يېنىدىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدىكى پارچە ئابىدىلەردە «ئىلاھى خاقان بىلەن ئۇماي خاتۇن» دېگەن جۈملىلەر ئۇچرىتىلدى[55]. بۇلاردىن باشقا تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاقان مەڭگۈ تاشلىرىدىمۇ «ئاسمانغا ئوخشاش، تەڭرى ئاتا قىلغان تۈرك بىلگە خاقان»[56]، «ئايال ئىلاھ ئۇمايغا ئوخشاش، ئانام خاتۇننىڭ دۆلىتىدە»[57]، «تەڭرى بەرگەن، دۆلەت قۇرغان قۇتلۇق خاقان»[58]، دېگەن جۈملىلەر بار ئىدى. ئەجدادلار ھەققىدە سۆز ئېچىلغاندا «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا: «ئۈستىمىزدە كۆك ئاسمان، تۆۋەندە قوڭۇر رەڭلىك يەر بىنا قىلىنغاندا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنسانىيەتنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. ئىنسانىيەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئۈستىدە مېنىڭ ئەجدادىم بۇمەن خاقان بىلەن ئىستەمى خاقان ئولتۇرىدۇ» دەپ يېزىلدى. ئەپسانىلەردىكى ئوغۇز خاقاننىڭ بىر نەچچە ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى «كۆك»، قالغانلىرىنىڭ ئىسمى نۆۋەتتە بويىچە «ئاي، تاغ، دېڭىز» ئىدى[59]. ئادەملەر ئارىسىدىكى دەرىجە پەرقىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر بويىچە پەرقلەندۈرگەندە، كۆك ئاسمان ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا

تۇراتتى، شۇنداقلا خاقان ئەڭ ئالىي نوپۇزغا ۋەكىللىك قىلاتتى. دېمەك، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتتىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى سىنىپىي جەمئىيەتتىكى دۆلەت ئاپپاراتىغا ئۆزگەرگەن ۋاقىتتا، دىن دەرھاللا سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ قورالىغا ئايلىناتتى. بۇنداق چاغلاردا، يالغۇز ئادەمگە چوقۇنۇش ۋە تەڭرى بىلەن ئادەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئېنىق ئىدىيە، دەرىجە ۋە بىر تۇتاش تەئەللۇق بولۇش جەھەتتىكى ئېنىق كۆز قاراشلار زۆرۈر بولۇپلا قالماي، بەلكى سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئېتىكىلىق كۆز قارىشى بىلەن ھەرىكەت مىزانىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان دىنىي ئىدىيىلەرمۇ زۆرۈر ئىدى. مۇنداق ۋاقىتتا، تەڭرى ئىلاھىغا چوقۇنىدىغان شامان دىنىمۇ جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، ياكى ئۇنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئەقىدىسى ۋە ھالىتىنى ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىش، ياكى ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ تېخىمۇ ئالىي دەرىجىدىكى سىنىپىي جەمئىيەت دىنىغا ئېتىقاد قىلىش لازىم بولاتتى. 763-يىلى بۆكۈ خاقان مانى دىنىغا كىردى، بۇ دەل كېيىنكى يولنى تاللىغانلىقى ئىدى.

مانى دىنى مىلادى III ئەسىردە پېرسىيىلىك مانى دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بولۇپمۇ ماۋرائۇننەھردىكى سوغدىلار ئارىسىدا ۋايىغا يېتىپ، VII ئەسىردە تاڭ سولالىسىگە تارقالدى. 763-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى بۆكۈ خاقان تاڭ زېمىنىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە مانى دىنىنىڭ ئۇستازلىرىدىن تۆت كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئۆز دىنىنى مانى دىنىغا ئۆزگەرتتى. ئۇ يەنە بۇ تۆت نەپەر كىشىنى قوملۇقنىڭ شىمالىغا ئېلىپ بېرىپ، تەرەپ-تەرەپكە دىن تارقاتقۇزدى[10]. نەتىجىدە مانى دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالدى، بۇ دىن تا غەربكە

كۆچكەندىن كېيىنمۇ 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقىچە تارقىلىپ يۈردى.

بەزىلەر ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتا، ئاساسلىقى شۇ دىندىكى سوغدى سودىگەرلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىۋېلىشنى كۆزدە تۇتقان دەپ قارىدى(61). بۇ گەپنىڭ مەلۇم ئاساسى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇنداق بىر ئاساسىي سەۋەبكە يەنى دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن شامان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىنىڭ پارچىلىنىشقا يۈزلەنگەنلىكى؛ يېڭى جەمئىيەت، يېڭى تەرتىپنىڭ بىر خىل يېڭى دىنىنىڭ ھامىيلىقىغا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقىغا سەل قارىدى.

ئۇيغۇرلار بىر مەزگىل ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى بارلىق ئىپتىدائىي دىنلارغا ئوخشاش، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بىر خىل مەۋھۇم ئىنكاسى ئىدى، ئۇ شۇنداقلا تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنىدىغان، ھەممە شەيئىلەرنىڭ روھى بولىدۇ دېگەننى تەرغىب قىلىدىغان دىن ئىدى. ھەر خىل ئىلاھلار ئارىسىدا خۇددى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش مۇكەممەل دەرىجە ئايرىمىسى ۋە بىر تۇتاش تەئەللۇق بولۇش مۇناسىۋەتلىرى يوق ئىدى. ئۇنى ئېنىق ھالدا ئىجاد قىلغۇچىمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كوللېكتىپنىڭ پاراسەت مەھسۇلى ئىدى. ئۇنىڭ يېزىق بىلەن پۈتۈلگەن نوملىرى يوق ئىدى، ئۇنىڭدىكى ئەقىدىلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك داخان، پېرىخۇنلارنىڭ سۆزى بىلەن ياكى ھەرىكەت بىلەن ئۆگىتىشىگە تايىنىپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقالغانىدى. خۇددى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئادەملەرنى چەكلەپ تۇرىدىغان سىياسىي تۈزۈم ۋە ئاپپاراتلار بولمىغىنىدەك، شامان دىنىنىڭمۇ ئادەملەرنى چەكلەپ تۇرىدىغان دىنىي تەشكىلى ۋە ئادەملەر تەرىپىدىن

بەلگىلەنگەن دىنىي نىزاملىرى يوق ئىدى. شامان دىنىدا ئىبادەتخانىلار يوق ئىدى، ئادەتتە ئەمگەكتىن ئايرىلغان مەخسۇس دىنىي خادىملارمۇ بولمايتتى. بۇنداق بىر ئىپتىدائىي دىن، سىنىپىي جەمئىيەت ھالىتىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقىدا روشەنكى كونىراپ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەچكە، رولىنى جارى قىلالمايتتى.

مانى دىنى سىنىپىي جەمئىيەتتە پەيدا بولدى. ئۇ زوروئاستىر دىنىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، بۇددا دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئارقىلىق شەكىللەندى. ئۇ بىر خۇدالىق دىنىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلىغان بولغاچقا ۋە بىرلا ئىلاھقا يەنى ئىقبال ئىلاھىغا چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن يورۇق دىن دەپ ئاتالدى. بۇ دىنىنىڭ يېزىق بىلەن پۈتۈلگەن نوملىرى، ئۆز مۇخلىسلىرىنى چەكلەپ باشقۇرالايدىغان دىنىي تەشكىلاتى ۋە مۇكەممەل دىنىي نىزاملىرى بار ئىدى[62]؛ شۇنداقلا ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئىش-ئەمگەكتىن پۈتۈنلەي ئاجراپ چىققان روھانىي خادىملىرىمۇ بار ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، مانى دىنىنىڭ ھەر خىل ئەقىدىلىرى ۋە نىزاملىرى سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىنكاسى ئىدى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، بۇ دىن دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تازا باب كەلدى. زوروئاستىر دىنى قەدىمكى پىرسىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلدى. بۇ دىن دۇنيادا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچ بار دېگەنلەرنى تەرغىب قىلاتتى. بۇ خىل ئىدىيە ئەڭ باشتىكى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تېرىقچىلىق جەمئىيىتى بىلەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى جەڭگى-جېدەل ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ ئىنكاسى بولدى[63]. ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى تېرىلغۇ بىلەن تېرىقچىلىقنى مۇھىم پەزىلەت دەپ قارايتتى، ھالبۇكى ئۇ ئەيىبلىمەكچى بولغان قاراڭغۇلۇق ئىلاھىنىڭ خىلمۇخىل رەزىل

قىلمىشلىرى، كۆپىنچە هالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىنى كۆزدە تۇتاتتى. مانى دىنى مۇشۇ ئىدىيىلەرگە ۋارىسلىق قىلدى، نەتىجىدە ئۇمۇ دېهقانچىلىق بىلەن سودىنى ئەلا بىلىدىغان، كۆچمەن چارۋىچىلىقنى پەس كۆرىدىغان مۇهىم ئالاهىدىلىكنى ئۆزىدە يېتىشتۇردى. بۇ ئالاهىدىلىك ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە دەل ماسلاشتى.

VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر خاقانلىقى، يايلاقتىكى بۇرۇنقى بىرمۇنچە كۆچمەن چارۋىچىلىق هاكىمىيەتلىرىگە ئوخشاش مۇقىم بولمىغان هەربىي-مەمۇرىي بىرلەشمە گەۋدىدىن ئىبارەت ئىدى. خاقاندىن تۆۋەن تۇرىدىغان هەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ هەممىسى چوڭ-كىچىك قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە هەربىي سەركەردىلەر بولغاچقا، ئۇلار ئارىسىدا ناهايىتى ئېغىر دەرىجىدىكى ئايرىلىپ كېتىش خاهىشى مەۋجۇت ئىدى. خاقانلاردا هاكىمموتلەقلىك خاهىشى يوق ئىدى. شۇڭا تارىخىي كىتابلار مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنى «ئاددىي-ساددا، سەمىمىي، پادىشاهلار بىلەن پۇقرالارنىڭ هېچقانچە پەرق بولمىغان» مىللەت دەپ يازغانىدى[64]. ئۇيغۇرلاردىكى هەرقايسى قەبىلىلەر ئارا ئىقتىسادىي جەهەتتىكى مۇناسىۋەتمۇ كەمچىل ئىدى. مۇستەهكەم ئىقتىسادىي ئاساسى بولمىغان هەربىي-مەمۇرىي بىرلەشمە گەۋدە مۇقەررەر يوسۇندا تېزلىك بىلەن پارچىلىنىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاڭ سۇلالىسىدە يۈز بەرگەن ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن ئۇيغۇر خاقانلىقى سودا ئىگىلىكىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرىدىغان يولغا قاراپ ماڭدى. ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى هەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى، هەرقايسى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىش قەدىمىنى تېزلەتتى، ئەينى

ۋاقىتتا يەنە بىرمۇنچە يېڭى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغىمۇ سەۋەب بولدى.

سودا ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن زور كۆلەمدىكى شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى ۋە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇرلار ئەسلىدە كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، شەھەر ۋە ئوردا-ساراي قۇرۇلۇشىمۇ باشلاندى ۋە يېرىم مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يۈزلەندى. شەھەر قۇرۇلۇشى، سودا بىلەن قول سانائەتنىڭ ۋە يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى بولدى.

ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېڭى ۋە كونا ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنى بارلىققا كەلتۈردى. خاقان باشچىلىقىدىكى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر كۆچمەن چارۋىچىلىقنى پەس كۆردى، سودىغا ئېتىبار بىلەن قارىدى، ئۇلار ئەتراپىنى كەڭ يېزا ئىگىلىك رايونى قورشاپ تۇرغان شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتى. سودا ئىگىلىكى ئۆزىنىڭ نورمال پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن، كۈچلۈك پادىشاھلىق ھوقۇق بىلەن قوغدىلىدىغان، بىرلىككە كەلگەن خاقانلىق زېمىنىنىڭ بولۇشىغا ۋە سودا يوللىرىنىڭ بىخەتەر بولۇشىغا موھتاج ئىدى. لېكىن كونا ئاقسۆڭەكلەر ھېلىمۇھەم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولغاچقا، ھوقۇقنىڭ تارقاق بولۇشىنى تەرغىب قىلىپ، تەپرىقىچىلىك قىلىشقا ئۇرۇندى.

كونا-يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدىكى سودا بىلەن كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ زىددىيىتى، بىرلىك بىلەن بۆلۈنۈش ئارىسىدىكى كۈرەشلەر، ئۇيغۇر خاقانلىقىدا باشتىن-ئاخىر داۋام قىلدى. كۈرەشنىڭ كەسكىنلىكى، خاقانلارنىڭ تىنىماي ئالمىشىپ تۇرۇشىدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى[65]. يېڭى-كونا

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۇرۇشقا بولغان قاراشلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى. شامان دىنىنىڭ قارىشى بويىچە، ئادەملەر ھايات ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەن دۈشمەنلەر قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ باقىي ئالەمدىكى تەقدىرىمۇ شۇنچە ياخشى بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆلگەنلەرنىڭ قەبرىسى ئالدىغا بىر مۇنچە بالباللارنى تىكلەپ قوياتتى. ھالبۇكى مانى دىنى گۆشسىز تاماق يېيىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشكە قارشى تۇراتتى. يېڭى ئاقسۆڭەكلەر دەل مۇشۇنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، ھېلىقىدەك «ئات ئۈستىدە ئوق ئۈزۈپ، قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان»، «نەدە ئوت-چۆپ بىلەن سۇ بولسا، شۇ يەرگە كۆچۈپ يۈرىدىغان» ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇپ، سودا بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى قوغدىدى. مۇشۇلارغا ئاساسەن (بۆكۈ) خاقان ئۆز دىنىدىن ۋاز كېچىپ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان چاغدا «باشقا ئەللەرنى قان بىلەن بويىغۇچە، ئۆز ئېلىنى باياشاد يەرگە ئايلاندۇرغان تۈزۈك؛ قوشنا دۆلەتلەرنى قىرىپ يۈرگۈچە، ئۆز ئېلىنى ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان قىلىپ قۇرۇپ چىققان ياخشى» (66) دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلدى. مانى دىنىمۇ: «شاھلار يورۇق كۈنگە ئوخشاش، بارلىق يورۇقلۇق ئىچىدە ئەڭ يورۇقلاردىن بولۇشى؛ يەنە خۇددى تولۇن ئايغا ئوخشاش، بارلىق يۇلتۇزلار ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغلاردىن بولۇشى لازىم» دېگەننى تەرغىب قىلاتتى (67). تەڭرى بىلەن ئادەملەرنىڭ بىرلىكى ۋە بىر خۇدالىق بولۇشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئېنىق كۆز قاراش، خاقانلىقنىڭ بىرلىكى ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى.

سودا تىجارىتى ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى غايەت زور بايلىققا ئىگە بولدى، شۇنداقلا خەنزۇ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ بۇزۇپ-چاچىدىغان چىرىك ئادىتىنىمۇ ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالدى. ئۇلار «ئېسىل قاشتېشىدىن ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلارنى

سالدى، كاتتا ئۆيلەردە شاھمات ئويناپ كۆڭۈل ئاچتى، سالاسۇنلۇق قەسىرلەرنى ھە دېسىلا يەڭگۈشلەپ تۇردى، قاردەك ئاق كىيىملەرنى كىيىپ ئۆزىنى ياساپ يۈردى... كۆڭلىگە ياقىدىغان گەپتىن خۇشال بولدى، قىممەتلىك تائاملاردىن يىرگەندى» (68). مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئاۋامدىن پۈتۈنلەي ئايرىلدى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىنى دۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە، ئاددىي پۇقرالارغا بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، بېقىندى قەبىلىلەرگە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلدى، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇلارنى ھەيدەپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغۇزدى(69)، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈردى(70)، شۇ سەۋەبتىن قارلۇقلار، ساتارلار، ئاق يەكتەكلىك تۈركلەر ۋە قىرغىز قاتارلىق باشقا قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈردى. ئاددىي پۇقرالار ۋە بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ قارشىلىقى كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان شارائىتتا، ئۇيغۇر خاقانلىقى ھە دېسىلا بۆلۈنۈپ كېتىدىغان يامان ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ كۈچىيىشى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنى بىر تەرەپتىن دۆلەت ئاپپاراتىنى كۈچەيتىپ، ئىسيان كۆتۈرگەنلەرنى جىددىي باستۇرۇشقا؛ يەنە بىر تەرەپتىن دىندىن پايدىلىنىپ خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇش ۋە ئالداشقا مەجبۇر قىلدى.

مانى دىنىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىدا: «سەممىمىي-ساداقەتلىك بولۇش، سەۋر-تاقەتلىك بولۇش، قانائەتچان بولۇش، پاراسەتلىك بولۇش، مېھرىبان بولۇش» لازىم دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ «بەشتە يورۇق بولۇش» دېيىلەتتى. بۇ دىن «ئاچكۆزلۈككە، شەھۋانىيلىققا، ئوغرىلىققا، غەيۋەتخورلۇققا، دېۋەڭلىككە قارشى» ئىدى. بۇ «بەشتە بۇزۇق بولۇش» دېيىلەتتى. ئۇنىڭدا يەنە: «تۆۋەندە تۇرىدىغانلار، ئۈزىدىن ئۈستۈنلەردىن ھالقىپ

كېتىشكە بولمايدۇ»، «ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش كېرەككى، يۇقىرىدىكىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ» دېيىلگەنىدى. ئۇلار «سەۋر-تاقەتلىك بولۇش»نى «دائىم دېگۈدەك ياخشىلىقنى ئەستە تۇتۇش»، «مىجەز-خۇلق جەھەتتە مۇلايىم بولۇش»، «بوينى قاتتىقلىق قىلماسلىق، يامان گەپنى قىلماسلىق»، «توغرىدىن توغرا قىلىنغان ھاقارەتكە تاقەت قىلىپ چىداش، كۆلۈپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىش، تاپا-تەنە قىلماسلىق» تىن ئىبارەت دەپ چۈشەندۇرەتتى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بىر «نۇرلۇق مەنزىرىگە يېتىپ بارغىلى بولاتتى»، «خۇشامەتگۈي، ئىچى قارا، جەڭدە يېتىراپ كېتىدىغان» ئادەملەرنى «قاراڭغۇلۇق كېمىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ، جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويۇش» لازىم ئىدى. ئۇنىڭدا يەنە شاھانىلىكنىڭ يولى «ئۆزىنى ئالىيجاناب بىلگەنلەر ئۈچۈن، ئاۋامنى ئۆزىدەك بىلىش، ياخشى كۆردۇم دەپ يان باسماسلىق» تىن ئىبارەت دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن باشقا «پات-پات سىرتقا چىقىپ ئەھۋال ئۇقۇپ تۇرۇش بېخىللىق قىلماسلىق، بارغانلا يەردە خەير-سەدىقە بېرىش؛ ئەقىللىك ئادەملەر بىلەن يېقىن بۇرادەرلەردىن بولۇش، چاكىنا ئادەملەردىن يىراقلىشىش؛ كۆپچىلىك بىلەن يېقىن ئۆتۈش، تەنها بولۇۋالماسلىق» قاتارلىقلار بار ئىدى⑦①. روشەنكى، مانى دىنىدا شەرھلەنگەن سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئەدەب-ئەخلاق، ئېتىكىلىق قاراشلىرى ۋە ئوخشىمىغان سىنىپلارنىڭ ھەرىكەت مىزانلىرى، سىنىپىي زىددىيەت بىلەن تولۇپ تاشقان خاقانلىقنى قوغداش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى.

دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇر خاقانلىقى مانى دىنىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. تارىخىي كىتابلاردا: «ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن تۆھپە تەقدىم قىلدى، مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تۆھپە تەقدىم قىلدى، شۇڭا پايتەختتە بۇ دىن ئۈچۈن ئىبادەتخانىلار سېلىندى»⑦② دەپ يېزىلدى. مانى راھىبلىرى سودا

بىلەن شۇغۇللانمايتتى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەقدىم قىلغان تۆھپىسى ئەلۋەتتە سىياسىي جەھەتتىكى تۆھپە ئىدى. مانى راھىبلىرىنىڭ خاقانلىقتىكى سىياسىي ئىشلاردا ئوينىغان رولى توغرىسىدا، تارىخىي كىتابلاردا ناھايىتى كۆپ خاتىرە قالدۇرۇلدى. شۇڭا چىن يۈەن ئەپەندى بۇ ھەقتە يەكۈن چىقىرىپ: «مەيلى كەلسۇن، مەيلى كەتسۇن، ھېچقايسىسى مانى دىنىدىكىلەردەك بولالمايتتى. ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت-تەكەللۇپ ۋەزىر-ۋۇزرا، تۇتۇقبەگلەرگە بولغان ھۆرمەت بىلەن تەڭ ئىدى. ئۇلار بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان بولۇش قان-قېرىنداشلىققا ئوخشاش ئىدى»(73) دېگەنىدى. ئەينى زاماندا، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتتىكى ئەنئەنىۋى قاراشلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان شامان دىنىنىڭ تەسىر كۈچلىرى مانى دىنىغا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. تۈرك يېزىقىدىكى «بۆكۈ خاقاننىڭ دىنغا كىرىش خاتىرىسى»دە: «بۇ تۆت نەپەر مۇقەددەس راھىب تاۋغاچ (تاڭ) ئېلىدىن يولغا چىققاندا، كۆڭلىگە تۆت ئارزۇ-تىلەكنى پۈككەنىدى... بىراق، ئۇلار خەلق ئۇچۇن، ئىلىم ئۇچۇن زور خەۋپ-خەتەرلەرگە يولۇقتى، كۆپ رىيازەت چەكتى. ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرىنى ئاڭلىغان ئاۋام ۋە غوز سودىگەرلىرى دائىم دېگۈدەك باشقىلار قەست قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان مۇھىتتا ياشىدى» دەپ يېزىلدى(74). لېكىن، 763-يىلى بۆكۈ خاقان مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان چاغدا، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى شامان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى پارچىلىنىشقا باشلىغان، قەدىمكى بىر تالاي تەبىئەت ئىلاھلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى كۈچ-قۇدرىتىنى تەدرىجىي ھالدا يوقىتىپ قويغان مۇشۇنداق بىر تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىدى. بەزى ئىلاھلار ئۆزگىرىپ دۆلەت ئىلاھى بولغان ھەمدە خاقانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلانغانىدى. يېڭى جەمئىيەت، يېڭى زىددىيەت، بىر يېڭى دىنغا، سىنىپىي جەمئىيەت دىنىغا موھتاج ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن بۆكۈ خاقان

ھاكىمىيەت كۈچىگە تايىنىپ مانى دىنىنى يولغا قويدى ۋە دەرھاللا ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆردى. شامان دىنىدىكى «جىن-شاياتۇنلارنىڭ شەكلى ئويۇلغان نەرسىلەر بۇيرۇقتا ئاساسەن كۆيدۈرۈلدى، ئىلاھ-مۇئەككەللەرگە چوقۇنۇپ، سەجدە قىلىدىغان ئىشلار... يورۇق دىنىنىڭ تەسىرىگە دۇچ كەلدى»⑰. مانى دىنىنىڭ پۈتۈن خاقانلىق بويىچە تېزلىك بىلەن غەلىبە قىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىنىپىي دۆلىتىنىڭ تەدرىجىي يوسۇندا پىشىپ يېتىلگەنلىكىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

---

ئىزاھات:

① كلاۋسىن: «دەسلەپكى تۈرك تىلىنىڭ چەتتىن كىرگەن تەركىبلىرى»، «مىللىي تىل تەتقىقاتى» نىڭ 1981-يىلى 3-سان.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198-جىلد.

③ گومورو: «كېخمىنىر شېئىرلىرىغا سىناق تەرىقىسىدە ئىلاۋە»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1972-يىل، 2-سان.

④ قاھار بارات: «دولانغۇت ئۇيغۇر ئابىدىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى تەتقىقات»، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982-يىل، 1-سان.

⑤ «سۈينامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە».

⑥ «سۈينامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە».

⑦ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑧ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە».

⑨ «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە».

⑩ ئىساقوپ: «ئۇيغۇرلار تۇۋادا»، «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى» نىڭ 1985-يىلى 5-سانىغا قارالسۇن.

⑪ «قانۇنلار قامۇسى. دوپۇرلار».

⑫ «كونا تاڭنامە. بارغۇت قويۇنىنىڭ تەرجىمىھالى».

⑬ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلارھەققىدە قىسسە».

⑭ «سۈينامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە».

⑮ «ئاسايىش ئالەم خاتىرلىرى. تۆرالار».

⑯ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑰ «كونا تاڭنامە. تۆرالار ھەققىدە قىسسە».

⑱ لى دېيۇ: «لى ھەزرەتنىڭ خۇيچاڭ يىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى توپلىمى» 2-جىلد.

⑲ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 225-جىلد.

⑳ «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى» 11-يۈرۈش 10-قىسىم.

㉑ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»

㉒ «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە».

㉓ ㉔ ㉕ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉖ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉗ رەشىدى يازغان. يۇداجۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «جامىئۇل تەۋارىخ» 1-جىلد 1-قىسىم. شاڭخۇ باسمىخانىسىنىڭ 1983-يىل نەشرى. 141-بەت.

㉘ (ياپونىيە مۇدائې سېيجى: «موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچى ئۇلۇسلار — رەشىدنىڭ «ئۇلۇسلار بابى» غا ئىزاھات»، «شەرقىي ئوكيان تارىخىي تەرەققىياتى» 23-جىلد 4-نومۇر.

㉙ «يۇەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى». جۇۋەينى يازغان. خې گاۋجى تەرجىمە قىلغان «تارىخىي جاھان كۇشاي» 4-قىسىم 7-باب. ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1981-يىل نەشرى. 67-بەت.

㉚ فېڭ چېڭجۇن تەرجىمە قىلغان «دوسان موڭغۇل تارىخى» 1-جىلد. جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1962-يىل نەشرى. 173-بەت.

㉛ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉜ رەشىدى يازغان. يۇداجۇن تەرجىمە قىلغان «جامىئۇل تەۋارىخ» 1-جىلد 1-قىسىم 1-پەسىل.

㉝ ۋىليام. بارتولد يازغان، لوجېپىڭ تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا ئائىت 12-لېكسىيە» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى. 1984-يىل نەشرى. 15—16-بەت.

㉞ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-قىسىم. ئۇيغۇرچە نەشرى 151-بەت.

㉟ «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى خۇشۇت سەيدام رايونىدىكى ئارخېئولوگىيە

خىزمىتى» ، «ئارخېئولوگىيە» نىڭ 1959-يىل 3-سانىغا قارالسۇن.

㊱ « 罗 » خېتى قەدىمكى دەۋردە ( 阿 ) دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى.

㊲ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3-توم. تۈركچە نەشرى. 368-بەت.

㊳ رەشىدى يازغان، يۇداجۇن تەرجىمە قىلغان «جامىئۇل تەۋارىخ» 1-جىلد. 1-قىسىم 144—145-بەتلەر.

㊴ شۈكۈر قاتارلىقلار: «ئوغۇزنامە رىۋايىتىنىڭ تەرجىمىسىگە ئىزاھات» ، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978-يىل 1-سانى.

㊵ لېنىن: «ئىشچىلار سىياسىي پارتىيىسىنىڭ دىنغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە» ، «لېنىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 2-توم خەلق نەشرىياتى 1975-يىل نەشرى. 273-بەت.

㊶ «جامىئۇل تەۋارىخ» 1-جىلد 3-پەسىل.

㊷ (يۈەن سۇلالىسى) ئاۋياڭشۇەن: «رەسەتخانا مەكتۇپلىرى» 11-جىلد. «تۆت قىسىملىق مەجمۇئە» نۇسخىسى.

㊸ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى»

㊹ چېن جۇڭمىيەن: «تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنى تەكشۈرۈش» ، «تۈركلەر تارىخى» 2-قىسىم. جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1958-يىل نەشرى. 1076-بەت.

㊺ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3-توم. تۈركچە نەشرى 3-بەت.

㊻ «دوسان موڭغۇل تارىخى» 1-توم، 174-بەت.

㊼ «تامىم. بىنى بەھرال مۇتتاۋىنىڭ ئۇيغۇر يۇرتىدىكى ساياھەتلىرى» .

㊽ پېللىئوت: «شامان ئۇستىدە تەتقىقات» ، «ئاسىيا گېزىتى» نىڭ 1-قىسمى. 1913-يىل.

㊿㊾ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» .

(51) «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3-توم. تۈركچە نەشرى. 21-بەت.

(52) شۈكۈر قاتارلىقلار: «ئوغۇزنامە تەرجىمىسىگە ئىزاھات» ، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1978-يىل 1-سان.

(53) «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» .

(54) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» ، «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» .

(55) لېنېر. گىرو يازغان، گېڭشېڭ تەرجىمە قىلغان: «شەرقىي تۈرك خاقانلىقىدىكى ئابىدىلەرنى تەكشۈرۈش». شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخى تەتقىقات ئورنى 1984-يىل باسقان. 142-بەت.

(56) «تۈرك يېزىقىدىكى «بىلگە خاقان ئابىدىسى».

(57) تۈرك يېزىقىدىكى «كۆلتېكىن ئابىدىسى»

(58) تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر «مويۇنچۇر خاقان ئابىدىسى».

(59) گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «ئوغۇزنامە»، «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»، مەركىزى مىللەتلەر شۆيۈەنى مىللىي تىل فاكۇلتېتى 1963-يىل باسقان.

(60) «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە خاقانلىرى ئابىدىسى» مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى كۇتۇبخانىسىدىكى ئابىدە تاشلارغا قارالسۇن.

(61) فەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 4-قىسىم. خەلق نەشرىياتى 1965-يىل نەشرى. 95-بەت.

(62) دۇنخۇاڭدىكى «مانى دىنىغا ئائىت پارچە-پۇرات نومىلار»غا قارالسۇن. «چېن يۈەنىڭ تارىخى ئىلمى ھەققىدىكى ماقالىلەر» 1-قىسىم جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1980-يىل نەشرى.

(63) ش. يا. توكرىۋ يازغان، ۋېي چىڭجېڭ تەرجىمە قىلغان «دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت تارىخىدىكى دىنلار» 18-باب. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1985-يىل نەشرى.

(64) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 226-جىلد.

(65) بۆكۈ خاقاندىن تارتىپ 840-يىلى غەربكە كۆچكەنگە قەدەر، 11 خاقان ئۆتتى. بۇلاردىن بەش خاقان ئىچكى مالىمانچىلىقتا ئۆلتۈرۈلدى ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

(66) «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە خاقانلىرى ئابىدىسى» مەركىزى مىللەتلەر شۆيۈەنى كۇتۇپخانىسىدىكى ئابىدە تاشلارغا قارالسۇن.

(67) دۇنخۇاڭدىكى «مانى دىنىغا ئائىت پارچە-پۇرات نومىلار».

(68) «لى ھەزرەتنىڭ خۇيچاڭ يىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى توپلىمى» 2-جىلد.

(69) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

(70) «توققۇز ئۇيغۇر خاقانلىرى ئابىدىسى».

(71) دۇنخۇاڭدىكى «مانى دىنىغا ئائىت پاچە-پۇرات نومىلار»، «چېن يۈەنىڭ تارىخى ئىلمىي ماقالىلىرى» 1-قىسىم.

⑫ لى جاۋ «دۆلەت تارىخىغا قوشۇمچە».

⑬ «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە تەكشۈرۈش»، «چېن يۈەننىڭ تارىخى ئىلمىي ماقالىلىرى» 1-قىسىم.

⑭ فېڭ جياشىڭ قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر تارىخىدىن ماتېرىياللار» 1-قىسىم. مىللەتلەر نەشرىياتى. 1981-يىل نەشرى.

⑮ «توققۇز ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئابىدىسى».

## يەتتىنچى باب

# خاقانلىقنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى

### 1. خاقانلىقنىڭ يىمىرىلىشى

VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ھاياتىي كۈچى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئۇيغۇر خاقانلىقى تىبەت خاقانلىقى بىلەن نەچچە ئون يىل ئۇرۇشتى. IX ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىغا كەلگەندە، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى خوراپ بىر يەرگە باردى. ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەر تەڭلا ۋاقىتتا ھالىدىن كەتتى. ھۆكۈمران سىنىپ قاتلىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دەتالاشمۇ ئۇلارنىڭ ئاجىزلاش قەدىمىنى تېزلەتتى.

جيەنجۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (780) ئۇيغۇرلاردىن تون باغا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، تەڭرى خاقاننى ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، تەڭرى خاقاننىڭ ئوغلى «ۋەزىرى، پەرمانبەگلىرى بىلەن ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ، ئۆز ئارا ئېلىشتى»①. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ خىل «ئۆز ئارا بىر-بىرىنى يەم قىلىدىغان» ئىچكى دە-تالاشنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، ئەھۋال بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ئىچكى دە-تالاش جەريانىدا بۆكۈ، ئاتىئىز ۋە ھازار ئۇرۇقلىرىنىڭ ئورنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خاقانلارنىڭ جەمەتى بولغان

ياغلۇقار ئۇرۇقىدىكىلەر كۈنسايىن ئاجىزلىدى. تاڭ ئوردىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۆكۈ ئۇرۇقىدىن بولغان قىزلار تەڭرى خاقاندىن باشلاپ (780—759) ئالپ قۇتلۇق بىلگە خاقان، تەڭرىدە بولمىش قۇتلۇق بىلگە خاقاندىن ئىبارەت ئۈچ خاقانلىقتا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ خاتۇن ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خاتۇنلارنىڭ دادىسى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ يابغۇلىرى بولدى. ئۇلارنىڭ تاڭ ئوردىسى بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتىگە قاراپ ② بۆكۈ قەبىلىسىنىڭ خاقانلىقتىكى تەسىرى كۈندىن-كۈنگە زورايدى. جېنيۈەننىڭ 6-يىلى (790)غا كەلگەندە، بۆكۈ ئۇرۇقىدىن بولغان كىچىك خاتۇن مەلىكە (يې) خاقاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسىنى تىكلەيدىغان بىر ۋەقە سادىر بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان قۇتلۇق بىلگە خاقان شۇ چاغدا ئەمدىلەتىن «ئون بەش ياش»قا كىرگەن بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە بىر قورچاق ئىدى، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇ قوشۇنغا مەسئۇل ۋەزىرنى دادىسى بىلدى ھەمدە «دادامنىڭ كۆزىگە قاراپ جان باقىمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈردى③. جېنيۈەننىڭ 11-يىلى (795)غا كەلگەندە، ئاتىئىز ئۇرۇقىدىن بولغان «ئەسكىرىي ئىشلار بېگى» (قۇتلۇق) خاقانلىققا ئولتۇردى ۋە قۇتلۇق خاقان دەپ ئاتالدى. چاڭچىڭنىڭ 1-يىلى (821) ئېھتىمال خاقانلىق ھازار ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنى 200 يىلدىن ئارتۇقراق بىر تۇتاش باشقۇرۇپ كەلگەن ياغلۇقارلار ئۇرۇقىنىڭ ئاجىزلىشى، غەيرىي فامىلىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئاقسۆڭەكلەرنى خاقان بولۇش ئۈچۈن كۆزى قىزىرىدىغان پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئەسكەر تارتىپ كۈچ كۆرسەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يەنە سىرتنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش كويىدىمۇ بولدى. قىرغىزلار، ساتارلار ۋە تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرىدا تۇرۇشلۇق

سانغۇنلىرى ئۇلار تايانماقچى بولغان ئوبيېكتلارغا ئايلاندى. داخېنىڭ 6-يىلى (832) دىن كېيىن، خاقانلىقنى تالىشىش كۈرىشى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى، ھۆكۈمرانلار قاتلىمى پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ، ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. مۇشۇ يىلدىن تارتىپ خاقانلىق ھالاك بولغانغا قەدەر سەككىز يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ نەپەر خاقان ئالماشتى، ھالبۇكى، بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسى ئىچكى دەتالاشتا ئۆلتۈرۈلدى ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. خاقانلىقنىڭ ئىچىدىكى دەتالاش تۈپەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ كونا رەقىبى بولغان قىرغىزلاردا ئۇيغۇرلارنى يېڭىۋېلىش ئۈمىدى پەيدا بولدى. ئۇلار يەڭلىرىنى شىمايلاپ جەنۇب تەرەپكە ئاتلىنىش يۈرۈشىنى كۈتمەكچى بولدى.

كەيچىڭنىڭ 4-يىلى (839) قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا «ئۇدا بىرنەچچە يىل ئاچارچىلىق يۈز بەردى، ۋابا كېسىلى تارقالدى، ھەممە يەرنى ئۆلگەن ئات، قويلارنىڭ جەسىتى قاپلاپ كەتتى، قار قېلىن يېغىپ ئاپەتكە ئايلاندى»، «پۈتۈن قۇملۇقنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلىدى، يايلاقنىڭ ھەممە يېرى ئىگىسىز ئىگەر-جابدۇق بىلەن تولدى»④. شۇ يىلى ئىچكى دەتالاش يەنە بىر مەرتىۋە كەسكىنلەشتى، خاقانلىقنىڭ ۋەزىرى كۆرلەمۇر قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ساتار قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شىمالغا ئاتلاندى، نەتىجىدە تەگرىدە قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە خاقان (خۇتېكىن) ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى، كىچىك تېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. ئىككىنچى يىلى (840) قارارگاھنىڭ شىمالىي تەرىپىدە تۇرۇۋاتقان كۈلۈگ باغا سانغۇن خاقانلىققا ئۇزۇندىن بۇيان كۆز تىكىپ يۈرگەن قىرغىزلارغا بېشارەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن جەنۇبقا چۈشۈپ قارا بالغاسۇنغا ھۇجۇم قىلدى، «خاقاننى ئۆلتۈردى، كۆرلەمۇرنى قەتل قىلدى، قارارگاھقا ئوت قويدى، ھەرقايسى قەبىلىلەر

يىتىراپ كەتتى»⑤. سەلتەنەتلىك پايتەخت خاتۇن بالىق، مەلىكە قەلئەسى قاتارلىق جايلار «كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى»، قىرغىزلارنىڭ خاقانى ياپلاقتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى پاك-پاكىز ئادالاپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىنى پۈتۈنلەي تىزگىنلەش ئۈچۈن «قارارگاھنى لاۋشەن تېغىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە كۆچۈردى»⑥.

لېكىن، بىر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەت ئۈچۈن، پايتەختىنىڭ ۋەيران بولۇشى، خاقانىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىپ يىراق يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىشى، ھاكىمىيەتنىڭ ھالاك بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. قىرغىزلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمى، ئۇيغۇر خاقانلىقتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىۋېتەلمىدى ياكى ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىدى. خاقانىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى، بالا-چاقىلىرى، جەمەت تۇغقانلىرى، خاقانلىقتىكى ۋەزىر-ۋۇزرالار، تۇتۇقبەگلەر، «ئاقساقاللار ۋە قەبىلە كاتتىباشلىرى»نىڭ كۆپى تېخى ھايات ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار يەنىلا بىرمۇنچە قەبىلىلەرنى باشقۇرۇپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ھۆكۈمران سىنىپلار قاتلىمىدىكى ئابرويلۇق ئادەملەر ئەڭ زىچ توپلاشقان «خاقانلىق قارارگاھىغا يېقىن ئەتراپتىكى ئون ئۈچ قەبىلە» ئىچىدىن، يېڭى خاقانىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇيغۇرلار يەنىلا خاقانى بار بىر مىللەت بولۇپ قېلىۋەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ياپلاقتىن قوزغالماي ياشاۋەردى، ھەتتا X ئەسىرگە كېلىپ، قىتانلار قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قوشۇن باشلاپ كىرگەندە، مۇشۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم تۇتۇشۇپ قالغانىدى⑦. كېيىنچە لياۋ سۇلالىسى قۇملۇقنىڭ شىمالىدا «ئۇيغۇر دۆلەتلىك تەڭرىقۇت مەھكىمىسى» تەسىس قىلىپ، شۇ جايدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى باشقۇردى⑧.

قوملۇقنىڭ شىمالىدا قالغان ئۇيغۇرلار ئاخىرىغا بېرىپ ئاساسىي جەھەتتىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىچىگە سىڭىشىپ كەتتى. مەسىلەن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىكى چىڭگىزخان ۋە ئۇگدايخان دەۋرىدىكى ۋەزىر تيەن جېنخەينىڭ جەمەتى ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

باشقا ئۇيغۇرلار بىرنەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ، ھەرقايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەشكىللىنىپ ھالدا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن ئايرىلدى. ئۇلارنى ئوتلاق بىلەن تەمىن ئېتەلەيدىغان جاي قۇملۇقنىڭ جەنۇبى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ئىدى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا جەنۇب بىلەن غەربكە قاراپ كۆچتى.

## 2. جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار

خاقانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىن، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ، ئۆز ئالدىغا تەگرى خاقان يولىنى بويلاپ جەنۇبقا ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق بىر تارماق ئۇگە تېكىن باشچىلىقىدىكى «خاقانلىق قارارگاھىغا يېقىن ئەتراپتىكى ئون ئۇچ قەبىلە» ئىدى. يەنە بىر تارماقنى چوڭ تېكىن ئونمۇس قاتارلىقلار باشلاپ ماڭدى. ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبقا كۆچكەن بۇ ئىككى تارمىقى، ئۆزئارا قارشى بولغان ئىككى گۇرۇھنىڭ ئادەملىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. مۇشۇ تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشىدىكى مەقسەت-مۇددىئامۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

نايانچۇر بىلەن ئونمۇس باشلاپ ماڭغان بىر تارماق ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. ھالبۇكى ئۆگە تېكىن باشلاپ ماڭغان بىر تارماق، سابىق خاقانلىقتىكى ھۆكۈمران سىنىپلار

قاتلىمىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى «ئاقساقاللىرى ۋە كاتىپباشلىرى»نى ئۆز ئىچىگە جەم قىلغان بولغاچقا، كونا خاقانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كويىدا بولدى⑨، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەنۇبقا كېتىپ بېرىپ، ئۆگە تېكىننى خاقان قىلىپ تىكلىدى. ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، «خاقانلىقنىڭ قارارگاھىغا يېقىن ئەتراپتىكى ئون ئۈچ قەبىلە» ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنىڭ مەركىزى ئىدى. ئۆگە خاقان ھېچ بولمىغاندا نامدا بولسىمۇ ھەرقايسى قەبىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ خاقانى ھېسابلىناتتى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ۋەيران بولۇشتىن ئىلگىرى، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى پان تېكىن ئىزچىل رەۋىشتە ئۆزىنى يابغۇ دەپ كەلگەنىدى.

ئۆگە خاقان ئۆز قارىمىقىدىكىلەرنى باشلاپ جەنۇبقا كەلگەندىن كېيىن، شىمالدىكى قىرغىزلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسىگە ئەسكەر بېرىپ تۇرۇش قاتارلىق تەلەپلەرنى قويدى. لېكىن تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. خۇيچاڭنىڭ 7-يىلى ئۆگە خاقان قول ئاستىدىكى ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىككىنچى يىلى، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۇزۇل-كېسىل تۈگىدى. قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇرۇنۇشلارمۇ پۈتۈنلەي بەربات بولدى.

جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى مۆلچەر بويىچە 100 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىمۇسىنىڭ قولىدىكىلەر 50 مىڭغا يېقىن، ئۆگە تېكىننىڭ قولىدىكىلەر 50 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى⑩.

جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار تارمار بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ خەنزۇلارنىڭ ئىچىگە

سىڭىشىپ كەتتى. ئونمۇسنىڭ قولىدىكىلەردىن بىر قىسىم ئادەم «ئايرىم ھالدا ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئاتلىق ئەسكەر بولدى» ⑪، قالغانلىرى ئاساسەن داتۇڭنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. دۇنخۇاڭ ئېگىز قۇم مىڭئۆيلىرىدىكى 61-ئۆيدە ئۇچرىتىلغان X ئەسىرگە تەئەللۇق شەنشى ۋۇتەيشەن تېغىنىڭ خەرىتىسىدىكى «تۇرا ئىبادەتخانىسى» دىن قارىغاندا، بەش دەۋر ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، مۇشۇ يەردە ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئونمۇسنىڭ قول ئاستىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلەر كېيىنچە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بىلەن چاڭئەنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە «نۇسرەتلىك مەھەللىدىن ئىنئام قىلىنغان كاتتا ئۆيلەردە تۇردى». نايانچۇر باشلاپ ماڭغان 7000 تۇتۇن ئۇيغۇر ئۆگە خاقانىنىڭ قولىدىكىلەردىن ئەسىر ئېلىنغان ۋە ئەل بولغان 30-40 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ كۆپ قىسمى، تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن «ھەرقايسى ئايماقلارغا تارقىتىلدى». ئۇلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى، ئەڭ يىراققا كەتتى دېگەنلىرى ھەتتا چاڭجياڭ، خۇەيخې دەرياسى رايونلىرىغىچە باردى⑫. خېلى كۆپ ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا سانغۇنلىرىنىڭ قولىدا ئىشلىدى⑬.
يۇجۇ ئايمىقىنىڭ ھەراۋۇل بېگى بولغان جاڭ جۇڭۇۋنىڭ قارىمىقىدىكى لى ماشۇن، لى كېجوي ئاتا-بالا ئىككىسى ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى ئۇيغۇر قىسىملىرىنىڭ سەركەردىلىرىدىن ئىدى.
جەنۇبقا كۆچكەن ۋە ئەل بولغان بۇ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئۆز قولىدىكى ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، جەڭ قىلىشقا ماھىرلىقى ۋە كۆپ مەرتىۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى تۈپەيلى، تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ھەرخىل ئەمەللەرگە تەيىنلەندى ۋە ئۆستۈرۈلدى، ئۇلار كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەردە ھۆكۈمران سىنىپلار قاتلىمىنىڭ بىر

قىسمىنى تەشكىل قىلدى. بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى قارام ئەل قورغانلىرى بىلەن بولغان ئېلىشىشتا ۋە بەش دەۋر مەزگىلىدىكى مالىمانچىلىقتا، ناھايىتى كۆپ ئۇيغۇر سەركەردىلىرى مۇھىم رولLارنى ئوينىدى⑭.

## 3. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى

جەنۇب بىلەن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ئادەم سانى نىسبەتەن ئازراق بولغان يەنە بىر تارماق ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، خۇامىنشەن تېغىنى ياقىلاپ جۇيىەن ساسلىقىغا بارغاندىن كېيىن، رۇشۇي دەرياسىنى بويلاپ خېشى كارىدورىغا كەلدى. خېشى كارىدورىغا كەلگەن بۇ ئۇيغۇرلار بىر قېتىمدىلا ئەمەس، بەلكى ھېچ بولمىغاندا خېلى زور كۆلەمدە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كۆچۈپ كەلدى. بىرىنچى تۈركۈمدە كەلگەنلەر كەيچېڭنىڭ 5-يىلى (840) قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن ئۇدۇل جەنۇبقا ماڭغان بىر تارماق ئۇيغۇرلار بار ئىدى. يەنە بىر تۈركۈمدىكىلەر جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار مەغلۇب بولغاندىن كېيىن «غەرب تەرەپكە قېچىپ، تاڭغىتلارغا ئەل بولۇپ، تاڭغىتلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى گەنجۇ ئايمىقىغا كەلگەنلەر ئىدى»⑮. بۇلاردىن بۆلەك يەنە بەزى قەبىلىلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاز-ئازدىن كۆچۈپ كەلدى. گەنجۇ ئايمىقىغا قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار «تاڭغىتلارغا تۇتۇلدى»، تىبەتلەرمۇ «بۇ ئۇيغۇرلارنى تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇردى»⑯. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنى خېشى بىلەن لۇڭيۇدىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىۋەتتى. ئۇيەر-بۇيەرگە تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ ئۇيغۇرلار تارىخىي كىتابلاردا: قۇلانتاغ ئۇيغۇرلىرى، چىنجۇ ئۇيغۇرلىرى، لياڭجۇ ئۇيغۇرلىرى، خالو دەريا ئۇيغۇرلىرى؛

سۇجۇ ئۇيغۇرلىرى، گۇاجۇ ئۇيغۇرلىرى، شاجۇ ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالدى. گەنجۇ ئايمىقى خېشى بىلەن لوگيۇدىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ مەركەزلىشىپ ئولتۇرغان رايون ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى تارماق ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئەمەس ئىدى، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ياغلاقارلار ئۇرۇقىدىن بولغان ئاقساقاللارنى ئۆزلىرىگە ئورتاق ھالدا باش قوماندان قىلىپ، ئۆز ئارا ئالاقىلىشىپ ياشىدى. مۇشۇ سەۋەبلەرگە ئاساسەن ئۇلار تارىخىي كىتابلاردا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتالدى.

خېشىدىكى ھەرقايسى تارماق ئۇيغۇرلار يالغۇز ئۆز ئارا ئالاقە ئورنىتىپلا قالماي، بەلكى يايلاقتىكى جۇييەن يولىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي تەرەپكە ۋە غەربىي تەرەپكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئالاقىنىمۇ ئۈزۈپ قويمىدى، ئۇلار ئۆز ئارا بىر-بىرىگە مەدەت بەردى. غەربكە كۆچكەن پات تېكىن خاقان بولغاندىن كېيىن، ئۇلار پات تېكىننى پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىسى دەپ قارىدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، تارىخىي كىتابلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى پات تېكىننىڭ «نەۋرىلىرى» دېگەنمۇ بولدى⑰. لېكىن ئىككى تەرەپتىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بىر-بىرىدىن بەك يىراق بولغاچقا، ئۇلار بارا-بارا ياتلىشىپ كەتتى.

IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خېشىدىكى تىبەت ھاكىمىيىتى ۋەيران بولدى. كېيىنكى لياڭ كەيپىڭنىڭ 5-يىلى (911) گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دۇنخۇاڭنى بېسىپ ياتقان «غەربىي خەن ئالتۇنتاغ پادىشاھلىقى»نى مەغلۇپ قىلىپ⑱، خېشى كارىدورىنى پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئالدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ خېشىدىكى ھاكىمبەگلىك ئورنىنى ساق 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشتۇردى. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان دائىرە كارىدورنىڭ شىمالىدىكى چۆل-جەزىرە بىلەن يېرىم قۇملۇق رايونلارغىچە يەنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ

ئالاسان خوشونى بىلەن ئىرگىنە خوشونغىچە باردى، بۇ رايوننىڭ شەرقىي قولان تاغلىرى بىلەن، غەربىي ئېۋىرغول ۋە بارىكۆل يايلىقى بىلەن تۇتىشاتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى بولۇپ بارغان ساۋ ۋەنتۇڭ: «بىزنىڭ بەگلىكىمىزنىڭ زېمىنى شەرقتە خۇاڭخې بىلەن، غەربتە قارلىق تاغ (شەرقىي تەڭرىتاغ) بىلەن تۇتىشىدۇ»[19] دېگەنىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خېشى ئاجىز ھەمدە تارقاق بىرلەشمە ھاكىمىيەت ئىدى. بۇ ھاكىمىيەتكە كىرگەن خېشىدىكى ھەرقايسى جەمەتلەر گەرچە ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھامىيلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، لېكىن ئىچكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا كۆپىنچە ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولالايتتى. شۇڭا تارىختىمۇ «گەن، لياڭ، گۇا، شا ئايماقلىرىدا تارقاق ياشاۋاتقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاقساقاللىرى بار، ئۇلار ئۆز جەمەتلىرى بويىچە ئولتۇرىدۇ»[20] دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. خەنزۇلاردىن جاڭ ۋە ساۋ فامىلىدىكى ئۇرۇقلارنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرغان شاجۇ بىلەن گۇاجۇ ئايمىقى ۋە لياڭجۇ ئايمىقىنى بېسىپ ياتقان تىبەتلەردىن جىيلۇڭ، ليۇگۇ قەبىلىلىرى مۇستەقىللىكى ئەڭ كۈچلۈكلەردىن ئىدى.

سۇڭ سۇلالىسى تيەنشىڭنىڭ 6-يىلى (1028)، تاڭغۇت قوشۇنلىرى گەنجۇ قەلئەسىنى ئالدى. ئۇيغۇر خاقانى ياغلۇقار تۇڭشۇن «ئالدىراپ-تېنەپ قېچىپ كەتتى»[21]. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى خېشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تارىخ شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. ھاكىمىيەت ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەرقايسى تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتتى. بۇلاردىن دۇنخۇاڭنىڭ جەنۇبى ۋە تىلەن تاغلىرىنىڭ ئېتىكىگە چېكىنگەنلەرنىڭ تەسىرى ئەڭ زور ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتىدى. تاكى جىن سۇلالىسىنىڭ

تيەنخۇي 5-يىلى (1127) غا كەلگەندىمۇ، «شاجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن خۇراسان خاقان باج-خىراج تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ماڭدۇردى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى㉒. لېكىن شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇلار ھەر خىل تارىخىي كىتابلاردا قايتا تىلغا ئېلىنمىدى. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ۋەيران بولۇپ، نەچچە ئون يىللاردىن كېيىن، سۇڭ سۇلالىسى يۈەنفېڭنىڭ 4-يىلى (1081) غا كەلگەندە، تارىخىي كىتابلاردا «سېرىق باش ئۇيغۇر» دەيدىغان بىر قەبىلە پەيدا بولدى㉓. تارىخ ئىلمى ساھەسىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر سېرىق باش ئۇيغۇر دېگەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ئېشىپ قالغانلارنىڭ ئۆزى، تېخىمۇ كونكرېت سۆزلىگەندە، ئۇلار شاجۇ ئايمىقىدىن چېكىنىپ چىققان ھېلىقى بىر تارماق ئۇيغۇرلار دەپ قارىدى. لېكىن مۇنداق چۈشەندۈرۈشتە گۇمانلىق نۇقتىلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۆز زامانىسىدىكى سېرىق باش ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە بولۇپ، ئۇلار غەربتە يۈەنچاڭ قەلئەسىدىن (بۈگۈنكى چەرچەن ئەتراپى) شەرقتە چارقىلىققا قەدەر بولغان 500 كىلومېترلىق دائىرە ئىچىدە ياشايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى شاجۇ ئۇيغۇرلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان رايوندىن تولىمۇ يىراق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېرىق باش ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى ئۇيغۇر جەمەتلىرىدىن سىرت، بىر قىسىم باسمىل، تۈركەش، قىرغىز ئۇرۇقلىرىمۇ بار ئىدى㉔. مۇشۇلارغا قارىغاندا، بۇ سېرىق باش ئۇيغۇرلارنىڭ شاجۇ ئۇيغۇرلىرى بولماي، بەلكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، سېرىق باش ئۇيغۇرلار «سېرىق ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتالدى ھەمدە موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربنى تىنچىتقۇچى بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ، بىر قىسىم موڭغۇللار بىلەن سىڭىشىپ كەتتى. XV ئەسىرنىڭ

ئاخىرىدا، ئۇلار قايتا خېشى كارىدورىدىكى گەنجۇ ۋىلايىتىگە كۆچۈپ كەلدى. بۇلار دەل بۈگۈنكى كۈندىكى يۇيگۇ مىللىتى ئىدى. يۇيگۇ مىللىتىدىكى ياڭ فامىلىسى دەل قەدىمكى ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ياغلۇقار ئۇرۇقىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىلغان فامىلە نامى ئىدى.

## 4. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار

قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقى يىمىرىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ غەرب تەرەپتە تىزگىنلەپ تۇرغان يەرلىرى پۈتكۈل جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى، كىنگىت (قارا شەھەر)، كۇسەن (كۇچا) ۋە پامىرنىڭ غەربىدىكى ئىسسىقكۆل رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ رايونلاردا ئاساسەن قارلۇقلار، يابغۇلار ۋە چىگىللار ياشايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارغا بېقىندى قەبىلىلەر ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇ بېقىندى قەبىلىلەرگە ياكى نازارەتچى بەگلەرنى ئەۋەتەتتى، ياكى ئۇلارنى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرەتتى ۋە بۇ ئاقسۆڭەكلەرنى مىراسخور ئاقساقاللاردىن قىلىپ تەيىنلەيتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابتا: «قەدىمكى دەۋردە، پۈتۈن تۈركىستاندىكى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) قەبىلىلىرىدىن ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەندى㉕. كەيچېڭنىڭ 5-يىلى (840) پان تېكىن 15 قەبىلە ئۇيغۇرنى باشلاپ غەربكە كۆچتى. بۇ 15 قەبىلە ئۇيغۇرنىڭ نوپۇس سانىنى بەزىلەر يۈز نەچچە مىڭدىن 300 مىڭغىچە دەپ مۆلچەرلىدى㉖. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانى پان تېكىن غەربكە كۆچۈپ ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن «200 مىڭغا يەتكەن»لىكى ئۈچۈن، بىز غەربكە كۆچكەن ئون بەش قەبىلىنىڭ نوپۇسى 200 مىڭدىن تۆۋەن ئىدى دەپ قارايمىز㉗. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار

ئەنئەنىۋى يايلاق يولى بىلەن مېڭىپ، ئەڭ ئاۋۋال بېشبالىققا يېتىپ باردى. ئۇلار يېتەرلىك ئوتلاقلارنى ئىگىلەش مەقسىتىدە، تەدرىجىي يوسۇندا تارقاقلاشتى، بىر بۆلۈك قەبىلىلەر داۋاملىق غەربكە ئىلگىرىلەپ، پامىرنىڭ غەربىدىكى قارلۇقلار ئولتۇراقلاشقان جايلارغا كىردى ھەمدە ئاساسەن ئىسسىقكۆلنىڭ ياقىسىغا ۋە ئىلى دەرياسى جىلغىلىرىغا ئورۇنلاشتى㉘. بۇ ئۇيغۇرلار كېيىنچە پامىرنىڭ غەربىدىكى قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇردى. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۈگۈنكى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە قالدى ۋە كېنگىت (قارا شەھەر) نىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغ جىلغىسى بىلەن بېشبالىقنىڭ ئەتراپىغا تارقىلىپ ئورۇنلاشتى. بۇلار كېيىنچە قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قۇردى.

خۇيچاڭنىڭ 2-يىلى (842)، قىرغىزلار موڭغۇل دالاسىدىن غەربكە ئىلگىرىلەپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بېشبالىق بىلەن تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. پان تېكىن كېنگىت (قارا شەھەر) گە چېكىندى. بۇ چاغدا، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆگە تېكىننى خاقانلىققا كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، پان تېكىن ئۆزىنى يابغۇ دەپ تۇرۇۋاتقاندى㉙. بۇ ئۇنىڭ ئۆگە تېكىننى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ھاكىمى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. تاكى داجۇڭنىڭ 10-يىلى (856) غا قەدەر، پان تېكىن «ئەنشى (كېنگىت) دە قامال بولۇپ تۇرۇۋەردى»㉚. جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، «كىگىز ئۆيلىرىنى يۆتكەپ، تاغ ۋە ئورمانلارنىڭ ئىچىگە مۆكۈندى... بىر قىسمى پان تېكىننىڭ دەرگاھىغا سېغىندى»㉛. موڭغۇل دالاسىدا قالغان ئۇيغۇرلارمۇ پان تېكىنگە ئۈمىد باغلىدى، ئۇلار «پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن غەرب تەرەپكە تەلپۈنۈپ، پان تېكىننىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى

بىلەن كۆتتى»㉜. مۇشۇلارغا ئاساسەن، پان تېكىن ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلدى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزى پۈتۈنلەي دېگۈدەك شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىغا يۆتكەلدى. تاڭ سۇلالىسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنىڭ غەربكە يۆتكەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىككىنچى يىلىلا پان تېكىنگە ئۇلۇغ تەڭرىدە قۇت بولمىش كۆللۈگ بىلگە (怀建可汗) خاقان دەپ ئۇتۇغات نامى بەردى㉝. پان تېكىن خاقان دەپ ئاتالغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ھەممە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇنى ئۆزلىرىگە سەركەردە بىلىپ قۇتلۇقلىدى. بۇلار ئاساسلىقى خېشى كارىدورى، پامىرنىڭ غەربى ۋە بۈگۈنكى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىدى. نەتىجىدە زېمىنى كەڭرى بولسىمۇ، قەبىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئانچە قويۇق بولمىغان پان تېكىن باشچىلىقىدىكى غەربىي ئۇيغۇر خاقانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەركىزى كېنگىت (قارا شەھەر) دە ئىدى.

شيەنتۇڭنىڭ 7-يىلى (866) غا كەلگەندە، بېشبالىقتا يېقىن ئەتراپتا بارگاھ قۇرۇپ تۇرغان ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىدىن بۆكەقۇن بېشبالىق بىلەن تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، ئارقىدىنلا كېنگىتكە قوشۇن تارتتى ۋە خاقاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. ئۇ ئۆز قارارگاھىنى بېشبالىقتا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بۇ قارارگاھنى قوجۇغا يۆتكىدى㉞. مۇشۇلارغا ئاساسەن، بەزى ئالىملار بۆكە قۇننى قوجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارىدى㉟. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئەسلىدىلا چېچىلاڭغۇ غەربىي ئۇيغۇر خاقانلىقى پارچىلىنىپ كەتتى. ئۈچ تارماقتا بۆلۈنگەن ئۇيغۇرلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەرەققىي قىلىدىغان يولغا ماڭدى.

قوجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى كەڭرى، لېكىن نوپۇسى ئاز ئىدى. ئۆزئارا پەرق ناھايىتى چوڭ بولغان بىر تالاي جەمەت ۋە

قەلئە بەگلىكلىرى بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا ئارىلاش ياشايتتى، ھالبۇكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتى ئاز ئىدى. ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكلەر، بۇ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ چېچىلاڭغۇ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بەزى بوستانلىقلار ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش خاراكتېرى تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى. مەسىلەن، كۇسەن بەگلىكى دائىم دېگۈدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە باج-خىراج تۆلەش ئۇچۇن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئادەم ئەۋەتەتتى㊱. ئېۋىرغول ئايمىقىدىكى ھۆكۈمرانلار شۇ جايدىكى چىن ئورۇقىدىن بولغان خەنزۇلاردا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن داۋاملاشماقتا ئىدى㊲.

قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشكەن، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى ئارىلىشىپ كەتكەن مەدەنىيەت ئىدى. ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىدا ئەزەلدىن بار بولغان يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىگە زور كۆلەمدە ۋارىسلىق قىلدى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆزىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە چۈشەنچىسى بويىچە ئۇنى ئۆزگەرتتى ھەمدە ئۇنىڭ رولىنى نامايان قىلدى، ئۇنىڭغا يېڭىچە دەۋر ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك بەردى. قوتچۇر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلاشمىلىقى بولۇپمۇ تىل㊳، كىيىم-كېچەك، سەنئەت ۋە مىمارچىلىق قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردە ئىپادىلەندى㊴.

X II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قۇجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ غەربىي لياۋ (قاراقىتان) لارغا بېقىندى بولۇپ قالدى. X III ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قۇجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى چىڭگىزخانغا قارام بولدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنى دائىرىسىگە كىردى.

قۇجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ

زېمىن چېگرىسى ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى، غەربتە كېنگىت (قارا شەھەر)، كۇسەن (كۇچا) ۋە ئۇرۇمچى ئەتراپلىرىغا قەدەر باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە پامىرنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى يەنە بىر ھاكىمىيەتنى يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇردى. ئۇلار ياكى پان تېكىننىڭ ئەۋلادى، ياكى بولمىسا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلە باشلىقلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا قاراخانىيلار سۇلالىسى شيەنتۇڭنىڭ 7-يىلى (866) دىن كېيىنكى قانداق چاغدا قۇرۇلغان بولغىيدى؟ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان تارىخ ماتېرىياللىرىدا «بىلگە كۆل قادىرخان» دېگەن بىر كىشى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ خاتىرىلەندى㊵. ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئىككى ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. چوڭ ئوغلى بالاساغۇندا، كىچىك ئوغلى تالاستا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. بۇ IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئىدى. مىلادى 893-يىلغا كەلگەندە، تالاس سامانىيلار خاندانلىقى تەرىپىدىن (999 — 874) تارمار قىلىندى. كىچىك ئوغلى پايتەختىنى قەشقەرگە كۆچۈردى. دېمەك، مۇشۇ پاكىتنىڭ ئۆزىلا يۇقىرىدىكى سۇلالىنىڭ قوجۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىغا نىسبەتەن مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. مۇشۇلارغا ئاساسەن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنى شيەنتۇڭنىڭ 7-يىلى (866) دىن IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان يىللار دەپ بېكىتىش نىسبەتەن ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى گەرچە ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن خاندانلىقتىكى نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تەدرىجىي يوسۇندا باشقا قەبىلە ۋە مىللەتلەر بىلەن بىرىكىپ

كەتكەچكە، ئۇيغۇر ئېلى ئىنتايىن سۇسلىشىپ كەتكەنىدى. X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كېلىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، سۇلالە ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنى يەنىلا ئۇيغۇر دەۋىرىشتىن قالدى، ئەكسىچە ئۇلار ئۆزىنى تۇرا (ياكى تۈرك) دەيدىغان بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ھەمدە شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان ئۆز مىللەت ئادەملىرىنى يەنىلا ئۇيغۇر دەپ ئاتىدى، شۇنداقلا ئۇلارغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىدە بولدى. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەرقتىن كەلگەن تارىخىنى ئەستىن چىقارمىدى، شۇڭا ئۆزلىرىنى جۇڭگوغا قارايدىغان سۇلالە دەپ بىلدى㊶.

## 5. يەرلىك ئاھالە بىلەن بىرىكىش

XII ئەسىردىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار قۇرۇپ چىققان ئىككى ھاكىمىيەت گەرچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى تارىم ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىۋەردى ھەمدە يەرلىك ئاھالە بىلەن بىرىكىپ بىر گەۋدىگە ئايلاندى.

ئۇيغۇرلار زور كۆلەمدە تارىم ئويمانلىقىغا كېلىشتىن بۇرۇن، گەرچە شۇ جايدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ياۋروپا ئىرقىدىكى غۇزلار ۋە موڭغۇل ئىرقىدىكى چياڭ، خەن ئادەملىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولاتتى. تۇرپان بىلەن ئۇدۇن (خوتەن) دىن باشقا كۆپ ساندىكى رايوندا ياشاۋاتقانلار ياۋروپا ئىرقىدىكى غۇزلارنى ئاساس قىلاتتى㊷. بۇ ئاھالە قوللىنىدىغان ھەر خىل تىللارمۇ كۆپىنچە ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار ئىدى㊸. ئۇلار دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىككە تايىنىپ تۇرمۇش

كەچۈرەتتى، شۇنداقلا ئۇلار سودىغا ماھىر ئىدى. مۇشۇ يەردىكى مۇھىتنى بىۋاسىتە بېشىدىن كەچۈرگەن شەرقىي جىن سۇلالىسىدىكى ( 法显 ) دارماپاترا بىلەن تاڭ سۇلالىسىدىكى راھىب شۈەنجاڭ يەرلىك ئاھالىنىڭ تاشقى قىياپىتى، تىلى، يېزىقى ۋە ئىقتىسادى توغرىسىدا ناھايىتى تەپسىلىي ماتېرىياللارنى بەرگەنىدى⑪. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا تارىخىي ماتېرىياللارمۇ ئىنتايىن مول. يىغىپ ئېيتقاندا، يەرلىك ئاھالە بىلەن يايلاقتىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ ئىدى.

IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئايرىم ھالدا تۇرپان بىلەن قەشقەر ۋە پامىرنىڭ غەربىدە دۆلەت قۇرۇپ، شەرق تەرەپ بىلەن غەرب تەرەپتىن تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. مىلادى 1006-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، ئويمانلىقنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھلىق دۆلىتى — ئۇدۇن يىمىرىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تارىم ئويمانلىقىدا ئۇيغۇرلار قۇرۇپ چىققان ئىككىلا پادىشاھلىق قالدى ھەمدە ئۇلار شەرق بىلەن غەربتىن بىر-بىرىگە ھەيۋە قىلدى. يەرلىك ئاھالە بېرىپ-بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزىقىدىن ۋاز كەچتى ۋە تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان، ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدىغان بولدى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ مۇئەييەنلەشكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئىلىم ساھەسىدىكىلەر كۆپ ھاللاردا بۇنى تارىم ئويمانلىقىدىكى «تۈركلىشىش» دەپ تىلغا ئالدى. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى تۈركلىشىش ئاساسلىقى تىل جەھەتتىكى تۈركلىشىشتىنلا ئىبارەت، خالاس. تارىم ئويمانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا يۇقىرى ئىدى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا ئەسلىدىكى

كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيەتتىن ۋاز كېچىپ، شۇ يەردىكى تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى.

لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن ئويمانلىقتا، بىرلىككە كەلگەن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. بىرىنچىدىن، يەرلىك ئاھالە بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىكىشى يەنى يەرلىك ئاھالىنىڭ تىل جەھەتتىكى تۈركىلىشىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىنىڭ تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئۆگىنىۋېلىش جەريانى تاماملانمىغانىدى. ئىككىنچىدىن، قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇرلار دىنىي جەھەتتىكى ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن بىر-بىرىنى يامان كۆرۈپ، بىرلا ئۇيغۇر مىللىتى بولۇش ئېڭىنى تەدرىجىي ھالدا يوقىتىپ قويماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار چوقۇنىدىغان دىنلارمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىشىپ كىرمەكتە ئىدى. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ ئىسلام دىنىدا بەكرەك روشەن ئىپادىلىنىۋاتاتتى. قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ بىلدى، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدىكى يەرلىك ئاھالە بولسا بۇددا دىنى بىلەن مانى دىنىغا چوقۇناتتى. دىندىكى ئوخشىماسلىق تۈپەيلى، مەدەنىيەت بىلەن پسىخىكىدىمۇ ئوخشىماسلىقلارنى بارلىققا كەلتۈردى. سىياسىي جەھەتتە ئىككى تەرەپ ئوت بىلەن سۇدەك پۈتۈنلەي چىقىشالمايدىغان ھالەتتە ئىدى. شەرق بىلەن غەربتىكى بۇ ئىككى تۈركۈم ئاھالىدە بىر مىللەتكە تەئەللۇق پسىخىك ئاڭ بولمىدى. ئادەملەر پەقەت ئۆزى تۇرغان زېمىن بىلەن ئۆزى چوقۇنىدىغان دىنغا سادىق بولسا بولدىكى، مىللەتكە سادىق بولالمىدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، موڭغۇل چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادلىرى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا تەپرىقىچىلىك

يۇرگۇزدى، تارىم ئويمانلىقىمۇ بۆلۈنۈش ۋە مالىمانچىلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە ئىسلام دىنى ئۈزلۈكسىز يوسۇندا شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىدى. XV ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇددا دىنى تۇرپاندىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. مىلادىنىڭ 1514-يىلى، چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان سەئىدخان تارىم ئويمانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەركەن خاندانلىقىنى (1514—1678) قۇردى. خاندانلىقنىڭ زېمىنى تاكى شەرقتە قۇمۇلغىچە كېڭەيدى. 500 يىلدىن كۆپرەك ئۈزۈنغا سوزۇلغان دىنىي كۈرەش شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈگىدى. پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدى. بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت ۋە دىن، بۇرۇنقى دىنىي ۋە زېمىن كۆز قارىشىنى ئويمانلىقتىكى بارلىق ئاھالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەت ئېڭىغا ئۆزگەرتتى. ئۇيغۇرلار بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە قانداشلىق جەھەتتىكى بىرىكىشى تاماملاندى، شۇنىڭ بىلەن، ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللەندى.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى، گەرچە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە باشقا تەرەپلەردىكى ناھايىتى كۆپ ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، ھەرگىز بۇرۇنقىدەك ئات ئۈستىدىكى مىللەت ئەمەس، شۇنداقلا تىپىك موڭغۇل ئىرقىغا تەئەللۇق چىراي ئالامەتلىرى بار مىللەتمۇ ئەمەس㊺. گەرچە ئۇ قەدىمكى تارىختا ئىگە، ھېلىھەم قەدىمكى مىللەت نامىنى قوللىنىۋاتقان بولسىمۇ㊻، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ يېپيېڭى بىر مىللەت بولۇپ قالدى.

---

ئىزاھات:

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 226- جىلد.

② بۇكۇ ئۇرۇقىدىن بولغان يۇ قىز تاڭ پادىشاھىنىڭ ئاسرىۋالغان قىزى ئىدى. شۇ جەمەتتىكى بارغۇت خويۇن تاڭ ھۆكۈمىتىدە ئەمىر ئورۇنباسارى بولغانىدى.

③ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

④ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 98-جىلد. لى دېيۇي «لى ۋېيداۋ ئەسەرلىرى» 2-جىلد.

⑤ لاۋشەن ئاڭنۇر تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبى بىلەن خانگاي تاغلىرىنىڭ تۇتۇشىدىغان يېرىدىكى بىر چوققىنىڭ نامى. بۈگۈنكى قوسۇنۇرنىڭ غەربىي جەنۇبى، سېلىنگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا توغرا كېلىدۇ.

⑥ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 2، 3، 14، 15، 17-جىلد.

⑦ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 46-جىلد. «ئەمەلدارلار تەرجىمىھالى. شىمالدىكى يېقىندى ئەل ئەمەلدارلىرى».

⑧ بۇلارنىڭ ئىچىدە بەش نەپەر ۋەزىر، 11 نەپەر تېكىن، سەككىز نەپەر سانغۇن ۋە ئۇلاردىن باشقا خاقانىنىڭ سىڭلىسى، مەلىكىسى، باش تۇتۇق، چور، دېۋان بېگى قاتارلىقلار بار ئىدى.

⑨ ئۇنىڭ سىنىڭ قولىدىكىلەردىن تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان «ئاتلىق ئەسكەرلەر 2500 ئادەم» بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 10 مىڭدىن ئاشاتتى؛ نايانچور باشلاپ ماڭغانلار «7000 تۇتۇن» بولۇپ، ھەر ئۆيىنى بەش نوپۇستىن ھېسابلىغاندا ئۇلارمۇ 30 مىڭدىن كۆپ ئىدى؛ يۇقىرىدىكىلەر ھەممىسى بولۇپ 50 مىڭغا يېتەتتى. 843-يىلى تاڭ قوشۇنلىرى ئۆگە تېكىننىڭ قولىدىكىلەردىن «10 مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى. 5000 ئادەمنى تىرىك تۇتۇۋالدى»، تارمار بولغان قوشۇندىن «30 مىڭدىن كۆپ ئادەم ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ» يۇجۇ ئايمىقىغا ئورۇنلاشتى. كېيىنچە ئىنال خاقان تارقىلىپ كەتكەن «5مىڭچە ئادەمنى» يىغدى بۇلارنىڭ ئومۇمىي سانىمۇ 50 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى.

⑩ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 247-جىلد.

⑪ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىللىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 250-جىلد.

⑫ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىللىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر 253-جىلد. 254-جىلد.

⑬ «كونا بەش دەۋر تارىخى. لى سۇنشىننىڭ تەرجىمىھالى»، «كونا بەش دەۋر تارىخى. خېجەتتىنىڭ تەرجىمىھالى».

⑭ «كونا بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑮ «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑯ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑰ ياڭ شىڭمىن: «شاجۇ ھاكىمىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى»، «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985-يىل 3-سان.

⑱ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑲ «تاڭغۇتلار ھەققىدە خاتىرە» 3-جىلد.

⑳ «تاڭغۇتنامە» 11-جىلد.

㉑ «جىن دۆلىتى تارىخى. تەيزۇڭنىڭ تەرجىمىھالى».

㉒ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئودۇن تەزكىرىسى».

㉓ (ياپونىيە) ساگۇچى تورو: «سېرىق ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرۈش»، «دوكتور ياماموتو ياپونىيە تارىخىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يازغان ماقالىلەر مەجمۇئەسى». توكيو. 1972-يىل نەشرى.

㉔ ۋاڭ جىلەي تەرجىمە قىلغان «ھودودۇلئالەم» 12-باب.

㉕ ئەنىۋ جەنفۇ: «غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 4-باب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى. 174-بەت.

㉖ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉗ ۋاڭ جىلەي تەرجىمە قىلغان «ھودودۇلئالەم» 15.5-باب.

㉘ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉙ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 249-جىلد.

㉚ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 249-جىلد.

㉛ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉜ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

㉝ «بۈيۈك تاڭ يارلىقلىرى» 219-جىلد. «داجۇڭنىڭ 11-يىلى ئۇيغۇر خاقانىغا ئوتتۇغات نامى بېرىلدى» گە قارالسۇن.

㉞ سىنشەن شاۋفۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى»، «مىللەت تەرجىمە مەجمۇئەسى» 1980-يىل 1-سانىغا قارالسۇن.

㉟ «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى». ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىنىڭ 173-بېتىگە قارالسۇن.

㊱ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كۇسەن تەزكىرىسى».

㊲ «سۇلاڭ سۇلالىسى تارىخى، قۇجۇ تەزكىرىسى» .

㊳ خۇجىنخۇا: خۇاڭ دۇنخۇا «قۇجۇ سارىيىدىكى ئارىلاش خەتلەر» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل نەشرى. 9-10-بەتلەر.

㊴ زۇرۇشەن تەرجىمە قىلغان «قۇجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىسى 1989-يىل تۈزگەن ماتېرىيالغا قارالسۇن.

㊵ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-نەشرى. 73-بەت.

㊶ جاڭ گۇاڭدا: «مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تۈركى تىللار دىۋانى ۋە مۇشۇ كىتابتىكى يۇملاق خەرىتە ھەققىدە» ، «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978-يىل 12-سانى.

㊷ خەن كاڭشىڭ: «شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىنىڭ ئىرقىي-ئانترو پولوگىيىسى ئۈستىدە دەسلەپكى تەتقىقات» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر» 1985-يىل 6-سان.

㊸ گېڭ شىمىن: «شىنجاڭدىكى قەدىمكى تىللارنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىقات» ، «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈنى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1978-يىل 2-سان.

㊹ دارماپاتدا: «بۇددىزىم ئەللىرىگە ساياھەت» ، شۈەنجۇاڭ، بيەنجى: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» .

㊺ ياڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش — قوشۇمچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرقىگە باھا» ، «گەنسۇ مىللەت تەتقىقاتى» نىڭ 1988-يىل 1-سانى.

㊻ « 回纥 » ۋە « 维吾尔 » دېگەن خەتلەر ئوخشاشلا مۇشۇ بىر مىللەتنىڭ Uyƣur (ئۇيغۇر) دېگەن نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى.

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

**شاڭ دەۋرى**
ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا «گۈيلار» دېيىلگەن بىر قەبىلە پەيدا بولدى.

**شاڭ، جۇ مەزگىلى**
«گۈيلار» دى (翟) دي (狄) دەپ ئاتالدى.

**مىلادىيىدىن XI — XI ئەسىرلەر ئىلگىرى**
بىر قىسىم قىزىل تۇرالار شىمالغا يۆتكىلىپ جەنۇبىي سىبىرىيىگە كىردى.

**مىلادىيىدىن VI — VII ئەسىرلەردىن كېيىن**
شىمالغا كۆچكەن تۇرالار تەدرىجىي يوسۇندا شەرقىي ۋە غەربىي تۇرالار دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. بىر قىسمى بايقال كۆلىنى مەركەز قىلدى؛ يەنە بىر قىسمى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى مەركەز قىلدى.

**ئۇرۇشقاق بەگلىكلەردىن ئىككى خەنگە قەدەر**
دى « 狄 »لار يېڭىباشتىن دىڭلىڭ ( 零丁 ) دەپ ئاتىلىپ، هۇنلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

**مىلادى 85-يىلدىن كېيىن (شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې 2-يىلى)**
شىمالىي هۇنلار غەربكە كۆچتى، دىڭلىڭلار زور تۈركۈمدە جەنۇبقا يۆتكىلىپ موڭغۇل دالاسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كىردى.

**II ئەسىردىن كېيىن**
دىڭلىڭلار چىلى ( 勒敕 ) ياكى قاڭقىللار ( 高车 ) دەپ ئاتالدى.

**IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن**
بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىغا كىرگەن قاڭقىللار قەبىلىسى چېچىلاڭغۇ هالەتتىكى شەرقىي قاڭقىللار گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى.

**390-يىلى (شىمالىي ۋېي دېڭگونىڭ 5-يىلى)**

«袁纥» لار «回纥» (ئېھتىمال ئۇيغۇرلار بولۇشى مۇمكىن) دېگەن نام پەيدا بولدى. ئۇ شەرقىي قاڭقىللار گۇرۇھىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

**487-يىلى (شىمالىي ۋېي تەيخېنىڭ 11-يىلى)**

شەرقىي قاڭقىللار گۇرۇھىنىڭ بىر قىسىم قەبىلىلىرى غەربكە كۆچۈپ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونلىرىغا كەلدى ۋە قاڭقىللار دۆلىتىنى قۇردى.

**541-يىلى (غەربىي ۋېي داتۇڭنىڭ 7-يىلى)**

قاڭقىللار دۆلىتى ھالاك بولدى.

**552-يىلى (غەربىي ۋېي يۈەنچىننىڭ تۇنجى يىلى)**

يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن كەلگەن بىر تۈرا قەبىلىسى، ئاشىنا ئۇرۇقىنى يېتەكچى قىلىپ ئاۋارلار دۆلىتىنى يوقاتتى ۋە تۈرك خاقانلىقىنى قۇردى.

**605-يىلى (سۇي سۇلالىسى دايېنىڭ تۇنجى يىلى)**

«韦纥» ۋېيخې دېگەن نام پەيدا بولدى. «韦纥» لار «回纥» ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ئىدى.

**627-يىلى (تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ تۇنجى يىلى)**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى پۇساد شەرقىي تۈركلەرنى يوقاتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 100 مىڭغا يەتتى.

**630-يىلى (جېنگۇەننىڭ 4-يىلى)**

شەرقىي تۈركلەر يىمىرىلدى. سىرتاردۇشلار بىلەن ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىلەردىن بولۇپ قالدى.

**630-يىلدىن 646-يىلغا قەدەر (جېنگۇەننىڭ 4-يىلىدىن 20-يىلىغىچە)**

سىرتاردۇش خاقانلىقى مەزگىلى بولدى. 646-يىلى ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ سىرتاردۇش خاقانلىقىنى يوقاتتى.

**646-يىلدىن 682-يىلغا قەدەر (جېنگۇەننىڭ 20-يىلىدىن كەيياۋنىڭ 2-يىلىغىچە)**

قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى تۈرا قەبىلىلىرى ياغلاقار ئۇرۇقىنى يېتەكچى، ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇزلارنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر ئىتتىپاقداشلىقىنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

**682-يىلدىن 745-يىلغا قەدەر (كەيياۋنىڭ 2-يىلىدىن تيەنباۋنىڭ**

4-يىلىغىچە)

قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى كېيىنكى تۈرك خاقانلىقى مەزگىلى بولدى. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە تايىنىپ، كېيىنكى تۈرك خاقانلىقى بىلەن قارشىلاشتى.

745-يىلى (تيەنباۋنىڭ 4-يىلى)

كېيىنكى تۈرك خاقانلىقى يىمىرىلدى. ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرۇلدى. ئۇيغۇر خاقانلىقى تاڭ سۇلالىسىگە بېقىندى دۆلەت بولدى.

755-يىلى (تيەنباۋنىڭ 14-يىلى)

تاڭ سۇلالىسىدە ئەنلۇك-سىگون توپىلىڭى پارتلىدى. غەربىي شىمالدىكى قوشۇنلار شەرققە يۆتكەپ كېلىندى، ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەر تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى باشلىدى.

756-يىلى (جىدېنىڭ تۇنجى يىلى)

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى جەنۇبقا چۈشۈپ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملەشتى ۋە ئەنلۇك-سىگون توپىلىڭىنى تىنچىتتى.

762-يىلى (باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى)

ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى يەنە بىر مەرتىۋە جەنۇبقا چۈشۈپ، ئەنلۇك-سىگون توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بەردى.

789-يىلدىن 791-يىلغىچە (جېنيۈەننىڭ 5-يىلىدىن 7-يىلىغا قەدەر)

ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەر بېشبالىقنى تالاشتى، ئۇيغۇرلار غەلىبە قىلدى.

IX ئەسىرنىڭ باشلىرى

بوبى خاقان (ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇچ بىلگە خاقان) (821—808) تىبەت، قارلۇق ۋە قىرغىزلارنىڭ ئىستىلاقىنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈن جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە پامىرنىڭ غەربىدىكى چۇ دەرياسى-ساھىلىنى تىزگىنلىدى.

840-يىلى (كەيچېڭنىڭ 5-يىلى)

قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقى يىمىرىلدى.

ئۇيغۇرلار بىرنەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ، تەرەپ-تەرەپكە كۆچتى.

842-يىلى (خۇيچاڭنىڭ 2-يىلى)

قىرغىزلار بېشبالىقنى ئىشغال قىلدى. پاتېكىن كېتىگىت (قارا شەھەر) گە چېكىنىپ، ئۆزىنى يابغۇ دەپ ئېلان قىلدى.

848-يىلى (داجۇڭنىڭ 2-يىلى)

جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولدى.

857-يىلى (داجۇڭنىڭ 11-يىلى)

تاڭ سۇلالىسى پايتەختىگە ئۇلۇغ تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈللۈگ بىلگە خاقان نامىنى ئۇتتۇغات قىلدى.

866-يىلى (شيەنتۇڭنىڭ 7-يىلى)

ئۇيغۇرلاردىن بۆكەقۇن بېشبالىق بىلەن قۇتچۇرنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بارا-بارا قوجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى.

893-يىلى (جىڭفۇنىڭ 2-يىلى)

سامانىيلار سۇلالىسى تالاسنى ئىشغال قىلدى. بىلگە كۆل، قادىرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق پايتەختنى قەشقەرگە يۆتكىدى.

911-يىلى (كېيىنكى لياڭ كەيپىڭنىڭ 5-يىلى)

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى شاجۇ ئايمىقىدىكى خەنزۇلار ھاكىمىيىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، خېشى كارىدورىنى پۈتۈنلەي قولغا ئالدى.

960-يىلى (كېيىنكى جۇشيەندېنىڭ 7-يىلى)

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ بەيئەت قىلدى.

1006-يىلى ياكى 1009-يىلى (سۇڭ سۇلالىسى جىڭدېنىڭ 3-يىلى ياكى داجۇڭ شياڭفۇنىڭ 2-يىلى)

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇن (خوتەن) دۆلىتىنى بويسۇندۇردى.

1028-يىلى (سۇڭ سۇلالىسى تيەنشىڭنىڭ 6-يىلى)

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى مەغلۇپ بولدى.

1040-يىلدىن 1041-يىلغا قەدەر (ئىسلام كالىندارى بويىچە 423-يىلى)

قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

1081-يىلى (سۇڭ سۇلالىسى يۈەنفېڭنىڭ 4-يىلى)

تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە «سېرىق باش ئۇيغۇرلار» دەيدىغان بىر قەبىلە پەيدا بولدى.

1124-يىلى (شۈەنخېنىڭ 6-يىلى)

غەربىي لياۋ (قىتانلار) سۇلالىسى قۇرۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قوجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى غەربىي لياۋغا بېقىندى دۆلەت بولۇپ قالدى.

**1130-يىلى (جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى جيەنيەننىڭ 4-يىلى)**
شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېقىندى دۆلەت بولۇپ قالدى.

**1141-يىلى (شاۋشىڭنىڭ 11-يىلى)**
غەربىي قاراخانىلار سۇلالىسى غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېقىندى دۆلەت بولۇپ قالدى.

**1209-يىلى (جيادىڭنىڭ 2-يىلى)**
قوجو ئۇيغۇر خاندانلىقى چىڭگىزخانغا قارام بولدى. يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى.

**1211-يىلى (جيا دىڭنىڭ 4-يىلى)**
نايمان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كۈچلۈك شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسىنى يوقاتتى.

**1212-يىلى (جيادىڭنىڭ 5-يىلى)**
خارەزىم شاھلىقى غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنى يوقاتتى.

**XII ئەسىردىن كېيىن**
«سېرىق باش ئۇيغۇرلار» «سېرىق ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

**1514-يىلى (مىڭ سۇلالىسى جېڭدېنىڭ 9-يىلى)**
چاغاتاينىڭ ئەۋلادى سەئىدخان تارىم ئويمانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇيغۇرلار بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت ۋە قانداشلىقتىكى بىرىكىشى تاماملاندى.

**XVI ئەسىرنىڭ باشلىرى**
سېرىق ئۇيغۇرلار شەرققە كۆچۈپ، خېشى كارىدورىغا باردى.

بۇ كىتاب جىلىن مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1991 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1991 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林教育出版社1991年5月第1版1991年5月第1次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىر : رەيھانگۈل قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى : ئىلياس رەھىمى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ليۇ كەنخەي

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار

تۈزگۈچى : ياڭ شېڭمىن

تەرجىمە قىلغۇچى : ئىمىن ئەخمىدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
« بوغدا » ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
شىنجاڭ قۇتۇبىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 م م 1/32 باسما تاۋىقى : 11.25
1998 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5,000 —1
ISBN7—228—03693—X/K · 433
باھاسى : 13.50 يۈەن

责任编辑:热依汗吉丽·库尔班
责任校对:伊力亚斯·热依迷
封面设计:刘坎海

回纥史 (维吾尔文)

杨圣敏 著

伊明·阿哈买提 译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行 《博格达》电子排版中心排版
新疆呼图壁八一印刷厂印刷
850×1168毫米32开本11.25印张
1998年8月第1版 1998年8月第1次印刷
印数:1——5,000

ISBN7—228—03693—X/K·433定价:13.50元

ISBN 7-228-03693-X

9 787228 036936 >

ISBN 7 - 228 - 03693 - X

K·433(民文) 定价:13.50元